ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

TANGRITAG TANGRITAG TANGRITAG

مەھمۇت قەشقەرى رومانى ھەققىدە (سۆھبەت خاتىرىسى)

سۇلايمان لايغەزەل (ھېكايە)

ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ھالقىش (ھېكايە)



4

1996

# تەڭرىتاغ

天尔塔格（天山）

# كۇچا ناھىيە قوزغۇن چارۋىچىلىق فېرمىسى

داڭلىق سەيلىگاھ — كۇچا چوڭ كۆلى مەزكۇر فېرمىغا قاراشلىق بولۇپ، مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل، سىزنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىڭىزدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئارامگاھىڭىز بولالايدۇ. گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇشىڭىز ئۈچۈن بۇ جايغا چوقۇم كېلىڭ! ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 7122246 (0997)



## كۇچا چوڭ كۆلى



فېرما باشلىقى: سىدىق نايۇپ





## قوزغۇن چارۋىچىلىق فېرمىسى كۆمۈر كېنى



كۆمۈر سۈپىتى ياخشى، مۇلازىمىتى ئەلا. كان يول ئۈستىگە
جايلاشقان بولۇپ، سىزنى ئىنتايىن قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

كان باشلىقى: پەرھات قاسىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باش مۇدىر: سالا ئابلىز

# شايار ناھىيىلىك گۈلباغ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋى



كىيىم تىكىش كارخانىسى



رېستوران

مەزكۇر كوپېراتىپ ناھىيە بازىرى ئىچىدىن ئۈچ كىلومېتىرلا يىراق بولۇپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇقنى تەمىنلەشتىن باشقا يەنە زىرائەت دوختۇرخانىسى، ماشىنىچىلىق كارخانىسى، سودا ماگىزىنى، رېستوران، باقمىچىلىق ئورنى ھەم نورغۇن قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئىقتىسادىي كۈچى يۇقىرى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ـ شەخسلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىنى، ھەمكارلىشىشنى قارشى ئالىمىز.
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 8323416، 8322489 (0997)



تەڭرىتاغ
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
1996 - يىل 4 - سان

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
ئومۇمىي 57 - سان

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

سۇلايمان لايغەزەل ...................... ئەركىن سابىر 1
كۆيۈك ئاپتاپ ...................... ياسىنجان سادىق 9
يىلتىز ...................... ئەخمەت ھامۇت 33

## شېئىرلار

شېئىرلار ......................ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 13
باشلىقىم ...................... تۇنسا ھەسەن 14
ئىككى شېئىر ...................... جاپپار ئەمەت 15
كۆيۈپ باقمىغان ...................... ھەسەن تىلۋالدى 16
ياغماقتىمەن قار - يامغۇردەك ئۆزۈمگە ...................... تەلئەت قادىرى 16
قارىما كۆزۈمگە ئەي گۈزەل دىلبەر ...................... يۈسۈپ نىياز 17

## ئەدەبىي كۆچۈرلار

زېمىن گۇۋاھ ...................... تۇنىياز ئىمىن، ھۇسەيىن ئىمىن ھاجى 39
ئانا ماكاندىكى تۇيغۇلار (ئەدەبىي خاتىرە) ...................... كېرىم قاسىم ئەۋجى 27
دەنچاڭ ۋە ئالتاي ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ...لوپەن، نيۇبوچىڭ
ئابدۇسالام ئابلىز، نىياز ئەمەت تەرجىمىسى 71

## ئىزلىنىش، سىناق، بېشارلىق

مۇھەممەتجان ئەمەت، كامىل رەھىم، ئەكبەر نىياز پەتتارى، غوجىمۇھەممەت
مۇھەممەت، مەڭلىك كېرىم (ياۋا)، نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى، يالقۇن ئەزىزى،
خالىدەم كەنجى، ئەنۋەرجان مۆمىن، ئەخمەتجان تۇرۇپ ...................... 22

## نەسرلەر


ئانىلار قەلبى ........................ تۇرسۇم مۇھەممەت 18
مەن كىم؟ ........................ ئېلى رورى نەركى 19
ئۈمىد ساھىلى ........................ زۇلپىيە ئابدۇراخمان 20
ئايال ۋە مەن ........................ نىجات يۈسۈپ 20
بەخت ........................ ئابدۇلباسىت ئابدۇراخمان 21
نەسرلەر ........................ ئەخمەت كىبىر 21


## يۈزمۇ — يۈز


«مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ھەققىدە (سۆھبەت خاتىرىسى) .................. 48


## گېزىت - ژۇرناللاردىن


ھالقىش (ھېكايە) ........................ ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن) 95
ھالقىش ئۈچۈن ھالقىش ........................ ئەكبەر داۋۇت تەنها 98


## مەشھۇر ئەدىبلەر


مەرھۇم شائىر ۋە تەرىجىچى دىلشات ........................ ماھمۇد زەيىدى 100


## مىسرالاردىن تەرمىلەر


مىسرالاردىن تەرمىلەر ........................................ 105


## ئەدەبىي ئۇچۇرلار


ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................................ 107


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: كۈچا چوڭ كۆل مەنزىرىسى. ئالىم خالدىن فوتوسى
بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز، ئەكبەر سالىھلار ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) مەتىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر تۇمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# سۇلايمان لايغەزەل

(ھېكايە)

ئەركىن سابىر

## 1

سۇلايمان خېلىغىچە مال بازىرىدا لاغايلاپ يۈردى. بۈگۈن قانداق كۈن بولغىيىتتىكىن، ئەيتاۋۇر بازاردا ئادەم مىغىلدايتتى. پەيشەنبە ياكى يەكشەنبىدۇر، لېكىن بۇلارنى ئويلايدىغانغا سۇلايماننىڭ نەدە ۋاقتى! شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ماۋۇ باغلاق-باغلاقتا تۇرۇپ كەتكەن قوي-كاللار ئۇنىڭ بولۇپ قالسا، بۇلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا خىيال ئەگىيدۇ. بىر-بىردىن سويۇپ ساتسىچۇ؟ ياق-ياق، بۇنچە كۆپ مالنى سويۇپ سېتىپ بولغۇچە ئەتىياز بولىدۇ، ئاڭغىچە بۇ جانىۋارلار جۇدەپ-ئورۇقلاپ پۇلغا يارىغۇسىز بىرنېمە بولىدۇ... ۋاي-ۋۇي، مال كۆپ بولسا باش ئاغرىقى كۆپ بولىدىغان گەپكەن...

ئۇ ئۆزىچە ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئىنچىكە، ئۇزۇن بويۇنلىرىنى سوزۇشتۇرۇپ ئۇلاغ بازىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چەتكىرەك باغلاپ قويغان قۇيرۇقلۇق بىر بوز ئېشەكنى سودىلاشتى. بوز ئېشەك ئۆزىگە خېرىدار چىققىنىغا خۇش بولغاندەك قۇيرۇقىنى توختىماي شىپپاڭشىتقىلى تۇردى.

— ئېشەككۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى سۇلايمان ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ قويۇپ، — شۇغىنىسى قۇيرۇقى كۆتمەك ئىكەن.

ئېشەكنىڭ ئىگىسى كۈلۈپ كەتتى:

— قىزىق ئادەمكەنسىز، بىلەمسىز، يۇكنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ئەمەس، بەلكى ئۆزى تارتىدۇ، سىز ئىلگىرى ئېشەك ئىشلىتىپ باققانمۇ؟

— دېمىسىڭىزمۇ بىلمەن، لېكىن... — سۇلايمان يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى ئىدى، لېكىن ياندىكى بىر ئېشەك ھاڭراپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ نېرى-بېرى تالىشىپ ئولتۇرمايلا 300 يۈەننى نەق سانىدى-دە، ئېشەككە مىندى.

— ياراتقان ئىگەم بارلىق ئاۋازنى ئېشەكلەرگىلا بەرگەن چېغى، — دېدى ئۇ بازاردىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — يائاللا بىرسى توختىسا، بىرسى ھاڭراپ قۇلاق-مېڭەمنى يەپلا كەتتا!

ئۇ ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا بەكلا ئۆچ ئىدى. سولچىللىق ئەۋج ئالغان ھېلىقى يىللاردا، ئۇ بىر كەچلىكى ئەترەتنىڭ يىغىنىغا «ئايارەي...» دەپ ناخشا تۇۋلاپ كىرگىنى ئۈچۈن، مىنبەڭلار ئۇنى ئىشخانىغا سۆرەپ كىرىپ، ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا مەھكەم باغلىغان ۋە نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن پاتېفوننى كانايىغا ئۇلاپ، ئاۋازنى بولۇشىغا كۆچەيتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىقىغا يېقىن ئەكىلىپ چاڭچىلە ناخشىسىدىن بىرنى قويۇپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئاۋازلارنى ئاڭلىسا قۇلىقى زىڭىلدايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى سېتىۋالغان ماۋۇ بوز ئېشەك بىرەر قېتىممۇ ھاڭراپ قويمىدى. بۇ ئېشەك ھاڭراشنى بىلمەمدۇيە؟!

سۇلايمان گويا سىنچىدەك يانغا سەل ئېڭىشىپ ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىغا قاراپ قويدى.

سۇلايمان 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ، ماڭلىيى تېشىغا چىقىپ تۇراتتى. چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن خۇددى قاچاقىلا ئوخشاپ قالغان بېشىغا چېكىلىكى قارچۇغىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئېگىلىپ قالغان كونا بىر شەپكىنى كىيىۋالغانىدى. ئۇ بۇ شەپكىنىڭ قاچانلاردا بېشىغا چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. بەلكىم ھېلىقى تەمبۇرچى سېتىۋالدىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ھاراق ئىچىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، مەستچىلىكتە بىرەرسىنىڭ ئۆيىدىن كىيىپ كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ ئىشلارغا خېلى كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ كۈنلەرنى

پات-پات ئەسكە ئېلىپ تۇرىدۇ. سۇلايمان ئۇ چاغلاردا هاراق ئىچىشكە باشلى ئىدى. «ناخشىغا پەيزىلىك بار جۇمۇ سىڭلىك» دەپ قويسا، قوي سويۇپ مېهمان چاقىرغىنى هېلىمۇ ئېسىدە. ھەي، ئۇ چاغلار ئاجايىپ بىر دەۋر ئىدى-دە! مانا ئەمدى ئۇنى ھېچكىممۇ ئولتۇرۇشلارغا چاقىرمايدۇ، «ناخشىغا پەيزىلىك بار...» مۇ دېمەيدۇ.

سۇلايماننىڭ شۇلارنى ئويلىسا كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇ ئەسلىدە بۇنچىلىكمۇ نامرات ئەمەس ئىدى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ قول-ئىلكىدە بەش-ئالتە قوي، يەتتە-سەككىز توخۇسى بار ئىدى. كېيىن ئۇ «ئوقەت» قىلىمەن دەپ قويلىرىنى سېتىۋەتتى، لېكىن ئۇ كىچىكرەك ئىشلارنى ياراتماي، بىراقلا باي بولىدىغان چوڭ-چوڭ ئىشلارنى ئويلاپ، پۇلنىڭ ھەممىسنى بۇزۇپ-چېچىپ كۆككە سورۇۋەتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. نۆۋەت ئۆيدىكى چار خورازغا كەلگەندە، ئايالى سائادەت:

— ئالتە بالاڭنى قانداق باقساڭ باق، مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دەپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى.

ئالتە بالىنىڭ چوڭى 14 ياشتا، كىچىكى ئۈچ ياشتا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللار بىر-بىرىدىن كەپسىز بولغاچقا، ئۆيدە بىرەر چوڭ ئادەم بولمىسا ئۆيگە ئوت قويۇپ بېرىشتىنمۇ يانمايتتى. بۇ ئەھۋالدا، سۇلايمانغا كوچىغا چىقىپ لاغايلاپ يۈرۈشكە نەدىمۇ پۇرسەت بولسۇن! شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاستا-ئاستا هاراقتىن قالدى. سائادەتنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتۇرۇپ كېلىدىغان كۈنى ئۇ:

— بولدىلا، ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەۋەرمىگىن، ئۇنچىلىك پۇل نېمىتى، بىلسەڭ «پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان ۋە يەنە: — كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەلىيىم كېلىپ ماڭا بىرەر 100 مىڭ يۈەن ئۇچراپ قالامدۇ تېخى، — دەپ قوشۇپ قويغانىدى.

سائادەت ئۇنىڭ پو ئېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما باللارنى سېغىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولۇپ قايتىپ كېلىشكە ماقۇل بولغانىدى.

سۇلايماننىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن پىلانلىرى بار ئىدى. بۇ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ھەر كۈنى 100 مىڭ يۈەن پۇل تېپىۋېلىشنى ئاللادىن تىلەيتتى. كېيىن ئۇ تېپىۋالىدىغان پۇلىنى 800 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈردى. ئەمما خىيال دېگەن خىيال-دە! ئۇنىڭغا شۇ كەمگىچە سەككىز پۇڭمۇ ئۇچرىمىدى. كېيىن ئۇ كەنتتىكىلەرگە ئوخشاش ئېشەك هارۋىسى بىلەن بولسىمۇ شەھەردىكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا شېغىل توشۇپ پۇل تېپىش نىيىتىگە كەلدى.

— بۇمۇ بىر چاپالىق ئىش، — دېدى ئۇ، — لېكىن چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغۇچە شۇ ئىشنى بولسىمۇ قىلغاچ تۇراي.

سۇلايماننىڭ بىر هارۋىسى بار ئىدى، ئەمما شۇ كەمگىچە بىرەر ئېشەك سېتىۋالالماي يۈرەتتى. بۇ قېتىم ئۇ خېلى غەيرەتكە كەلدى. ئۇيان-بۇيان قاتراپ يۈرۈپ 300 يۈەن قەرز ئالدى ۋە بازارغا كىرىپ بۈگۈن بۇ ئېشەكنى سېتىۋالدى.

بوز ئېشەك ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلگۈسى كەلمىگەندەك بىر خىل رىتىمدا سىلىق قاتراپ كەلمەكتە ئىدى.

بايىقى ئادەم «ئۆزى قاۋۇل، ئايىغى ئىلدام» دەۋاتقان، راست ئىكەن... ئېشەكتىن تەلىيىم چىققىنىغا قارىغاندا، بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئىلاھىم، شۇنداق بولسۇن! شۇ چاغدا پۇل دېگەننى سۇلايمانمۇ تاپالايدۇ، دەپ خەقنىڭ ئالدىدا كۆز-كۆز قىلالايدىغان بولسام!

سۇلايماننىڭ ئۆزىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتقۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ ناخشىنىڭ يېرىمىغا بارمايلا توختاپ قالدى.

— ماڭالمايسەنغۇ جانىۋار، — دېدى ئۇ پۇتلىرى بىلەن ئېشەكنىڭ بىقىنىغا دېۋىتىپ قويۇپ، — بايا قاتراپ كېتىۋىدىڭ، ئەمدى ئاستىلاپ قالدىڭغۇ، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، يە! ھېچقىسى يوق، ئۆيگە بېرىۋالساقلا ھەدەڭ ساڭىمۇ، ماڭىمۇ يەيدىغان نەرسە تەييارلاپ قويىدۇ.

ئۇنى تۇرۇپلا كۈلكە قىستىدى.

تۇۋا ئېشەككە «ھەدەڭ» دېگىنى نېمىسى! ھېلىمۇ ياخشى بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالدى، بولمىسا ئۆيگە بارغاندا سائادەتنىڭ ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىغىزدىن چىقىپ كەتكەن بولسا قانداق بولاتتى - ھە! ئۇ چاغدا، ئۇ «ھە! مەن ئەمدى ئىشەكنىڭ ھەدىسى بولۇپ قالدىمۇ!؟» دەپ ئۆزىنى ئىشقا كىيەر ئىدى.

سۇلايمان سائادەتنىڭ كوتۇلداشلىرىدىن بىزار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنى كوتۇلدايدى-غان قىلىپ قويغان سۇلايماننىڭ ئۆزى ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنى بوينىغا ئالاتتىمۇ! ئەتىگەن ئۇ بازارغا ماڭغان چاغدا سائادەت ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— قارىسام خۇددى دوقمۇشتىكى ئىبلاخۇنكامنىڭكى-گە موخۇركىغا ماڭغاندەكلا چىقىپ كېتىۋاتىسىز، بازارغا ماڭغان ئادەم ئىشكتىن «بىسمىللا» دەپ چىقىدىغان!، — دەپ سۆزلەپ كەتتى.

— ۋاي-ۋۇي، ۋارقىراپ-جارقىراپ كەتسەڭ بىرەر نەرسەم ئۇنتۇلۇپ قالغان چېغى دەپتىمەن، دەيدىغان گېپىڭ شۇمىدى! — دېدى سۇلايمان سەل تېرىكىپ.

— ئوبدانراق ئىشەك ئالارسىز دەيمەن، ماۋۇ قوشنىلارنىڭكىدەك سۇنى كۆرە-كۆرمەي توختىۋالىدىغان ئىشەكنى يېتىلەپ چىقماي...

— بۇ گەپلەرنى ئاخشاملا نەچچە دەپ بولغانتىڭغۇ!

— سىزنىڭچۇ، قولىقىڭىزغا قويۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ.

— راست دەيسەن! — سۇلايمان كىنايە قىلىپ شۇنداق دېدى-دە، يولغا راۋان بولدى.

ئىشەك دېگەننىڭ ھەممىسىنىڭ خۇيى ئوخشاش، خوتۇن خەق نېمىنى بىلىدۇ. ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىشنى قىلماي ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ باققۇسى كېلىدۇ. ئەر كىشى دېگەننىڭ كاللىسىدا نەچچە مىڭ پىلانلىرى بولىدۇ، ئەمما ھەممىنى مۇشۇ خوتۇن خەق بۇزىدۇ. يائاللا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن! ھېلىقى داۋۇت: «شەھەردىكى كادىرلار خوتۇنلىرى نېمە دېسە ماقۇل دەيدىكەن» دەۋاتقان. بىزنىڭ بۇ خوتۇنلارمۇ شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىمىكىن، ئەيتاۋۇر، ھە دېسىلا ئادەمگە يانىدىغان بولۇۋالدى. شەھەرلىك خوتۇنلار كالپۇكىنى بويىسىمۇ، چېچىنى بۇدۇر قىلدۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ، ئەمما يېزا دېگەندە نەدە ئۇنداق ئىش بولىدىكەن. ئۆتكەندە ئادىل مەخسۇر قارىۋاينىڭ خوتۇنى چېچىنى بۇدىرە قىلدۇرۇپ ئېتىزغا چىقىپتىكەن، خەق «ھايت-ھۇيت!» دەپ ۋارقىراپ، كوچىغىمۇ چىقالماس قىلىۋەتتى. خوتۇنلار شۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسا بولاتتى. بىراق نەدىكىنى...

سۇلايمان شۇ خىياللار بىلەن شېغىللىقساي كەنتىگە بارىدىغان يول ئېغىزىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ يەردە ئۇنى چىرايلىقچىنە بۇرۇت قويىۋالغان بىر ياش يىگىت چاقىرىپ توختاتتى.

— سىزنى تونۇيالمىدىمغۇ ئۇكا؟ — سورىدى ئۇ ھېلىقى يىگىتنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن.

— كۆزۈڭدىن چىقىپ قاپتۇق-تە، سۇلايمناكا، — دېدى ياش يىگىت، — مەن قاھار قاسساپنىڭ ئوغلى قاسىم بولىمەن.

— ۋۇي، قاسىممۇسەن! — ۋارقىرىدى سۇلايمان، — بۇرۇتلارنى قويىۋالغىنىڭنى قارا! ئۇزۇن بوپتۇ، كۆرۈنمەيسەن، كېيىن گۇاڭجۇدى-كەن، دەپ ئاڭلىدۇق...

— پۇل تاپىمەن دەپ بارغان، لېكىن ياقا يۇرتتا پۇل تاپىمەن دەپ سارغىيىپ يۈرگەندىن كۆرە، ئۆز يۇرتۇڭدا كەتمەن چاپساڭمۇ كۆڭلۈڭ توق بولىدىكەن. مەھەللىگە كەلسەم، ھەممە ئادەم ئىشەك ھارۋىسى بىلەن قورۇلۇش ئورۇنلىرىغا شېغىل توشۇپ پۇل ئېپىۋېتىپتۇ...

— شۇڭا سەنمۇ بۇ ئىشقا كىرىشىۋالاي دەپسەن-دە؟

— ھەر ھالدا قىلىپ كۆرەي دەيمەن. بايا ئەرزان باھادا بىر ھارۋا ئۇچراپ قېلىۋىدى، ئېپ قويدۇم. ئەمدى ئۇنى قانداق ئېلىپ چىقىپ كېتەرمەن دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتى، تەلىيىمگە سەن كېلىپ قالدىڭ.

— قېنى ئۇ ھارۋاڭ؟

— بۇ يەردە ئەمەس، بازاردا قالدى.

— جابدۇقى بارمىكەن؟

— بار، شۇڭا ئىشىكىڭنى بېرىپ تۇرساڭ دېۋىدىم...

— بېرىپ تۇرساڭ دېگىنىڭ نېمىسى، يۈرە ئىككىمىز بىللە بېرىپ ماۋۇ ئىشەكنى ھارۋاڭغا قوشايلى-دە، ھارۋىدا گۈڭگۈر-مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ

چىقىپ كېتەيلى.

— شۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى، — قاسىم قولى بىلەن بېشىنىڭ ئارقىسىنى تاتىلاپ قويدى، — بىراق مېنىڭ سەل ھايال بولىدىغان يەنە بىر ئىشىم بارئىدى، شۇڭا سېنى مەھەللىگە قايتىدىغان مىنبۇسقا سېلىپ قويسام، ئىشىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئېشىكىنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ بەرسەم دېۋىدىم.

سۇلايمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قاسىمغا ئېشەكنى بەرگۈسى يوق ئىدى. لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭراق ئوقەت بىلەن گۇاڭجۇ تەرەپلەرگە ئۆتىدىغان بولۇپ قالسا، قاسىم ئۇكا يول باشلىغىنا، دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدىغان گەپ...

— جىمىپ كەتتىڭغۇ سۇلايمناكا؟ — قاسىم ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، — ئەنسىرەۋاتامسەن-يە؟!

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، بىراق بۇ جانىۋارنىڭ قورسىقى ئاچتەك قىلىدۇ. ئازراق بېدە ئېلىپ يېگۈزۈۋالارسەن.

— دېمىسەڭمۇ بىلمەن، — دېدى قاسىم سۇلايماننىڭ قولىدىن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ.

سۇلايمان قاسىم بەرگەن ئىككى يۈەن پۇلنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاكى دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىپ بولغۇچە قاراپ تۇردى. بوز ئېشەكنىڭ كۆتمەك قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ يېتىلەككە مېڭىشى ئۇنىڭ باشقىچىلا زوقىنى قوزغىغانىدى.

ئۇ كۈنى ئۇ ئۆيىگە قايتىپ چىقىپ قورسىقىنى توقلىغاندىن كېيىن يول بويىغا چىقىپ قاسىمنىڭ چىقىشىنى ساقلىدى. ئۇنىڭ ئۆيى شەھەردىن چىقىدىغان يول بويىدا ئىدى. لېكىن ئۇ كۈن ئولتۇرۇپ قاش قارايغىچە ساقلىغان بولسىمۇ، قاسىمنىڭ ئۆزى تۇرماق قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— سىزنىڭ تۇرغان تۇرقىڭىزلا ئادەم، — دەپ كوتۇلدىدى سائادەت ئۇ ئۆيىگە كىرىشىگىلا، — كاللىڭىز نەگە كەتتى؟ قاسساپنىڭ ئاشۇ كاززاپ ئوغلىغا ئېشەكنى يېتىلىتىپ قويۇپ، خۇددى مېنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدىغاندەك ئالدىراپ-تېنەپ يېنىپ چىققىنىڭىزنى قارىمامدىغان...

— بولدى قىلساڭچۇ خوتۇن، ئىشى تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ، ئەتىگىچە ئەكىلىپ بېرەر.

سۇلايمان ئەتە دېدى-يۇ، ئەمما بۇ سۆزىدىن ئۆزىمۇ سەل گۇمانلىنىپ قالدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە قاھار قاسساپنىڭ ئۆيىگە باردى، لېكىن قاسىم شەھەردىن تېخى قايتىپ چىقمىغانىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ساقلىدى، ئەمما قاسىم بوز ئېشەكنى ئېلىپ شۇ يوقىغانچە يوقىغانىدى.

2

سۇلايماننىڭ بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كۆزلىرى تېخىمۇ ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاسىمغا ئالدانغىنىنى ئويلىسىلا، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولاتتى.

—كەلمەيمۇ قالماسسەن قاسىم، ھېچ بولمىسا ئاتا-ئاناڭنى كۆرگىلىمۇ كېلەرسەن، قاراپ تۇر، شۇ چاغدا ئۇرۇپ كاللاڭنى مىجىۋەتمەيدىغان بولسام...

تىرۋا، بىر مەھەللىلىك تۇرۇپمۇ شۇنداق قىلغان بارمۇ؟ مۇشۇ كۈندە ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھېلىمۇ بىر ئېشەكنى ئالداپ قاچتى، ئەگەر بىر سومكا پۇلنى كۆتۈرۈپ گۇاڭجۇغا بارغاندا شۇنداق ئېلىپ قاچقان بولسا، ئۇ چاغدا نېمە دېگىلى بولاتتى! سۇلايماننىڭ خىيالدا ئۇنىڭ گۇاڭجۇغا بېرىشىدا گەپ يوق ئىدى. لېكىن قاچان بېرىشىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. سائادەتمۇ «گۇاڭجۇغا بارىمىش تېخى!» دەپ زادىلا ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ئىشەنمىسە ئۆزىنىڭ ئىشى، «خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» ئۇ نېمىنى بىلەتتى. سۇلايماننىڭ بوۋىسىمۇ بۇرۇنقى زامانلاردا ھارۋا بىلەن ئۈرۈمچىگە مال توشۇپ، قايتىشىدا تاغارلاپ پۇل ئېلىپ كېلەتتىكەن. شۇڭا دادىسى ئۇنى بوۋىسىنى دورىسۇن دەپ، بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قويغانىكەن. كىم بىلىدۇ، بوۋىسى ئۈرۈمچىگە ھارۋا بىلەن مال توشۇغان بولسا، سۇلايمان ئەتە-ئۆگۈن ئۈرۈمچىدىن ئېشىپ گۇاڭجۇغا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ شەھەرلەرگە پويىز بىلەن مال توشامدۇ-تېخى!

— ۋاي-ۋۇي، نەدىكى خىياللاردۇ بۇ! — سائادەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇركىدى، — سىز ئاۋۋال بوۋىڭىزنى ئەمەس،

ئابلىز كىچىكنى دوراپ بېقىڭا! ئۆزىڭىزچە ئۇنى كۆزگە ئىلمايسىز، بىر چاغدا «خەق تۆكۈۋەتكەن ئەينەك پارچىلىرىنى يىغىپ، سوقۇپ، ئۇششاقلاپ قۇرۇلۇشنىڭ سىرتىنى زىننەتلەيدىغانلارغا ساتىمەن، دەپ يۈرۈپتۇ، بىچارە» دەپ يۈرەتتىڭىز، ئەمدى سىز بىچارە بولۇپ قالدىڭىز. قاراڭ، ئۇ ئابلىز كىچىكنى، شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ ئۆيىنى يېڭىلىۋالدى. قول-ئىلكىدە بىرنەچچە قوي-كالىسى، بىر تراكتورى بار. خۇمدانىنىڭ خىشىنى توشۇپ بېرىشنى كۆتۈرە ئاپتىكەن، كۈندە گۈرۈلدىتىپ مېڭىپ پۇلنى پۇلغا سۇندۇرۇۋاتىدۇ. سىز بولسىڭىز رىزىنكىدەك سوزۇلۇپ يۈرىسىز. ئىشىڭ نېمە، ئۆيگە كىرگەن، تالاغا چىققان، جاھاندا يوق خىياللارنى قىلىسىز، ئاغزىڭىزدىن تاماكا چۈشمەيدۇ...

— يائاللا، تويغۇزۇۋەتتىڭىزغۇ! — سۇلايمان سائادەتكە گۈلۈيۈپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

— گەپ قىلمىسا ئاغزى بېسىقمايدۇ بۇ خوتۇننىڭ، بىردەم ئىغىلنى ياسىشىڭ دەۋاتقان، بىردەم تېرەكلەرنى پۇتاپ ھويلىغا ئەكىرىپ بېسىپ قويۇڭ دەۋاتقان. ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى پىلانلىرىنى بۇزۇپ، يالغۇز ئۆزۈم قايسى بىرسىگە يېتىشىپ بولاتتىم. ھېلىقى قاسىم ئالداپ كەتمىگەن بولسا، بۇ كەمگىچە شېغىل توشۇپ خېلى پۇل تاپقان بولاتتىم، خەپ سېنى كاززاپ!

سۇلايمان يول بويىدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاچچىق موخۇركىسىنى چېكىشكە باشلىدى. بىر چاغدا بىر تال سارغايغان تېرەك يوپۇرمىقى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشتى. ئۇ يوپۇرماقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ كەتتى.

ئەمدى تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلىدىغان چاغ بولۇپ قاپتۇ، دېمەك كۈز بولدى دېگەن گەپ. ئەتە تۇرۇپ لەيپىدە قار چۈشسە قانداق قىلغۇلۇق. شۇنىڭغىچە پۇل تېپىشنىڭ بىرەر ئامالىنى قىلىش كېرەك ئىدى.

سۇلايمان تۇرۇپلا بىر ئىشنى يادىغا ئېلىپ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دىققىتى ھويلىنىڭ تېمىنى ياقىلىتىپ تىكىلگەن تېرەكلەرگە ئاغدۇرۇلغانىدى.

— تووۋا مۇشۇ تېرەكلەرنى كېسىپ ساتسام پۇل ئەمەسمۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى 150 يۈەندىن، ياق 200 يۈەندىن ئالسا جەمئىي 2400 يۈەن بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن شېغىل توشۇيمەن دەپ نېمە قىلىمەن. چوڭراق ئوقەتتىن بىرىگە تۇتۇش قىلىدىغان گەپ!

«بىراق» دەپ لاسسىدە بوشاپ قالدى ئۇ، «بۇ تېرەكلەرنى سائادەتنىڭ رەھمەتلىك دادىسى تىكىپ بەرگەن، بۇلارنى كېسىپ سېتىشقا ئۇ ئۇنارمۇ!»

بۇ يىل سۇلايماننىڭ ئېتىزىدىكى بۇغدايلىرى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يامان ئەمەس ئۇخشىغانىدى. ئەگەر ۋاقتىدا يىغىۋالسا، باج-پاراقنى تاپشۇرۇپ قولىغا يەنە خېلى دارامەت تېگىشىدە گەپ يوق ئىدى. لېكىن ئورما باشلانغان تۈنجى كۈنى ئۇ ئېتىز بېشىغا بېرىپ، بۇغدايغا ئورغاق سالماي تۇرۇپلا نەدىكى يوق خىياللارنى قىلىپ كۈننى كەچ قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سائادەتنىڭ توسقىنىغا قارىماي داۋۇتنى ئىزدەپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. داۋۇت خېلى ۋاقىتتىن بۇيان شەھەردە ئوقەت قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەردە بۇغدايغا گىلەم تېگىشىدىغان يەر بارمىش. مۇشۇ كۈنلەردە گىلەم سودىسى قىلىدىغانلار باي بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئېتىزدىكى بۇغدايلار بەش-ئالتە گىلەمگە ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇ چاغدا كىم باي — سۇلايمان باي بولامدۇ!

ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن داۋۇتنى ئىزدەپ بىرنەچچە كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈپ داۋۇتنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بۇغداينى يىغىۋېلىپ ئاندىن بۇ ئىشنى بىرنېمە دېمەكچى بولدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇ شەھەردىن قايتىپ چىققان كۈنى ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، بۇغدايلىرىنى قېقىپ يەرگە چاپلىۋەتتى.

سۇلايمان قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، سائادەتنىڭ كوتۇلداشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يوتقان-كۆرپىلىرىنى كۆتەرگىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كېچىچە ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى پۇل تېپىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئۇ ئۆيدىكى مىس لامپىنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىشنى ئويلىدى. ئۇ لامپا مومىسىدىن مومىسىغا قالغان تەۋەررۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئانىسىدىن قالغانىدى. قوشنىسى ئارۇپ بىر چاغدا:

— چەت ئەللىك دېگەننى قويۇۋەر، مىس بىلەن ئالتۇننى پەرق ئېتەلمەيدىكەن. قاراپ تۇرسام كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر چەت ئەللىك بىر مىس قوشۇقنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالدى. بۇرۇنقى زاماندىن قالغان قوشۇقكەن، ئەمما نەقىشلىرىنى دېمىگەندە كىچىككىنە بىر قوشۇقتۇ! ھېلىقى چەتئەللىك ئۇنى ئالتۇن دەپ قالغان چىغى! — دېگەنىدى. ئەگەر بۇ گەپ راست بولسا، مىس لامپا ئۇنىڭدىنمۇ جىق پۇلغا يارايدۇ. بىراق ئۇنى سېتىۋەتسە مومىلىرىنىڭ روھى قورۇنىدۇ-دە!

سۇلايمان ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇشىغا سائادەت بالىلىرىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇ تېرەكلەرنى كېسىپ سېتىش ئىشىنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى ئىدى. ئۇ سائادەتنىڭ يامانلاپ ياكى ئاپىسىنى يوقلاپ ماڭغانلىقىنى بىلەلمىدى. «نېمىگە ماڭسا ماڭمامدۇ، ھەر ھالدا قولاق تىنجىيدىغان بولدى» دېدى ئۇ.

سۇلايمان ناشتا قىلغاندىن كېيىن يول بويىغا چىقىپ ھېلىقى تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، موخوركا ئوراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا يولدىن ئابلىز كىچىك تراكتورنىڭ چاتمىسىغا قوناق شېخىنى بېدە باسقاندەك بېسىپ گۈرۈلدىتىپ ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى.

— كىچىچە ئۇخلىمىغانمۇ-نېمە بۇ؟! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

ئادەم دېگەنگە ئامەت كەلسە قوشلاپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئابلىز كىچىكنىڭ قوناقلىرىنىڭ غولىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قوناقلىرىمۇ يامان ئەمەس ئوخشىغاندەك قىلىدۇ. سۇلايماننىڭ قوناقلىرى ئوخشاش ئۇياقتا تۇرسۇن، تۈزۈكرەكمۇ ئۈنمىدى. ھېلىقى ئاگرانوم قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نېمە كەتكەن يەرگە تېرىپتىمىش! قۇرۇق گەپ! گەپ يەردە ئەمەس، ئۇرۇقتا!

سۇلايمان تاماكىسنى تۇتاشتۇرۇپ شورىدى-دە، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

— ئەجەب ئۆپكەمگە كەتتا بۇ كاساپەت، — دېدى ئۇ تاماكىنى يەرگە تاشلاپ.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى شەھەر تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر ئېشەك ھارۋىسىغا چۈشۈپ قالدى.

— ھوي، قاسىم كېلىۋاتامدۇ نېمە، ئاۋۇ بوز ئېشەك مەن سېتىۋالغان ئېشەككە ئەجەب ئوخشايدىكىنا، — دېدى ئۇ ھارۋىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — دەل شۇ كۆتەك قۇيرۇق!

سۇلايمان خۇشال بولۇپ كەتتى، ئەمما ھارۋىنى قاسىم ئەمەس، چار ساقاللىق ناتونۇش بىر كىشى ھەيدەپ چىققانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى سۇلايمان ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — نەگە ماڭدىلا تاغا؟

— كۆمۈرگە ماڭدىم، سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— ھە ئە، مەن ماۋۇ ئېشەكنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن.

— بەلكىم ئىلگىرى سىز ئىشلەتكەن ئېشەك بولسا تونۇۋالغانسىز.

—ئىشلەتكەن دەمىلا، سىلىگە دەپ بەرسەم، بۇ ئېشەكنى بازاردىن 300 يۈەنگە سېتىۋېلىپ، غىڭشىپ ناخشىنىڭ پېرىمنى توگەتكۈچە مىڭگىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن بۇ جانىۋارنىڭ قانداق خۇيى بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

سۇلايمان ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇ كىشىگە ئازراق سۆزلەپ بەردى.

—سىز بۇ ئېشەكنى مېنىڭ دەيسىز، ئەمما بۇ ئېشەكنى مەن 220 يۈەنگە سېتىۋالغان.

— سېتىۋالغانلىرىنى ئۇقتۇم، بىراق بۇ ئېشەك مېنىڭ قولۇمدىن چىقىپ كەتكەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئىزدەپ كىرمىدىڭىز؟

— مانا چىقىپ قالار، ئەنە چىقىپ قالار دەپ نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا بۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ...

—نېمە، — سۇلايماننىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ «ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ» دېگەن سۆزنى «ئۆزەڭنىڭ شورى» مەنىسىدە چۈشىنەتتى. ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنى شور دەپ قارىمايتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىسىلا ئۇنىڭ قوۋىقا چاچلىرى ئۆرە بولۇپ كېتەتتى، — ئەستاغپۇرۇللا!

— دېدى سۇلايمان ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ، — ساقاللىرىنى دېمىسەم ھېلى مۇشۇ يەردە...

نېمە دەيسىزوي، مېنىڭ ساقلىمنى چىشلەپ تارتىسىزغۇ!؟ ئەتىگەندە ئىمانىمنى ئۇچۇرماي بىر ياقا ئۆتىڭە!

— نەگە ئۆتىمەن، — سۇلايمان ئېشەكنىڭ بېشىغا ئېسىلدى.

— ئېشەكنىڭ بېشىنى قويۇۋېتىڭ!

— قويۇۋەتمەيمەن!

— قويۇۋېتىڭ دەيمەن، — چار ساقاللىق كىشى سۇلايماننىڭ قولىغا يېپىشتى، — گەپ قىلمىسام باياتىن بېرى بۇ ئېشەك مېنىڭ دەيدۇ، ئەمدى كېلىپ ئېشەكنىڭ بېشىغا ئېسىلدا!

— ئېشەك مېنىڭ بولغاندىكىن ئېسىلمەن-دە!

— قويۇۋەت! — چار ساقاللىق كىشى قولىدىكى تاياق بىلەن سۇلايماننىڭ قولىغا بىرنى سالدى.

— تېخى ئۇرۇۋاتىدا ماۋۇ قېرى! — سۇلايمان چار ساقاللىق كىشىنى بىر ئىتتىرىپلا دومىلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جېدەل تېخىمۇ چوڭىيىدى.

ئەتراپقا بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئادەم ئولاشتى. بىرنەچچىسى ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى ئاجراتتى. سۇلايمان ئۆپكىدەك قىزارغان بولۇپ، چىشلىرى كىرىشلەن، چار ساقاللىق كىشىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. كۆپچىلىك ئۇلارغا چىرايلىق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى. ئۇلار ھارۋىنى سۇلايماننىڭ ھويلىسىغا ئەكىرىپ، ئېشەكنى بىر بولۇڭغا ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ دەۋاسى بىر تەرەپ بولغۇچە ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت كەتتى. مەسئۇل خادىم ئېشەكنى بوۋايغا بۇيرۇپ بەردى. سۇلايماننى بولسا، قاسىمنى تاپقاندىن كېيىن 300 يۈەن پۇلنى قاسىمدىن ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يولغا سالدى.

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ، — دەپ ئاچچىقلاندى سۇلايمان چار ساقاللىق كىشىنىڭ ئالدىدا كېلىۋېتىپ، — قاسىمنى تاپسا ئېلىپ بېرەرمىش، ئېلىپ بەرمىسە مەن ئۆزۈم ئالالمايدىغاندەك. شۇ تاپتا قاسىم پەيدا بولىدىغان بولسا مەن ئەمەس ھەتتا سائادەت چېغىدا ئۇنىڭ تاپىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالار ئۇ پۇلنى!

دۇنيادا نېمە تولا خوتۇن تولا، يامىنى كەلسە، پۇل تاپقان كۈنى باشقىنى يەڭگۈشلەيدىغان گەپ! لېكىن، ھازىرچە باياتىن بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۇخمىغىنى ياخشى. بىراق كەنتتىكىلەر ئاغزى جىم تۇرمايدىغان، كىچىككىنە بىر ئىش بولسا جاھانغا يايمىغىچە كۆڭلى ئارامىغا چۈشمەيدىغان خەق. بۇ كەمگىچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندۇ، تېخى ئۆيگىمۇ كېلىپ بولغاندۇ... ئەگەر ئېشەكنى ماۋۇ ئادەمگە يېتىلىتىپ قويغۇنىمنى كۆرسە، يەنە نەچچە كۈن كوتۇلدايدۇ. دادام رەھمەتلىك بىر چاغلاردا «خوتۇن خەق تولا كوتۇلدىسا، ئەرنىڭ ئامىتى قاچىدۇ» دېگەنىدى. كىم بىلىدۇ، مېنىڭ ئامىتىمنى مۇشۇ خوتۇن قاچۇرۇپ يۈرەمدۇ تېخى!

ئۇلار ھويلىغا كىرىپ ئېشەك باغلانغان تۈۋرۈككە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئېشەك كۆرۈنمەيتتى. بۇنىڭدىن ئىككىيلەننىڭلا يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. چار ساقاللىق كىشى «ئېشەكنى بىرى ئېلىپ قاچقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى؛ سۇلايمان بولسا تۈۋرۈك يېنىدىكى بوغداي ئورىسىدىن ئەنسىرىدى.

سۇلايماننىڭ ئەنسىرىگىنى توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇلار تۈۋرۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېشەكنىڭ ئورىغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆرەدەپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈشتى.

سۇلايماننىڭ شۇ ھامان چىرايى تاتىرىپ كەتتى. چار ساقاللىق كىشى بولسا باشتا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇيان-بۇيان تېپىرلىدى، كېيىن ئېسىنى يىغىپ:

— ۋاي خالايىق، كۆردۈڭلارمۇ ما ئىشنى! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە تۈۋلىغىلى تۇردى.

— ۋارقىرىمىسىلا تاغا، گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى، — دېدى سۇلايمان چار ساقاللىق كىشىنى پەسەيتىش ئۈچۈن. ئاڭغىچە ھويلىغا يەنە ئادەم ئولاشتى...

## 3

كۈنلەر ئۆتۈپ قىش كېلىپ ئەتراپنى ئاپئاق قار قاپلىدى. تېرەكلەرنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان قاغىلار ئەتىگەندىن-كەچكىچە توختىماي قاقىلدايتتى.

— ھەممىسى مېنىڭ تېرەكلىرىمگە قونىدا ماۋۇ تولۇق قاغىلار. خۇددى مەندە ئېلىشى باردەك، — سۇلايمان خېلى كۈنلەردىن بۇيان ئۆزىدە ئېلىشى بارلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. ھېلىقى چاغدا «يېمىگەن مانتىغا پۇل تۆلەپتۇ» دېگەندەك ھېلىقى چار ساقاللىققا 200 يۈەن تۆلىگەنىدى. ئۇ پۇلمۇ خەقتىن قەرز ئالغان پۇل بولۇپ، ئەمدى بۇ قەرزلەرنى بىر-بىرلەپ قايتۇرۇش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھازىر قەرز قايتۇرغىدەك نېمىسى بولسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۇلايمان يەردىن نېمىندۇر ئېلىپ تېرەككە قارىتىپ ئاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاتقان نەرسىسى تېرەكنىڭ قاپ بېلىگىمۇ بارماي قايتىپ چۈشتى. قاغىلار بولسا ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك توختىماي قاقىلدايتتى.

« مۇشۇ تېرەكلەرنى كېسىۋەتكەن بولساق بۇ نىجىسلار نەگە قوناتتى. لېكىن سائادەت كەسكىلى قويمىدى. ھېچ بولمىغاندا بىر-ئىككى تۈپنى بولسىمۇ كېسىپ قەرزنى تۆلەشكىمۇ ئۇنىمىدى. قەرزنىڭ ئۆزۈلۈك تۆلە، دەپ ئەتىگەندىن-كەچكىچە تالاغا قوغلايدۇ. ئۇ نېمانداق بىغەرەز بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ. ئۇنىڭ ئۆيى زادى نېمە؟ ياكى بولمىسا ئۇمۇ مېنى يەڭگۈشلەشنىڭ كويىدا يۈرەمەدۇ!؟...»

سۇلايماننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يول بويىغا چىقتى ۋە موخۇركا ئوراپ چەكمەكچى بولۇپ يانچۇقىنى ئاختۇردى. لېكىن ئۇنىڭ يانچۇقىدا موخۇركىسىمۇ قالمىغانىدى.

— يانچۇقىڭنى كولاپ قايسەنغۇ،
— ئۇنىڭ يېنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا داۋۇت پەيدا بولدى.

— موخۇركا چېكەي دېسەم قالماپتۇ...

— مەنمۇ شۇ. بۇ قېتىم ساختا مالغا ئۇچراپ قېلىپ بىراقلا زىيان تارتتىم. ئۆيگە كىرسەم خوتۇننىڭ تاپا-تەنىسى. « پۇلنى تېپىپ كەلمىسەڭ ئۆيگە كىرگۈچى بولما! » دەيدۇ. ئاچچىقىمدا تولا چېكىپ تاماكىنى تۈگىتىپتىمەن. شوڭا سېنىڭ يېنىڭغا...

— دېمەك، سەنمۇ خاپا ئىكەنسەن-دە!

— ھەي، نېمىسنى سورايسەن، دەپ باقە، ئىككى خاپىلىق بىر يەرگە كەلسە نېمە بولىدۇ؟
— دەپ سورىدى داۋۇت ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

— نېمە بولاتتى، ئەلەم بولىدۇ.

ئىككىسى كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشتى.

— سەنغۇ خېلىدىن بېرى ئوقەت قىلىپ يۈرۈپ خېلى پۇل تاپىڭ. ئۆيۈڭدە تىقىشتۇرۇپ قويغان پۇللىرىڭ باردۇ؟

— شۇ تاپتا پۇلنىڭ گېپىنى قىلما. نەچچە ۋاقتتىن ئۆيگە مۇنەك-مۇنەك پۇللارنى ئەكىرىپ بېرىپ خوتۇننى يامان ئۆگىتىپ قويغان ئىكەنمەن. ئەمدى ئۇنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمەن. پۇل تېپىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىشنىڭ ئورنى يوق...

— ھەم پۇل تاپقىلى، ھەم خوتۇننىڭ كوتۇلداشلىرىدىن قۇلاق تىنجىغىلى بولسىلا، كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلسامۇ مەيلىدى...

— ئەخمەق، تىلەمچىلىكتىن قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولاتتى؟!

— سەن ئاڭلىغانمۇ؟ مەن قايسىبىر چاغدا كوچىدا تۇنىگەن بىر تىلەمچى سەھەردە كوچىدىن بىر مۇنەك پۇل تېپىۋاپتۇ، دەپ ئاڭلىغۇدىم. ئامەت دېگەنغۇ بايۇەتچىكەن، تىلەمچىكەن دەپ ئايرىمايدۇ. قونغۇسى كەلسە ھەركىمنىڭ بېشىغا قونۇۋېرىدۇ. كىم بىلىدۇ دەيسەن، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ ئامەت مېنىڭ بېشىمغىمۇ قونۇپ قالامدۇ-تېخى!

— ئەگەر سەن راستىنلا شۇنچىلىك كۆپ پۇل تېپىۋالساڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟— سورىدى داۋۇت قىزىقسىنىپ.

— ئامېرىكىغا بارىمەن.

— ساراڭ، سودا قىلماي ئامېرىكىدا نېمە ئىش قىلىسەن!؟

— ئامېرىكىدا رەڭلىك تېلېۋىزورنى ئەرزان دەيدۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور ئېلىپ كېلىمەن. سەن شەھەردە يۈرگىنىڭ بىلەن سەنمۇ كۆرۈپ باقمىغانسەن، بەلكىم. ئاڭلىسام ئۇنىڭدا قىزلار يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپ چىقىدىكەن...

— ۋاي-ۋۇي قاپاق نوچى، بېشىڭدا تۈزۈكرەك قۇلاقچاڭنىڭ تايىنى يوق، يالىڭاچ قىزلارنىڭ گېپىنى قىلىسنا!

— كۈلسەڭغۇ داۋۇت، مەن بوش سۇلايمان ئەمەس جۇمۇ، شۇ چاغدا سۇلايمان راست ئېيتىپتىكەن دەپ قالىسەن!

سۇلايمان كاللىسىغا ئوراپ كەتكەن دۇنيادا يوق خىياللىرىنى داۋۇتقا سۆزلەشكە باشلىدى...

# كۆيۈك ئاپتاپ

(ھېكايە)

**ياسىنجان سادىق**

قۇياش كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرىنى زېمىنغا ئالا قويماي چېچىۋاتاتتى. ناھىيە مەركىزىدىكى بۇ ئۇلاغ بازىرى كۆيۈك ئاپتاپتا خۇددى قايناۋاتقان غايەت يوغان قازانغا ئوخشاپ قالغانىدى. بازاردىكى ئالارمەنلەرمۇ، ساتارمەنلەرمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ سېتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ھايۋانلارغا ئوخشاش روھسىز ئىدى. ئايتۇراخان ئەتىگەندىن بېرى قېرى بۇقىنىڭ باھاسىنى زىيادە يۇقىرى قويۇپ، كەلگەن خېرىدارلارنى قاچۇرۇپ تۇرغان ئېرىگە بىزارلىق بىلەن قاراپ قويىدى-دە، ئۇسساپ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىدى. «خېرىدارنىڭ كۆزىگە بىر سىقىم توپا بىلەن ئۇرۇپ قارا باستۇرمەن دەيدۇ بۇ پىخسىق». ئۇ، ئاغزىدىن شالىنى ئېقىتىپ مۈگدەپ تۇرغان قېرى بۇقىغا ئۆچلۈك بىلەن قارىدى. بۇقا ھەم قېرى، ھەم ئورۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۈكلىرى تەتۈر يېتىپ تۇراتتى. دۈمبىسىدىكى يېغىرنىڭ ئەتراپىدا ئونلاپ چىۋىن گىژىلدايتتى. ئايتۇراخانغا بۇقىنىڭ تىكەنلىك ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىنى نۆۋەت بىلەن يالىشى قىزىق تۇيۇلدىمۇ، ئەيناۋۇر بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نەزەرىنى بۇقىنىڭ باشبېغىنى مەھكەم تۇتۇپ، خېرىدارلارغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئېرىگە ئاغدۇردى. ئاپتاپتا كۆيۈپ قازاننىڭ تۈۋىدەك قارىداپ كەتكەن چىراي، چاپاق باسقان ھېسسىياتسىز كۆز، يېقىندىن بېرى ساتىراش كۆرمەي چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقال-بۇرۇت. ھەرىنىڭ تىغىدەك مەزمۇت، ئەمما تولا چېكىلگەن ناسۋالدىن سارغىيىپ، قارىداپ كەتكەن مەينەت چىش. بىر تال مەدەكنى پاتۇرۇپ قويغاندەك كومشا بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن شاخچىلاپ چىقىپ، بۇرۇت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن تۈكچىلەر، مايلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان شاپاق دوپپا... ئايتۇراخان گويا ئېرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سەسكىنىدى-دە، كۆزىنى دەررۇ ئېرىنىڭ چىرايىدىن يۆتكىدى. كىشىلەر: «قاراڭلار، قۇيغان ئۆپكىدەك ئاپئاق، چىرايلىق چوكانىنىڭ ئېرى، ئوتياشلىققا تىكلەپ قويغان قارانچۇقتەك مۇنۇ مەخلۇقكەن» دەپ زاڭلىق قىلىدىغاندەك ئېرىدىن ئىككى قەدەم يىراقلاشتى. چوغقا دەسسەپ تۇرغاندەك بىئارام بولدى. يېنىدىكى بالىنىڭ چىرقىراپ يىغلىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. بالا نېمىگىدۇر قارغىشلىق قىلىپ يىغلايتتى. ئانىسى — كۆسەيدەك قاپقارا، قورايدەك ئورۇق چوكان بالىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، يېنىدىكى ئەرگە ۋارقىراۋاتاتتى:

— ئاتايىن شەھەرگە ئەكىرىپ، بەرگەن ئەللىك يۈەن پۇلۇڭلىغا نېمە كېلەتتى. ھاڭرىما شۇم، ھېلى زوۋۋانىڭغا...

ئايتۇراخانىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى، چوكانىنىڭ ھېچقانداق جەلپكارلىقى يوق، رەندە سىيلىۋەتكەندەك تۈپتۈز مەيدىسىنى ۋە قامىتىگە پەقەتلا ياراشمىغان قىممەت باھالىق كۆڭلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىر جۈپ چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسىگە ۋە تولا يۇيۇپ پېتىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئەتلەس كۆڭلىكىگە سېلىشتۇرۇپ ئۆلگۈردى. «ھەرقانچە ئېسىل رەختتىن كۆڭلىكى بولغان بىلەن ياراشمىسا بىكار». ئۇ، ئىچى تارلىق قىلغاندەك غۇدۇرىدى-دە، نەزەرىنى چوكانىنىڭ يېنىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەرگە يۆتكىدى.

پاكىز چۈشۈرۈلگەن باشقا قىرلاپ كىيىلگەن بادام دوپپا، قوشۇما قاش، ئىلمەك بۇرۇن، چىرايلىق ياستىلغان قاپقارا بۇرۇت، كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن نوچىلىق بىلەن چىگىلگەن يىشىل تاۋار بەلباغ. ئۇ قولىدىكى بىر تۇتام پۇلنى يېنىدىكى ئايالغا تەڭلەۋاتاتتى. ئايتۇراخاننىڭ كۆزى ئەرنىڭ كۆڭلىكىدىن ئېچىلىپ قالغان مەيدىسىدىكى قاپقارا تۈكلەرگە چۈشۈشى بىلەن، ۋۇجۇدى ئاجايىپ بىر خىل سىرلىق ئىلكىدە جۇغۇلدىدى. يۈرىكىنى ئاچچىق بىر تۇيغۇ ئېچىشتۇردى. ئېرى بىر خېرىدار بىلەن بۇقىنى سودىلىشىۋاتاتتى. « قېرى ئەبگا، خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھىم بار بولغىيدى، قېرى بولسىمۇ قول ئىلكىدە بار، پۇلنىڭ راھىتىنى كۆرىسەن. ئۆلۈپ قالسا ئاشۇ يىمەي-كىيمەي جۇغلىغان مال-دۇنيالىرى ساڭا قالىدۇ دېيىشىدۇ-تېخى! كىم بىلىدۇ، ئۇ ئاۋۋال ئۆلەمدۇ، مەنمۇ؟ رەھمەتلىك ئاتا-ئانام بولغان بولسىمىغۇ... ئىستت شور پېشانەم. خەقنىڭ قىزلىرىمۇ نىكاھلانماستا ئويۇننى دۆك ئويناپ يۈرۈپمۇ كۆڭلىدىكىدەك ئەرگە نېسىپ بولۇشتى. بىر قېتىم ئات كۆتۈرۈپ قالغان گۇناھىم ئۈچۈن... خەق ئاپتاپ چېقىۋەتكەن ناشپىكەدەك خوتۇنلىرىنىمۇ خېلى ئۆنى-بۇنى ئېلىپ بېرىدىكەن. ئېرىڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار ئەرگە تېگىۋېلىپ، كىيمەن دېگەننى كىيىپ، خەجلەيمەن دېگەننى خەجلەپ يۈرىدىكەن...»

ئايتۇراخان خىيال قىلغاچ بايىقى ئەر-خوتۇنلارغا قارىدى. ئەر ھېلىقى قارغىش بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، قېشىدىكى كۆسەيدەك قاپقارا چوكان بىلەن بىرگە يانغا مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى. « خۇدا، چىراي، ئىسكەتتىن تەلىيىنى بەرمىگەن بىلەن، ئەردىن بەختىنى بېرىپتىكەن قارا پاقىنىڭ...» . ئايتۇراخان، قارا دېگەندەك بولۇپ ئالدىغا قارىدى-دە، ئۆزىگە يەۋەتكۈدەك چەكچىيىپ تۇرغان 30 ياشلاردىكى يىگىتنىڭ خۇمارلىق چېقىر كۆزلىرى بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. بېشىغا قارا كەپكە كىيگەن، چاچ-ساقاللىرىنى ھېلىلا ياسىتىپ چىققان بۇ يىگىت زامانغا لايىق يارىشىملىق كىيىنىۋالغانىدى. ئۇ چېقىر كۆزنىڭ بېزىرىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاستا يەرگە قارىۋالدى. « ئەجەبمۇ كۆزى يامان قارا پاتاڭكىنا. كۆپكۆندۈزدە ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ...» .

— ساتقىلى مال ئەكىرگەنمىتىلە خېنىم، — دېدى يىگىت كۆزىنى قىسىپ. ئايتۇراخاننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. يۈزى ياللىدە ئوت ئالدى. سەت بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك دەرھال ئېرى تەرەپكە قارىدى. « بېشىنى يەيدىغان، تۇۋا. ئېرىم قاراپ تۇرسا چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى» .

— ھوي، نېمگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلە، كېلىپ ما پۇلنى ساناڭلا.

ئايتۇراخان ئېرىنىڭ كۇندەشلىك ۋە غەزەپ ئارىلاش چەكچەيگەن كۆزىگە قورقۇمسىراپ قارىدى-دە، ئىككى چامداپلا قېشىغا كەلدى. كالىنىڭ سودىسى پۈتكەنىدى. ئايتۇراخان « بىسمىللا » دەپ پۇلنى ساندى.

— 650 يۈەن ئىكەن.

— ھە، سىقمداپ تۇرماي، دەرھال ئىچكىرىرەك سالىلى.

« تولۇق قېرى، ئادەم بار-يوق دېمەي دۆشكەلەيدۇ-تېخى! » ئايتۇراخان غەزىپىنى زورىغا بېسىۋالدى. كۆز ئالدىدا بايىقى « قارا پاقا » نىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكتەك قايتىدىن پەيدا بولدى. قېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىگەن ياخشى. ئاشۇ بىر كۆڭلەككىلىك ئۈچۈن، ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئاز جېدەل قىلدىمۇ. تېخى ئەتىگەنمۇ بۇقىنى بازارغا ئېلىپ مېڭىشنىڭ ئالدىدا خېلى كۆپ تىل-دەشنامالاردىن كېيىن، ئېرىنىڭ ئاغزىدىن « قېنى بازارغا بارايلى، بۇقىنى ساتقاندىن كېيىن بىر گەپ بولار » نى ئاران ئاڭلىيالىغان. مانا ئەمدى ئۇسۇرۇۋقا ئارپا نېنى باھانە دەپ، قېرى گېپىدىن يېنىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق. ئاشۇ بىر كۆڭلەككىلىك ئۈچۈن بۇنىڭدىن ەبىسقراق تىل-دەشنام بولسىمۇ

چىداش كېرەك.

— بۇرۇنقىلا، قورساقتا ئازراق بىرنېمە يەۋالايلى.

ئېرىننىڭ بۇ گېپى بىلەن ئايتۇراخاننىڭ ۋۇجۇدىدا باياتىن بىردەم نېرى كەتكەن ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇق ئازابى دەرھال غەلىيان كۆتەردى. بىر كۆكلە كىلىك رەختىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە پەيدا بولغان ئاغزىدىكى شۆلگە يىلەر دەرھال يوقىلىپ، خۇددى چوغ سېلىۋالغاندەك تاماقلىرى قۇرۇشقا باشلىدى-دە، ئېرىننىڭ كەينىدىن ئۈن-تىنسىزلا ئەگەشتى.

— بازار كۆنلىكىدە ئاشخانا بەك بېسىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە تامقمۇ ناچارلىشىپ كېتىدىكەن، شوڭا نان بىلەن لەڭپۇڭ ئىچەيلى.

مەيلىلا، قورساق تويسىلا بولدى. بىر يەنلىك ئۇزۇك لەگمەننى دەپ، بىر كۆكلە كىلىكتىن قۇرۇق قالمىغان ياخشى، چىداش كېرەك.

ئايتۇراخان لازا-ئاچچىقسۇيىنى مولراق سالدۇرۇپ ئەتتۇرگەن بىر پىيالە لەڭپۇڭ بىلەن بىر گىردىنى پاكىز يەۋەتتى-دە، ئارقىسىدىن بىر پىيالە سوغۇق سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

-- قورساق تويدىمۇ-يا؟

—تويدى.

—ئۇنداق بولسا ھېلىقى پۇلدىن يۈز يۈەن ئېلىپ بېرىپ، سىلى ئېشەك ھارۋىسىنىڭ قېشىغا بارغاچ تۇرۇڭلا، مەن باشقىدىن بازارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي، يەنە تۆشۈكلۈك سودىسى قىلدىم دەپ، پۇلنى بۇزۇپ ئولتۇرماي جىم تۇرغاچ تۇرۇڭلا، تۈز-سەرەڭگىنى مەن كەلگەندىن كېيىن ئالىمىز. پۇلغا ئوبدانراق ھېزى بولاسىلە.

-- كۆكلە كىلىكنى...

— ھە، قېنى ھېلى بىر گەپ بولار...

«پىخسىق تۆلكە، بىللە ئاپارسام قىممەت رەختنى تۇتىدۇ، دەپ تاپقان ھېيلىسىنى كىم بىلمەيدۇ. خۇدايىم يا رىسقىمنى كۆتەرمىدى. ئاجرىشىپ كەتسەم، ئىگە بولغۇدەك ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، يوغانچىلىق قىلىدۇ ئەبگا. خەقنىڭ ئۆيىدە بىر يىلىنچىياقى يۈندىسىنى تۆكسەممۇ بىرەر كۆكلە كىلىك كەلگۈدەك پۇل بېرەتتى، ئەلۋەتتە. يا ئۇچام كىيىمنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىسە، يا بىر... بىر كۆكلە كىلىككە پىخسىقلىق قىلىپ باقسۇنچۇ قېنى، سۆزۈمنى ئېلىپ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەمەن. ھەممە ئادەم ھاپىز سەيپىڭ بىلەن ساۋۇت كاپكىدەك، ۋاي، خوتۇنۇمنىڭ سۆزىنى بېرىۋېتىپ سىزنى ئالىمەن، دەپ قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولۇپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالماس. بايىقى چېقىر كۆزنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، چىرايىمدىن ئانچە كەتمىگەن ئوخشايمەن...».

— يالغۇز مېڭىپ قاپلىغۇ خېنىم؟

ئايتۇراخان چۆچۈپ خىيالىنى يىغىشتۇردى. ئالدىدا ھېجىيىپ تۇرغان چېقىر كۆزنى كۆرۈپ سەل ھودۇقتى.

— ئىسست، مۇشۇنداق جانان ئۇرۇكتەك چىرايلىق خوتۇننى بازارنىڭ نەق ئوتتۇرسىغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغان قانداق ئەردۇ ئۇ؟

—ئوھۇشتە، كالتا ئاقساقاللىقتا قويمىغاندىكىن يوللىرىنى ماڭىسىلا.

— مۇڭلىنىپ مېڭىپ قاپتىكەنلا، ھەمراھ بولغۇم كەلدى خېنىم. ئۇنداق ئاچچىقلىرىنى يامان قىلمىسىلا.

— سىلى بىللە ماڭمىسىلىمۇ قورقمايمەن، ھەمراھىم بار.

— ھېلىقى بوۋىكامما؟

چېقىر كۆز ھېجايغىنىچە ئايتۇراخاننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇۋالدى. تەمبەل قامەت، قىيامغا يەتكەن، شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان شوخ كۆزلەر، چاڭقاپ كەتكەن لەۋلەر ئارىسىدىن ئېقىپ كىرىپ، يۈرەككە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى شەربەتتەك تاتلىق چاقچاقلار... ئايتۇراخانغا بىر باغلام بېدىدەك ساقال-لەۋلەردىن ئىككى ئېغىز يۈرەكنى يايراتقۇدەك سۆز ئاڭلىماي تۇنجۇقۇپ ياشىغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدىكىنە؟

— ئادەمنى تولا گەپكە سالمىسىلا.

— گەپكە سالمىدىم خېنىم، راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

— قانداق قىلاي دەيلا زادى؟

— سىلىگە دەيدىغان پىشكى گېپىم بار ئىدى...

ئايتۇراخان تاپنى ئاستىدىكى بەر گومۇرۇلۇپ چۈشكەندەك چۆچۈدى. ئەتراپىغا خۇدۇكسىرەپ قارىدى. يېنىدىن مۇكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ئۇلارنى كۆرمەيۋاتقاندەك، ئۆز غېمى بىلەن ئالدىراش يۈرۈشەتتى. ئايتۇراخاننىڭ يۈرىكى سەل ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى، ئەمما دەماللىققا بىرنىمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— 100 يۈەن بەرسەمغۇ بولار، ماقۇل دېسىلە ئەمدى. ماڭسىلا، بەك يىراققا بارمايمىز، يېقىنلا جاي بار، بەك خالىي.

چىقىر كۆزنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئايتۇراخاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. 100 يۈەن دېگەن سۆز ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەندى. 100 يۈەن! بۇنچىلىك پۇلغا ھېلىقى «قاراپاقا»-نىڭ ئۈچىسىدىكى كۆڭلەكلىكتىن نەچچىسى كېلەر؟ ئىككىسى كېلەرمۇ؟ ھېچبولمىغاندا بىرسى كېلەر، ئۇنىڭغا بوگۇن ئىرىنىڭ كۆڭلەكلىك ئېلىپ بېرىشىدىن، ئېلىپ بەرمەسلىكى تولا. ئېلىپ بەردى دېگەندىمۇ، باشقا ئاياللار ئاللىبۇرۇن كىيىپ تاشلىۋەتكەن، باھاسى چۈشكەن رەختتىن ئېلىپ بېرىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرەر ئايغىچە پىشانىسىدىن كەتمەيدۇ...

«ئاھ، نېمىدېگەن ئوتلۇق سۆيۈشلەر، نېمىدېگەن تاتلىق لەۋلەر-ھە! يىگىتنىڭ لېۋى دېگەن يىگىتنىڭ لېۋى-دە! ئۇنى بوۋاينىڭكىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس! تاتلىق، لەززەتلىك سۆيۈشلەرگە قوشۇپ ھەدىيە قىلىنىدىغان ئىنككى، ياق بىر دانە ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن، مەھەللىدىكى ئاياللار ھەسەت بىلەن قارىشىپ قالىدىغان كۆڭلەك...»

ئايتۇراخان شېرىن خىياللار ئىلكىدىن ئاستا-ئاستا ئويغاندى. داق يەردە ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. تۆت تامنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق، چىقىر كۆز ھېچ يەردە يوق ئىدى، «نەگە كەتكەندۇ؟...»

ئايتۇراخانغا يات كۆزلەر چەكچىيىپ تۇرغاندەك بىلىندى-دە، ۋۇجۇدىنى بىردىنلا خىجىللىق تۇيغۇلىرى قاپلىدى. نومۇستىن ۋۇجۇدىدىكى قانلار يۈزىگە تەپتى. بىردىنلا ئىشتاننىڭ يانچۇقىغا سالغان، پۇل ئېسىگە كەلدى-دە، يۈرىكىگە قامچا تەگكەندەك بولۇپ چىررىدە چىرقىرىۋەتتى...

ئۇ، پۇللىرىنى يەنە بىر رەت يانچۇق ئۈستىدىن سىلاپ باقتى، پۇل ساپ-ساق ئىدى. ئۇ گويا بۇ پۇللارنى ھېلىقى چىقىر كۆز ئېلىپ قاچقاندەك، قايناق بازاردىكى مىغ-مىغ كىشىلەر ئارىسىدىن كۆزلىرى ئۇنىڭ قارىسىنى ئىزدەيتتى. لېكىن، بايا ئۆزىگە ئېغىز ئاچقان چىقىر كۆز يىگىتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. پۇل بەرمىسىمۇ، ھەتتا پۇلنى ئېلىپ قاچقان بولسىمۇ مەيلى ئىدىغۇ!...

قورۇق خىيال بىلەن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ مېڭىۋەرمىگەن بولسىمىغۇ ئۇنى يوقىتىپ قويماستى!

ئۇ پۇلنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ باقتى. تېخى ھېلىلا كۆتۈلمىگەن نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ، مەنمۇ بۇ بوۋايدىن قۇتۇلۇپ بەختىمنى تاپىمەن دەپ ئويلىمىغانمىدى. ئەمما، ھېچقانداق ئۆزگىرىش، ھېچ ئىش بولغىنى يوق... توۋا، مانا پۇل، ئەنە بوۋايمۇ كېلىۋاتىدۇ، يەنىلا ھەممىسى ئۆز پېتى. ئاسماندىكى قۇياشمۇ، كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرىنى زېمىنغا ئالا قويماي چېچىپ تۇرۇۋېتتۇ.



# شېئىرلار

## ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

**ئاپتوردىن:** شېئىرىيەت توغرىسىدا خىلمۇ خىل تەرىپلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى داڭلىق شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنىمۇ خېلى كۆپ ئوقۇدۇم. راستىمنى ئېيتسام، ماڭا ئىلھام ۋە زوق ئاتا قىلغىنى يەنىلا ئۆز مىللىتىمىز كلاسسىكلىرىنىڭ ۋە ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق شائىرلىرىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى بولدى.

مېنىڭچە، چوڭقۇر ھېسسىيات، ئۆزىگە خاس يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر، يارقىن تىل شېئىرغا جان بېرەلەيدۇ. شېئىر يازماق قىيىن ئەمەستەك تۇيۇلسىمۇ ياخشى شېئىر يازماق يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك تولىمۇ جاپالىق، ناھايىتى قىيىن ئىش... ياخشى شېئىر يېزىش ئۈچۈن بىزدە «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن روھ بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي ياخشى شېئىر مىليونلىغان قەلبلەردە چېچەكلەپ، خۇش پۇراق چېچىپ مېۋە بېرەلەيدۇ.

مەن شېئىرىيەت گۈلزارىدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بىر گۈل ئېچىلغان بىلەنلا باھار بولمايدۇ. رەڭمۇ رەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلغاندىلا شېئىرىيەتنىڭ يېڭى باھارى بارلىققا كېلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ قانداق شېئىرلارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

شېئىرىيەت دۇنياسى — پايانسىز، رەڭمۇ رەڭ دۇنيا؛ ھايات تولىمۇ گۈزەل ۋە سىرلىق. بىز ئۆتكۈر قەلەملىرىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ، بەس-بەستە سايراپ، گۈزەل ۋە سىرلىق ھاياتنى شېئىرىيەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرەيلى.

### قۇشقاچ ۋە ئادەم

دېرىزەمنىڭ تەكچىسىدە بىر قۇشقاچ،
سايراپ كەتتى شۇنچە مۇڭلۇق زارلىنىپ.
قول ئۇزاتتىم ئاستا ئۇنى تۇتاي دەپ،
بىراق ئۇچۇپ كەتتى بىردىن «پۇر» قىلىپ.

بىلدىم، قۇشقاچ ئۈركۈيدىكەن ئادەمدىن،
چۈنكى ئادەم ئاڭا ئارام بەرمىگەن.
ھەتتا بىر چاغ مىليونلىغان سەپ تۈزۈپ،
قۇشقاچلارنى قىرماق ئۈچۈن قىلغان جەڭ.

شۇ قىرغىندا نەسلى قۇراي دەپ قالغان،
قىسمەتلىرى تاغ، چۆللەردە ساق قالغان.
شۇ قىرغىندا ئۇۋىلىرى چۇۋۇلۇپ،
تالايلىرى توپتىن ئېزىپ تاق قالغان.
شۇڭا قۇشقاچ يېقىن كەلمەس ئادەمگە،
تولغاچ ئىچى قايغۇ-ھەسرەت، ئەلەمگە.

### سۆيگۈ داۋىنىدا

يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ كۆز چاقنىتىپ،
ھۆسنىدىن نۇر تۆكىدۇ تولۇن ئايمۇ.
بىر ياش قىز ئاھ ئۇرىدۇ، تولغىنىدۇ،
ئازابلاپ يۈرىكىنى ئېغىر قايغۇ.

قېنى ئۇ تاتلىق سۆيگۈ لەززەتلىرى؟
قېنى ئۇ ۋاپاسىزنىڭ شېرىن سۆزى؟
نېمىشقا چۈشۈپ قالدى تۇزاققا ئۇ،
نېمىشقا ئالدامچىنى كۆردى كۆزى؟

ئۇيقۇسىز ئۆتتى شۇنداق تالاي كۈنلەر،
پۇشايمانغا ئۆلمىدى ئۇ قالدى ياشاپ.
سۆيگۈنىڭ داۋىنىدا كۆردى ھاڭنى،
ھاياتنى چۈشەندى ئۇ شۇندىن باشلاپ...

### تەنها بۈركۈت

بۇلۇتلارغا بېشىنى قويۇپ،
ساھىللارغا باقتىم سۈكۈتتە.
يىراقتا بىر تۇمانلىق چوققا،
كۆزۈم چۈشتى تەنها بۈركۈتكە.
نېچۈن ئۇنىڭ قەلبىدە پىغان،
تۇرار غەمكىن بېشىنى تۆكۈپ.
يا باستىمۇ يولىنى تۇمان،
نېچۈن تۇرار ھەسرەتكە چۆكۈپ.
ياكى تەڭسىز بىۋاپا ئالەم،
قانىتىنى قويدىمۇ بوغۇپ.
ياكى جاندىن بولدىمۇ جۇدا،
يۈرىكىگە لەختە قان تولۇپ.
ئىشىنىمەن ھامان بىر كۈنى،
ئۇ ئۇچىدۇ تۇمانىنى يىرىپ.
ئەل گۈلشىنى ئۇنىڭ قەلبىدە،
كۈلىدۇ شاد ۋىسالغا يېتىپ.

# باشلىقىم

(ساتىرا)

**تۇرنسا ھەسەن**

ئەسمەت جۇيجاڭ مېنىڭ باشلىقىم،
ۋە ساۋاقداش بىللە ئوقۇغان.
«پارتىيە، خەلقچۇن تەقدىم بارلىقىم»
دېگەن بىر سۆز ئېغىزدا ھامان.
قامىتىمۇ كېلىشكەن ئۇنىڭ،
باشلىققا خاس سالاپىتى بار.
ئاڭلىساڭ گەر نۇتۇقلىرىنى،
«ئەل غېمى» نىڭ ئالامىتى بار.
زىياپەتتىن ئۆزىمۇ ھەتتا،
قاپىقىمۇ سەمرىپ كەتكەن.
زىياپەتنىڭ تولۇقلىقىدىن،
كېچىلىرى ئۇيقۇسىز ئۆتكەن.
ئون بولاي دەپ قالغاندا ۋاقىت،
ئىشخانىغا كىرەر پۈشۇلداپ.
دىققەت قىلىپ تىڭشىساڭ ئەگەر،
بىر نېمىلەر دەيدۇ غوتۇلداپ.
شۇئان گېزىت ئېلىپ كېلىمەن،
ئۇنى يىرتىپ يۆگەر تاماكا.
كرىسلوغا چۆككەن گەۋدىسى،
خىيال سۈرگەن بەگكى ئۇ گويا.
شۇ تەرىقە خىياللار سۈرۈپ،
تالاي «پىلان» تۈزۈلۈپ بولار،
غەرىزىگە ياقماي قالغىنى،
ئۆزگەرتىلىپ بۇزۇلۇپ تۇرار.
چىرايىغا زەن سېلىپ باقساڭ،
ھاياجاندىن ھىجايغان يۈزى.
قاپاقلىرى ئۇيقۇدىن ئىششىپ،
تېخىمۇ بەك قىسىلغان كۆزى.
بىر چاغلاردا كېلىپ ئىسىمگە،
«مېنى بىرسى كەلدىمۇ ئىزدەپ»
دەيدۇ، چىراي ئاچماس «ياق» دېسەڭ.
«ھە» دېسەڭ گەر كۈلۈپ قارايدۇ.
باردۇر كۈلكە ئاستىدا بىر گەپ،
«ئەل غېمىنى يەيدۇ» چۈنكى ئۇ.
«خەلق ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك»
كۈندە شۇنداق سوراپ تۇرۇشمۇ،
تۈگەر ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشى،
شۇنداق خىزمەت قىلىپ ئادەتتە.
«پۈتتا پىلان» تۈزۈپ چىقىشمۇ،
«ئۇلۇغ خىزمەت» بولار، ئەلۋەتتە.

باشلىقىمنى چاقىرماق بولۇپ،
بارغان ئىدىم ئۆيىگە بىر كۈن.
ئۇ كەلمىگەچ چۈشكىچىلىكمۇ،
پاتىپاراق بوپ كېتىشتۇق پۈتۈن...
«ئەسمەت جۇيجاڭ» دېدىم مەن ئاڭا
«سىزنى بىركىم ئىزدەپ كېلىپتۇ.

بىر كۆرۈشسەم، دەپ مۇشۇ تاپتا
ئىشخانىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ.»
«ھە، شۇنداقمۇ» دېدى باشلىقىم
«ئۇنداق بولسا مەن ھازىر باراي.
كۆڭۈل قويۇپ ئەرزۇ-ھالىغا،
ھاجىتىنى ھەم راۋا قىلاي.»
ئىشخانىغا مېنىڭ باشلىقىم،
باردى ئىتتىك، مېنىڭدىن بۇرۇن.
ھاجەتمەنگە دېدى: «ھە، سۆزلەڭ»
كرېسلودىن ئېلىپلا ئورۇن.
ھاجەتمەننىڭ ئەرزى-ھالىنى،
ئاڭلاپ بولۇپ تۇردى بىرھازا.
دېدى ئاخىر ئېسىنى يىغىپ:
«...قىيىن بىر ئىش ئىكەن بۇ تازا.
خاپا بولماي ئەتە كەلسىلە،
پرىنسىپقا سېلىپ كۆرەيلى.
بۇ مەسىلە ئۈمىدسىزلىنىپ،
ئىشلىرىنى ھەل قىپ بېرەيلى...»
رەھمەت ئېيتىپ بىچارە بوۋاي،
كەلدى يەنە ئىزدەپ ئەتىسى.
تۈگىمىدى بىراق باشلىقنىڭ،
«ئەتە» دېگەن «يۇمشاق» پەتىسى.
ئەتە كەلدى، كەلدى ئۆگۈنى،
كەلدى شۇنداق تالاي ئەتىسى.
تۈگىمىدى بىراق باشلىقنىڭ،
«ئەتە» دېگەن «ئۇلۇغ» ۋەدىسى.
گاھى يۇمشاق، گاھى قاتتىق سۆز —
ئاڭلاش بىلەن ئۆزىدى بوۋاي.
غەيرەتلىنىپ بىر كۈن باشلىقنىڭ،
«ئەتە» سىنى توسىدى بوۋاي.
باشلىق شۇئان نەزەرىيە سۆزلەپ،
چۈشەندۈردى تالاي ھۆججەتنى.
دېدى، ھەمدە «بالدۇرراق كەلمەي،
قولدىن بېرىپ قويىلا پۇرسەتنى.
ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنتى ئەسلى،
ئىشلىرىنى ھەل قىپ بېرىشنىڭ».
كۈلەي دېسە ئەقلىغە سىغماس،
ھەم ئورنى يوق ئاچچىقلىنىشنىڭ.
خەلق ئىشىنى مېنىڭ باشلىقىم،
شۇ تەرىقە «ھەل قىلىپ» بېرەر.
پارتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى،
شۇ تەرىقە بىزگە بىلدۈرەر.
بىراق دوستۇم بۆلەك جايلاردا،
تالاي ئىشلار ھەل بولۇپ تۇرار.
ئىجرا قىلىپ تۇرغاچ ھۆججەتنى،
پارتىيىدىن ئەل رازى بولار.
بىزنىڭ باشلىق خەلق غېمىنى،
ئېغىزىدىن چۈشۈرمەس دائىم.
لېكىن بۇنداق سەپسەتىچىدىن،
پاناھ بەرسۇن مەڭگۈ خۇدايىم!

# ئىككى شېئىر

جاپپار ئەمەت

## قايتىپ كەلسە ئەگەر ئالتۇن ياشلىقىم

بولۇپ قالسام ئوماققىنە بىر بوۋاق،
ئانىنى بۆشۈك قىلىپ ياتسام تەۋرىنىپ،
چولپان يۇلتۇزىدەك يانسام مەن ھەرۋاق،
كۈچ-قۇۋۋەت توپلىسام قۇياشنى ئېمىپ.

باللىقىم قايتىپ كەلسە ئەگەردە،
تال چۈشۈقنى يەنە مىنسەم ئات قىلىپ.
ئويىنسام مەنزىلدىن كۆچۈپ مەنزىلگە،
«ھۇررا!» دەپ دۈشمەننىڭ باغرىنى تىلىپ.

قايتىپ كەلسە ئەگەر ئۆسمۈرلۈك چېغىم،
بارسام مەكتەپمگە جىلتەمنى ئېسىپ.
ئىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ دىلىم،
ياشنىسا باھاردەك ئارمانغا قېنىپ.

قايتىپ كەلسە ئەگەر ئالتۇن ياشلىقىم،
ئىلىم-پەن چوققىسىغا چىقسام يامىشىپ.
تەكرارلانماس ئىدى بۇ بەڭباشلىقىم،
ئۆمۈر مەنزىلىدە داۋانلار ئېشىپ.

www.uyghurkitap.com

تولدۇرسام ئۆمرۈمنىڭ ئاق بەتلىرىنى،
رەڭمۇ رەڭ چېچەكلەپ بولسام گۈلىستان.
ئۆچۈرسەم دىلىمنىڭ ئىللە تلىرىنى،
بولسام مەن ھەقىقىي يارامىلىق ئىنسان!

ۋاقىت ۋە ئۆمۈرنىڭ قەدرىنى بىلىپ،
ئەجرىمدىن ۋەتەنگە ياراتسام تۆھپە.
يۈرمەستىم ھېچقاچان پۇشايمان قىلىپ،
گەر ئاچسام ئۆمرۈمدىن يېڭى سەھىپە.

※ ※

ھەرقانچە پۇشايمان قىلسامۇ بىراق،
قايتىپ كەلمەيدىكەن ئۆتكەن ئۆمۈر، ئاھ!

ئەي ئوغلۇم، ئال مەندىن تەجرىبە ساۋاق،
كۆز ئېچىپ يىراققا تاشلىغىن نىگاھ!

### قىتئە

مەنسەپ تەمەسىگە ئۆتكەن ھەركىشى
ئەسلى سۈپىتىنى يوقاتماي قالماس.

مەنسەپ قايغۇسىدا ئايلىنىپ بېشى،
غۇرۇر، ئىپتىخارنى ئەسكىمۇ ئالماس.

باشلىقا ئەگىشىپ خۇددى سايىدەك،
پەسكەش قىلىقلارنى قىلىشتىن يانماس.

## كۆيۈپ باقمىغان

### ھەسەن تىلىۋالدى

گۈزەللىك بار يارنىڭ يۈزىدە،
تېخى قۇياش سۆيۈپ باقمىغان.
بىر سېھىر بار شەھلا كۆزىدە،
ھېچكىم ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان.

كۈلەر خۇددى بۇلبۇلگوياەدەك،
ئىنسان ئۇنداق كۈلۈپ باقمىغان.
چۈشەنمەيدۇ سۆيگۈ قەدرىنى،
يار ئىشقىدا كۆيۈپ باقمىغان.

## ياغماقتىن قار-يامغۇردەك ئۈزۈمگە

(سونېتلار)

### تەلئەت قادىرى

### قۇش پەسلى

بولالىسام ئىدى بىر قۇش ئىستەت مەن،
بارالايتتىم ئەركىن ئۇچۇپ مەلەڭگە.
مەيلى ماڭا ئىشەن ياكى ئىشەنمە،
بىرلا سېنى سۆيۈپ قالغان يىگىتمەن.

پەيدا بولدى يوچۇن ئىزلار ئارقاڭدا،
شۇ ئىزلارنىڭ ئارىسىدا ئىزىم بار.
بۇ كوچىدا مېنىڭ سۆيگەن قىزىم بار،
ئېقىپ تۇرغان سۆيگۈ بويلاپ ھەر تاڭدا.

سەن تالاغا چىققىنىڭدا قار توختاپ،
قار رەڭگىدە قالسا بىر قۇش يالتىراپ.
ئۇچۇرۇۋەت ئۇنى دەرھال كۆزۈڭدىن
بىراق، دېمە: «قىشتىكى بۇ قاي باھار؟»
قۇش تۇزۇتقان دەرەختىكى مۇزدەك قار،
سۆيۈپ قالسا بىر جۈپ ئوتتەك يۈزۈڭدىن.

## قار ياغدىمۇ تاغلىرىڭغا بۇ قىشتا؟

قار ياغدىمۇ تاغلىرىڭغا بۇ قىشتا،
قەلبىڭ خۇددى قاردەك ئاپئاق-تۇزۇكمۇ؟
تومۇرۇڭدا قانلار تېخى سۇزۇكمۇ،
قالمىغانسەن ئاھۇ مىسلى بۇ قىشتا؟

يالقۇنلامدۇ تۇرۇپ قەلبىڭ ھېلىمۇ،
كۆرۈپ قالساڭ مېنى بەزەن يىراقتىن؟
ئايرىلدىڭمۇ پەرۋانىدەك چىراغتىن،
بۇتناشلىرىڭ كۈچەيدىمۇ تېخىمۇ؟
كۆزلىرىڭدىن ئۇچۇپ كەتكەن سىياقىم،
تىرىلدىمۇ يەنە قايتا ئىلاھىم.
يۈرىكىڭدە ئۆلۈپ قالغان شەھەردە،
مەن قەلبىڭگە ئۇچتۇم قايتا بىر نۆۋەت.
تۈنجى قەلب بوپ قالمىسۇن يېتىم دەپ
قار باھارى جۇلا ئاتقان مەھەلدە.

## خالساڭ...

سەن خالساڭ تېرىۋالغىن قەلبىمنى،
دالىدىكى ياۋا چېچەك-گۈللەردىن.
كۆرۈۋالغىن دېڭىزلاردىن-كۆللەردىن،
سەن خالساڭ مېنىڭ پىنھان ئەكسىمنى.

مەن ئۆزۈمگە قاراپ قالغان بىر ئىنسان،
سېنىڭ قېنىپ سۆيۈشۈڭگە ئەرزىيمەن.
بىراق، قۇشتەك يۈرىكىڭنى ئەگىيمەن،
ئۆرتەپ قالسا تۇرۇپ-تۇرۇپ ئوت-پىغان.
مەن بىر خىيال چاچراپ كەتكەن قاناتتىن،
ئىزلىمەيمەن بىراق قانات ھاياتتىن،
قانات بولساڭ ماڭا ئۆزۈڭ تېپىۋال،
مېنىڭ ھالى سۆيۈشلەرگە رايىم يوق.
خەقلەر ماڭا تۇغقان ئەمەس كارىم يوق،
نەدە بولساڭ يۈرىكىڭگە بېسىۋال.

# قارىما كۆزۈمگە ئەي گۈزەل دىلبەر

يۈسۈپ نىياز

قارىما كۆزۈمگە ئەي گۈزەل دىلبەر،
كۆزۈمدىن تۆكۈلەر پىغانلىق نەپرەت.
مۇز بولۇپ قاتماقتا يۈرىكىم شۇ تاپ،
كۆمۈلدى قەبرىگە ئوتلۇق مۇھەببەت.

قارىما كۆزۈمگە ئەي گۈزەل دىلبەر،
تىكىلمەس بۇ كۆزۈم ساختا كۆزۈڭگە.
بولدى بەس نايناقلاپ سۈۋۈنما ماڭا،
ئالدانماس ئەقىدەم ئەمدى سۆزۈڭگە.

قارىما كۆزۈمگە ئەي گۈزەل دىلبەر،
قەلبىمدىن ئۆچتى ئاھ، گۈزەل شۇ چاغلار.
ھېچنەرسە ئاللىماس كۆڭلۈمنى شۇ تاپ،
قەلبىمگە ئىز سالغاچ ھەسرەتلىك داغلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئانىلار قەلبى

(نەسرلەر)

تۇرسۇن مۇھەممەت

## ھاياتلىق مېلودىيىسى

بالام، تۇن يېرىمدا ئاڭلانغان بوۋاق يىغىسى — بىر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيانىڭ ئىشىكىنى چەككەندە چىققان ساداسى؛ ئۇ، ھاياتلىق مېلودىيىسى؛ ئۇ، ھايات بېغىغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بىر جان ئىگىسىنىڭ يۈرەك-باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوتلۇق جاكاسى؛ ئۇ، ھاياتلىق شەجەرىسىگە يېزىلغان تۇنجى سۆز.

سەن مۇ بىلىسەن بالام، ئۇ، ساناقسىز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ھايات قوينىغا كىرىپ كېلىدۇ؛ ئۇ بىزدىن بىر تامچە سۇ، بىر تامچە تەر، مېھرى-مۇھەببەت، ۋاپا-ساداقەت تەمە قىلىدۇ؛ ئۇ بىزنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىمىز سۈپىتىدە قەلب قەسرىمىزگە كىرىپ كېلىدۇ.

مۇبادا، سەن ئۇنى قېرىندىشىم، دوستۇم دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ تۇۋىگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۈمىلەپ يۈرۈپ بولسىمۇ بىر ئوچۇم سۇ تۆكۈپ قويساڭ، ئۇ ۋايىغا يېتىپ ئالەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان مېۋىلىك كۆچەتكە ئايلىنىدۇ؛ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن ئۇنىڭ سايىسىدە سايىدايسەن، شاخ-يوپۇرماقلىرىنىڭ رەھمەت ناخشىسىنى ئاڭلايسەن؛ شېرىن-شېكەر مېۋىسىگە ئېغىز تېگىسەن. ئۇ ساڭا قول-قانات بولىدۇ، كۈچ قوشىدۇ، گويا قۇتقۇزغۇچى ئىلاھتەك جەڭ-چېلىشلاردا ئامان-ئېسەن ساقلايدۇ. ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ، بالام؟!

بالام، تۈن يېرىمدا ئاڭلانغان بوۋاق يىغىسى — ھاياتلىق مېلودىيىسى؛ كۈن تىكلەشكەندە ئاڭلانغان ئوماق يىغىسى — ھاياتلىق شەجەرىسى. سەن بۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلاپ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمنى ئاقلىغىن!

## شادلىنىش

گۈلخان بولۇپ كۆيگەن يۈرەكلەر قېتىدا ئاپىرىدە بولغان ھاياتلىقسەن بالام! سېنىڭ تۇغۇلغانىدىن كېيىنمۇ يۈرەكلەردە گۈلخاندەك ئوتلارنى ياندۇرۇۋاتقانلىقىڭنى سەزگىنىمدە شادلىقىمدىن ئۆرگىلىمەن. سېنى ساناقسىز غايە-ئىستەكلىرىمنى يۈدۈپ يۈرۈپ بۇ دۇنيانىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن سۆيۈشتۈرگۈچى پەرىشتە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىمەن.

ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى ئېلىپ دېڭىز سۇلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان كىچىككىنە سۇ تامچىسسەن بالام! مەن سېنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان دېڭىز-ئوكيان سۇلىرىغا قېتىلىدىغانلىقىڭغا ئىشەنگىنىمدە، ئۈمىد دېڭىزىغا چۆمۈلىمەن؛ سېنى ئاشۇ دېڭىزدا غەم-غۇسسىسىز ھالدا ئۈزۈپ مەقسەت ساھىلىغا چىققۇچى قۇدرەت ئىگىسى، جاھان باغلىرىغا كىرىپ گۈل-گىياھلار يىلتىزلىرىغا باغرىنى ياققۇچى پاراسەت ئىگىسى سۈپىتىدە قىياس قىلىمەن، ھەر زامان سېنى ئۈمىد ئېتىزلىرىدا كۈتۈپ ئولتۇرىمەن.

سەن گۈل-چېچەكلەر بەرگىدە يالتىرىغان كىچىككىنە شەبنەم تامچىسسەن بالام! مەن سېنىڭ خۇش پۇراق گۈل-چېچەكلەر بەرگىدە مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلگىنىمدە، ئىپتىخارلىق نۇرلىرىغا كۆمۈلىمەن. مەن سېنى ئۆز خاسىيىتى بىلەن باغلارغا ھۆسن بەرگۈچى ئىجادكار، ئۆز ئىجادلىرى بىلەن ئالەمنى بېزىگۈچى تۆھپىكار سۈپىتىدە قىياس قىلىمەن. مەن سېنى ھەرقاچان شەرەپ مۇنبىرىدە كۈتۈپ ئولتۇرىمەن.

## چىغىر يول

ئېگىز-پەس تاغ يولى، تاغ چوققىلىرىغىچە

سوزۇلغان چىغىر يول.
بۇ يول چار يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ساي قۇشلىرى ئاچچىق سايرىشىپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت-نادامەت ھەققىدە قوشاق قاتىدۇ. ئەمما، سەن يولنىڭ جاپا-مۇشەققىتى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ تەمتىرەپ قالغان ۋاقتىڭدا، يۈرىكىڭنى سوراق قىل. مۇشۇ چاغدا يۈرىكىڭ ئەنسىز گۈپۈلدەپ، ساڭا ئەقىل-پاراسەت ۋە غەيرەت-شىجائەت ھەققىدە ناخشا ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن سەن چىغىر يولدا ئېغىشماستىن ماڭىسەن، تاڭدىن-تۈنلەرگە ئۇلىشىپ يۈرىسەن.

ئېگىزلىكتە بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەن تاغ چوققىلىرى كۆكنى تىرەپ تۇرىدۇ، ئاپئاق قارلارغا كۆمۈلۈپ ۋايىغا يەتكەن قار لەيلىلىرى شادلىق بەزمىسى قۇرىدۇ. سەن تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ، بۈيۈكلۈكنى ماكان ئېتىشنىڭ يوللىرى، خاسىيىتى ۋە قىممىتى ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرغاندا يۈرىكىڭگە جاۋاب بەر. شۇ چاغدىلا سەن ھاياتلىقنىڭ رەھىمسىز چىغىر يوللىرىدىن ئاداشماي ئۆتۈپ، ئۆز نىشانەڭگە يەتكەنلىكىڭدىن شادلىنىپ كۈلسەن، ھايات سىرلىرى يوشۇرۇنغان تىلسىملارنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئاچقاندەك پەخىرلىنىپ خىيال سۈرىسەن...

# مەن كىم؟

(نەسىرلەر)

**ئىبلى روزى تەركى**

## 1

مەن ناھايىتىمۇ نۇرغۇن مەن. مەن پەقەت بىرلا مەن.

قاقشالغا ئايلانغان تېنىم ئۆزىنى شۇئۇرغاننىڭ كاچاتلىغىنىغىمۇ خۇشال بولىدۇ. سۆيگۈ ياپراقلىرىم ئاللىبۇرۇن چىرىندىگە ئايلىنىپ كەتتى. مەن يەنىلا ھېسسىياتسىز ئۆزۈمنى قۇچاقلاپ جۇدۇنلارنىڭ مەڭگۈلىكى، ئۇنسىز تىلىمنىڭ مەسخىرىسىنى بىلگەن جانسىز تېنىمگە ھايات پەلسەپىسى سۆزلەش بىلەن ئاۋارە.

— مەن كىم؟...

مەن ناھايىتىمۇ نۇرغۇن مەن. مەن پەقەت بىرلا مەن. بىراق مەن خىيالىي چۈشىدە كېپەنلەنگەن مەڭگۈلۈك مەھكۇملۇقتىكى «مەن» نى ئىزدەيمەن.

## 2

ئورالمىغان چىگىش يىپنى ئەسلىتىدىغان مۇدھىش خىيالىم ئىچىدىن يەنىلا سېنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايىڭنى ئىزدەيمەن. ئۇپۇق سىزىقىدا قۇياش ھوشسىز خىرەلىشىۋاتقان پەيتتىمۇ مەن ئارامسىز قىرغاقتا تېپتىنچ ئولتۇرۇپ سېنى خىيال قىلىۋاتاتتىم.

كۆز ياشلىرىمدىن يۇيۇلۇپ چىققان ئەقىدەم مىسكىنلىكتە بويۇن قىسىپ سېنى كۈتمەكتە. شۇنىڭدىن بېرى مەن ئۆزۈمدىن شۇ قەدەر زېرىكىدىغان بولۇپ قالدىم.

## 3

مەن تەنھا ئولتۇرغان ئورنۇمدا، مەھكۇم خىياللىرىم ئارىسىدىن ئۆزۈمنىڭ يىغلامسىرىغان قىياپىتىمنى تېپىۋالدىم.

سۆيۈشلەردىن رەنجىگەن يۈرىكىم ئۇنسىز تىپچەكلەيدۇ... ئانا، مېنى بارچە مېھرىبانلىقىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم باغرىڭغا باس!...

مەن تەبەسسۇمغا، ھاياتلىققا، مۇھەببەتكە، يەنە نېمىلەرگىدۇ تەشنا.

## 4

مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈپ قالغاندەك ھېس

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلغان كۈنى، بەزى ئادەملەرنى كۆرۈشتىن زېرىكتىم.

ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويسام يەنىلا ئەخلەت ساندۇقىدىن ئىزدەيمەن. ناۋادا قايتا تىرىلسەم، مۇسىبەتلىك گۆرۈمدە ئۇلارغا «سىلەرگە مەجبۇرىيەت ئۈچۈنلا ئارىلاشتىم» دېگەننى يادلايمەن.

5

مەن مىسكىنلىككە بۆلۈنۈپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغان ئاخشامدا ئېھتىمال سەن بەخت شادلىقىدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقان بولغىيدىڭ.

مەن ئۆزۈمنى ھىجران رۇجىكىدىن سۆرەپ چىقىۋېتىپ، يول تۆپىسىدە، ئاياغ ئاستىمدا سېنى ئۇچرىتىپ ساڭا بىغەم ئىچ ئاغرىتىۋاتىمەن.

# ئۈمىد ساھىلى

(نەسىر)

**زۇلپىيە ئابدۇراخمان**

يۈرىكىم، تىنىقلىرىم، خۇلقۇم، قانلىرىم بىر ساڭىلا تەئەللۇق بولغان كۈن ئېسىڭدىمۇ؟! ئېسىڭدە! قاراشلىرىم، نىگاھلىرىم؛ كۆز قارىچۇقىم؛ ئىستەكلىرىم ئازغان ئاشۇ كۈنلەردە. گۇۋاھ پەقەت كۆز-يېشىمغا سۆيۈلۈش، شاھىد پەقەت يارىلىشىم — پاك كۆيۈش.

گۇناھىم نېمە؟! ئالدانغىنىمغۇ ساڭا بىۋاقىت. گۈزەللىكىم كۆيگەن يۇلتۇزدەك ساقىپ چۈشتۈم يەرگە بىئۈمىد...

قەلبىم نالە بىلەن ئىڭرىماقتا...

ھاياتلىقىم، يارالمىشىم ياششىمغا بىر ئىستەك. تۇغۇلماقتا يېڭى ھامىلە — ئۆز-ئۆزۈمگە بەرگەن تەسەللى... ئىزدىمەيمەن يارالمىشىڭنى، ئۇنتۇپ كېتەي، ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان دەردتەك بىر چاغدىكى ساددا چۈشۈمنى. ئۇنتۇپ كېتەي سېنى سېغىنىپ، باغلىرىمدىن تەرگەن چېچەكنى...

كونا دەرد نەقەدەر ئاچچىق.

دېمەسمەن ئاخىر «يوقاتقانلىرىمنى قايتۇرۇپ بەر». ھەممە ماڭا ئاچچىق ئەسلىمە، ۋۇجۇدۇمدا نازۇك بىر تىترەك ھۆكۈم سۈرەر.

ئۇنتۇلۇپ كېتەر، ئۇنتۇپ كېتەر مېنىمۇ ھەممە. پەقەت يالغۇزلۇق سۆيۈملۈك ھەمراھىم بولۇپ قۇچاقلاپ قويىدۇ روھىمنى مەڭگۈ.

# ئايال ۋە مەن

(نەسرلەر)

**نىجات يۈسۈپ**

1

سەن خۇددى باھار پەسلىدە پورەكلەپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشايسەن. سېنىڭ نامىڭ بۈيۈك، سېنىڭدە دوستقا خاس پىدائىيلىق، ئانا جاسارىتى مۇجەسسەملەنگەن. ئىنسان قەلبىدىكى تارىلار سەنسىز ھەقىقىي ۋە تولۇق ئاۋاز چىقىرالمايدۇ.

2

سېنىڭ سېھرىي كۈچۈڭ گۈزەللىكىڭدە، ئەقىل-پاراسىتىڭدە، سۆزلىرىڭدە، زىناقلىرىڭدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ، سەن تۇرمۇشقا تەقدىم قىلغان ئەڭ گۈزەل نەرسىلەردۇر.

3

مېنىڭ روھىي شادلىقىم، ئەنبەر ھىدلىق

ئايال، سەن جان ياشارتىش مەلھىمى، مېنىڭ ئېسىل مۇرەببىيىم، ئىپارىمسەن. سەندىن مەھرۇم بولۇپ قالغان بولسام، سېنى ساقلاپ قالالمىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلىشىم كېرەك.

4

مەن ھەر تەرەپكە شاخلاپ ئۆسكەن دەرەخ-گىياھ بولسام، سەن قايچىغا ئوخشايسەن. ئەگەر مۇشۇ قايچىنىڭ دائىم ياۋا شاخلارنى چاتاپ تۈزەشتۈرۈشى بولمىسا، دەرەخ-گىياھنىڭ گۈزەللىكىمۇ بولمىغان بولاتتى.

5

كۈندۈز ھەر قانچە ئۇزاق بولسىمۇ ئاخىر كەچ بولىدۇ. بۇ ئالەم بىزگە قونالغۇ، قونالغۇدا كارۋان ئۇزۇن تۇرمايدۇ. بىزمۇ بۇ دۇنيادىن ئەنە شۇنداق ئۆتىمىز.

# بەخت

(نەسر)

**ئابدۇلباسىت ئابدۇراخمان**

پارتلاۋاتقان يانار تاغلارنى، تۇغۇت پەيتىدىكى ئانىنىڭ ئاچچىق ئەلەمدە كىرىشكەن چىشلىرىنى، ساداقەتسىز دۇنياغا كۆز ئېچىشنى ئۇيات بىلىپ قىزىرىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنى كۆردۈڭلارمۇ؟! غەزەپ، ئەلەم، ئۇيات ئارىلىشىپ كەتكەن زېھن سەندىكى نىدا قايدا؟! پەقىرلارنىڭ قەبرىسى، غالىبلارنىڭ نامى قاياقلارغا ئۆچتى؟ قاراڭغۇ تۈن قوينىدا ئىڭراۋاتقان گۈلەخ باللىرى، سىلەرگە شاد-خۇراملىق ھارام قىلىنغانمۇ؟! ھېلىگەر تۈلكە بۈركۈتكە بوي بەرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا بەختلىك. شاتۇتنىڭ بەختىمۇ بىزەلگەن قەپەس. يولۋاسچۇ؟ ئۇمۇ تاغنى قوچاقلىيالىغانلىقى ئۈچۈن بەختلىك. ئىنسانلارنىڭ بەختىگە كەلسەك، خۇدا ئۇنى دەرۋىشلەرنىڭ خۇرجۇنىغا سېلىپ ئېشىكىگە ئارتىپ قويۇپتۇ، بىراق بىچارە دەرۋىش ئېشىكىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ھەققەت كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈچە نادانلىق دەرياسى ئۇنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ... دىلبىرىم، ماڭا قارىغىنا، مەندە بەخت مەۋجۇتمۇ؟ مەن بەختنى يانار تاغ ۋولقانلىرىدىن، ئانىنىڭ كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىدىن، ئۇياتچان قۇياشنىڭ قىزىق يۈزىدىن ئىزدەپ باقاي...

# نەسرلەر

**ئەخمەت كىبىر**

تەننىڭ ئۆلۈشى ھېچ گەپ ئەمەس، تەن بىجىرىم تۇرۇپ روھنىڭ ئۆلۈشى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىشتۇر.

※ ※

قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە قامىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھامان چىقىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىشىكىنىڭ بارلىقىغا ئىشەن. سەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تاپالايسەن.

※ ※

پىلە غوزىكى ئىچىدىن يىپەك، قۇلۇلە قېپى ئىچىدىن مەرۋايىت چىققانغا ئوخشاش، ئەڭ بەتبەشىرە ئادەملەر ئارىسىدىنمۇ، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم چىقىشى مۇمكىن.

※ ※

ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى تولۇق چۈشەنگەن كۈنى ئۇنىڭ جان ھەلقۇمغا كېلىپ سەكراتقا چۈشكەن كۈندۇر...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۈچ شېئىر

مۇھەممەتجان ئەمەت



ئاپتوردىن: تەنتەك چوقانلار بېسىلىپ ئۆز تەقدىرىمىز بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە شېئىر دېگەنگە ئوخشاشلا جەلپكار.

چۈنكى روھىيەت خىلۋەتلىرىگە پەقەت شېئىر تۇيغۇسىلىرىلا تولۇق يېتىپ بارالايدۇ. بىز ھامان بىر كۈنى شېئىر بولسا نان بولمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. شېئىر شۇنداق مۇقەددەس گۈزەللىك باكتېرىيىسىكى، ئۇنى ھەممىگە يۇقتۇرۇش كېرەك. شېئىر چوقان ئەمەس شۇنداقلا لاپ گەپمۇ ئەمەس. ئۇ مۇكەممەل بىر ئاندۇركى، كەڭ ۋە ئىللىق مېھرى ئالقانلىرى بىلەن مىللەتنىڭ، تەقدىرداشلارنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئالەمنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. پەقەت شېئىرلا كىشىگە ھەقىقىي ئەركىنلىكنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. شېئىر ئىمكانىيەت دۇنياسىدۇر. مەن شېئىر يېزىۋاتقىنىمدا ئەركىنلىكىم بىلەن، روھىم بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرغاندەك، چاقچاقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا چۆمىمەن. مېنىڭ ئاشۇ دۇنيايىمدا ئۆز ئاسمىنىم، تورۇق يۇلتۇزلىرىم، پىنھان ئارامگاھلىرىم بار. مېنىڭمۇ ھەممىگە ئاڭلىتىپ قويۇشنى خالايدىغان ناخشام بار. ئۇ مېنىڭ چوڭقۇرلۇقىمدا ياشاش ئۈچۈن ھەر مىنۇتتا شېئىرغا مۇھتاج بولىمىز. شائىر بىلەن مۇخبىرنى پەرقلەندۈرۈپ بولالمىغان خەلقىم ئۈچۈن شېئىر يېزىش قايغۇسىغا تەڭكەش قىلىش شۇنچە ئازابلىقكى، چوڭقۇرلۇقىغا سۆز پەتمەيدۇ، لېكىن شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، بىز ھەقىقىي شېئىرنى چوقۇم يېزىپ چىقىمىز.

## مەست

كەپىلىكىم يېشىلمەستىنلا
كېلىپ قالدىم يات بىر شەھەرگە...

كېتىپ بارار ئىدى باللار
بوتكىلاردىن ئېلىشقا دەپتەر.
قاياقتىندۇر مېنىڭ ياتىقىم
تاغ تەرەپتىن كەلدى باستۇرۇپ
قاناپ گەتكەن بىر قىزىل سەھەر.

ھېلىقى قىز... ئىسمى نېمىدى...؟!
«تېلېفون بەر...» دېگەندەك قىلغان
تېلېفونىست قىز ئېسىڭىزدىمۇ
ھېلىقى قىز دېگەن رەقەملەر

سۈپۈرگىنى قويۇڭ ئەي موما
يېزىپ بېرىڭ ئوچۇقراق قىلىپ
ساقچى تاغا ئېيتىپ بېرىڭچۇ...
مەن قەيەرنىڭ نامرات ئىشچىسى...؟!
مەن ھېلىقى بوزۇق سائەتنىڭ —
تىللىرىغا يەنە ئېسىلىپ
كەتمەك بولاي مەيلى قەيەرگە
كەپىلىكىم يېشىلمەستىلا
كېلىپ قالغان ئىزدەپ بۇ يەرگە...

## قۇرۇق يۇيۇش دۇكىنى

ھەر قاچان
رەڭگى ئۆڭۈپ سۇسلاشقان روھنى
دۆتلۈكىنى ھەتتا بىر ئەلنىڭ
تۈيدۈرماستىن، نەمدىمەستىن ھەم
يۇيۇۋالغۇم كېلىدۇ سەندە.

قاينا-قاينا دەزماللاپ، پاتلاپ
قىر چىقارغۇم كېلەر مىللەتكە
يۈمشاق باشنى، ئاجىز ئەقىلنى
بىر كېچىدە ئۈزاتسام دەيمەن
قايتىش يولى تاقاق بېكەتكە.

سەن نەقەدەر گۈزەل ۋە ھەيۋەت
ئېھ سۆيۈملۈك يۈيۈش دۈكىنى
روھىمدا كىر، ئىرادەمدە كىر
سەن يۈيۈۋەت، يۈيۈۋەت ئۈنى.

### سۆيگۈ قوشىقى

ئارالمەن، خىيالىم گىرۋەكلىرىدە
كۆكەرگەن باراقسان ياڭاق دەرىخى.
تىترەيمەن تەنھالا كۆگۈم ئىچىدە
تۇرمىسا نىگاھىڭ يېنىڭ تامچىلاپ،
قۇرۇيمەن دالىنىڭ نەپەسلىرىدە.
باھارسەن، مەن بولسام گىياھسىز ئارال
قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرى ئارا
ھىجرانىڭ بۇرۇقتۇم قەپەسلىرىدە
ياتىمەن غەم چېچىپ يالاڭ، يانچىلاپ.

# ئۈنتۇلغاس سىماھ

**كامىل رەھىم**

تىلىم كالتە نە سۆزلەيىن
سۆزۈمدە مەنىلەر يۈتتى.
تىرىكمەن نەكى جان باردۇر
ئۆلۈم ھەر ۋاخ باغاش ئەتتى.

ئۇنۇم ئۆچتى، تىلىم مەجرۇھ
شىكەستە تەنلىرىم پەرياد.
ئۆزۈمنى بىقەدر قىلدىم
ھاياتىمنى قىلىپ بەربات.

يولۇم قىلدۇر، سەپەر مۈشكۈل،
كۆزۈمدە نۇر زىيا ئۆچتى.
ساماغا تەلمۈرۈپ باقتىم
خىيالىم بىر سىماھ قۇچتى.

خىيالىم پاك، يۈرىكىم چاك
لېۋىڭنى ھەر مىنۇت سۆيدۈم.
مۇھەببەت ھەم نادامەتنىڭ —
ئوتىدا قىل كەبى كۆيدۈم.

كۆيەي كۆل كۆككە سورۇلسۇن
تۇغۇلغاي قايتىدىن جىسمىم.
تۇغۇلغىن سەنمۇ، قېلبىڭدە
تۆرەلسۇن پاك سەبى ئىسمىم.

# ئىككى شېئىر

**ئەكبەر نىياز پەتتارى**

### چاقىرىش

ئاق نۇرلارغا تويۇنغان تاملار،
ئاقلىق بىلەن ئاقارغان دۇنيا.
ئالماق بولۇپ ئىسسىق قوينىغا،
چاقىرىدۇ تىنىمسىز ئاستا.

خۇمارلىقتىن نەزمىلەر پۈتۈپ،
ئاقلىق ساڭا بولىدۇ ھېرىس.
چۈشلىرىڭدە كىرىست بەلگىسى،
ساقلىقڭغا قىلىدۇ خىرىس.

چاقىرىشلار ئۆمۈچۈك تورى،
قەدىمىڭنى تۇرىدۇ ئۈۋلاپ.
كىم ئاقلىش، كىم تۆكىدۇ كۆز ياش،
كېتىپ قالساڭ بىر كۆنى تۇۋلاپ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاق نۇرلارغا كۆمۈلگەن يوللار،
ئاقلىق ئىچرە ئاقارغان دۇنيا.
ئالماق بولۇپ قوينىغا ئاخىر،
چاقىرىدۇ تىنىمسىز ئاستا.

## ئۈنتۈش بەخت بولسا ئېھتىمال

مەن قايتتىم يېنىڭدىن ئۈنسىز،
كەچكۈزنىڭ قاپقارا گۈگۈمى بىلەن.
چېھرىمدە نەۋ باھار رېسىدە بولۇپ،
يامغۇرى لەۋ ياقتى قىياققا لېۋەن.

ئېلىپكتىر نۇرىغا چۆمگەن دېرىزەڭ،
تەسەللى بولغانمەك قالدى قول سىلكىپ.
مەيلىدى ئۆزۈمنى خۇش ئېتەلىسەم،
كۆزلىرىڭ، سۆزلىرىڭ ئۈنتۈلۈپ كېتىپ.

رەستىدىن ئىس پۇركۈپ ئۆتكەن ماشىنا
يۈزىدە ناز قىلار يوچۇن مەسخىرە.
قەلبىمدەك جىمىلىقتا چۆككەن شەھەردە،
تۈنجى رەت ئۆلۈمنى سەزدىم مەن خىرە.

بۇ فېۋرال ئاخشىمى مەن كەبى غەمكىن،
تەڭرىمۇ چەككەندۇ بىر قېتىم ھەسرەت؟
پاتۇرۇپ ئۆزىگە يۈرىكىمنى مەي،
يۇلتۇزلار شولىسى ئۆچكەندە پەقەت.

ئېلىپكتىر نۇرىغا تويغان دېرىزەڭ،
ھىجرانغا ئەبدىي بولالارمۇ خال؟!
بىر مەھەل ياشارمىز قۇت ئىچرە غەمسىز،
ئاھ، ئۈنتۈش بەختلا بولسا ئېھتىمال.

# كۈتۈش

**غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت**

ئېھ، كۆكۈللۈك، بەكمۇ كۆكۈللۈك،
كۈتۈپ ئولتۇرۇش يوچۇن بىرسىنى.
ئىشىك چېكىلەر... شۇ بىر دەقىقە
ھېس قىلسەن قايتا ئۆزۈڭنى.

قەلبىڭدىكى تاقىر دالىغا
سايە تاشلار ياز بۇلۇتلىرى.
ئۇچۇپ كېلەر يىراق دۇنيادىن
مۇھەببەتنىڭ مىسكىن قۇشلىرى.

دات باسقان خەنجىرىڭنى قويۇسەن سىلاپ،
بەلكىم ئۇ قاتىلمدۇر... دەيسەن پىچىرلاپ.
ئاھ، سېغىنغان ئىدىڭ سەن ئۇنى،
بىر ياۋۇز ئىستەكتە تۇرسەن چاچراپ...
لېكىن ئىشىكنى ئاچما ئەزىزىم،
سۇرۇۋەر جىمجىتلىقىنە شېرىن لەززەتنى.
بەلكىم ئۇ شامالدۇر، يا بىر شوخ بالا،
ئىشىكنى ئاچما، ئاچما ئەزىزىم،
كۈتۈرۈش بەك مۇشكۇل بۇنداق زەربىنى.

# بەدەن ئۇۋلىغۇچى قىز

**مەڭلىك كېرىم (ياۋا)**

قىپيالىڭاچ تېنىڭنى ئورىۋالغان گۈزەل كۈز،
سەن بىر ئالما دەرىخى مېۋىلىرى ئوخشىغان.
ئاق بېلىقتەك ئۈزىسەن قەلبىم چوڭقۇر قېتىدا،
كۆز ئالدىمغا كېلىسەن بەك بىچارە، پەرىشان.

يالترايدۇ كۆك كۆزۈڭ، كۆزلىرىمگە قارايسەن،
قوللىرىڭدا ئوينايدۇ سالقىن ئازاب-ئوقۇبەت.
لەۋلىرىڭدە گۇناھكار ساددا كۈلكە پارلايدۇ
تارتىۋاپسەن يۈزىڭگە قارا تۇمان نىھايەت.

جىمجىتلىقنى ئۇنتۇدۇڭ، قاناتلىرىڭ كېرىلگەن،
ئەسلىتىدۇ جىسمىڭنى خىلۋەتتىكى قەلەمپۇر.
تونۇمايسەن ھېچكىمنى، تونۇغۇسىز ھەممە ياق
باھار جىسمىڭ كارامەت پەرىشتىگە ئوخشاشتۇر!

# ئوۋچى

**نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى**

ئوۋلايمەن روھىمنى،
بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەن.
تونۇماي قالىمەن ناتونۇش كىشىدەك،
پەيدا بولسا كىيىم كىيىپ گەر.
چىنمۇ، يالغانمۇ بىلمەي قالىسىز،
روھلارنىڭ نىقابىنى كىيسىڭىز بىردەم.
ئالداپ قويىسىز ئۆزىڭىزنى بەس،
شۇڭا مېنىڭ كۆزۈم
يىراقتىن كۆزۈتەر تېنىمنى.
ئوۋلايمەن ئۇندا مىڭ مۇشەققەتتە،
روھىمنىڭ ھەر خىل شەكلىنى.

# دوسكا ۋە قىز

**يالقۇن ئەزىزى**

قاپقارا دوسكىغا تىكىلدىم ئۇزاق،
دوسكىدىن چىقماقتا بىر گۈزەل قىزچاق.

چۈشەندىم ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى مەن،
قەلبىمنى بىر قېتىم ماتلاپ بېقىپ.
سائەتنىڭ تىلىغا ئېسىلغان تېنىم،
جىمجىتلىق ئىچىگە چۈشمەكتە ئېقىپ.

قېپقالدى يىراقتا سۈپسۈزۈك كېچە،
مۇقەددەس، پاك شېرىن چۈشلەرنى تۇغۇپ.
شام نۇرى، شېئىر ۋە تۆت تامغا قاراپ،
ئۆزۈمنى بىر قېتىم باققانتىم بوغۇپ.

جىمجىتلىق ھەرىكەتنىڭ قالدۇقى ئەمەس،
ئۆزۈمنى سىزمىسام تاپمەن تەسكىن.
كىمكىنە كېتىۋاتقان سايىنى سۆرەپ،
شەپەقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ غەمكىن؟
دۇنيادا بارچە رەڭ يوقايدۇ بىر تۈن.
نېمىشقا قىلىمەن كۆڭلۈمنى بۇزۇپ؟
كېچىنىڭ باش سۆڭىكى ئاپئاق تولۇنئاي،
چۈشمەكتە ئۈن-تىنسىز سىنىپقا تۇزۇپ...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاشىقلار تىلى

خالىدەم كەنجى

«ھېچ ئىنسان چۈشەنمەس دەردلىرىمنى» دەپ،
ئازابتا ئۆرتىنىپ يۈردىڭمۇ نىگار؟
قەلبىمىز سىرلارنى سۆزلىشەر پىنھان،
چۈشەنمەس ئۆزگىلەر بۇ تىلنى زىنھار.

چۈشەنسەڭ ئاشىقلار تىلى ئاۋازسىز،
ھېسلىرى ئاجايىپ قايناق ۋە تۇيغۇن.
مۆجىسسەم جىسمىدا يېڭىلمەس بىر كۈچ،
چاقنايدۇ كۆزىدە ئىلاھى ئۇچقۇن.

# ئىنتىزارلىق

ئەنۋەرجان مۆمىن

مەن يالغۇزمەن، سېنىڭدەك تەنھا،
غېرىبلىقىم ئۆتتى جېنىمدىن.
سەنمىكىن دەپ قاراپ قاپتىمەن،
سەندەك بىر قىز ئۆتسە يېنىمدىن.

رومكا ئىچرە تۇرار چايقىلىپ،
ئىھ، قەدىردان پىۋا كۆپىكى.
قار ئۈستىدە يىغلار ئىسەدەپ،
خۇددى بىزدەك قۇشنىڭ يۈرىكى.

مەن قورقىمەن قۇش بوپ قېلىشتىن،
باھار ئىزدەپ تېنەپ يۈرۈشتىن.
مەن قورقىمەن باھار كەلگەندە،
يىغلامسىراپ ئۇنى كۈتۈشتىن.

سېنى كۈتۈپ مۆھتەرەم قىزچاق،
مەن يىغلايمەن قۇشلار تىلىدا.

ئۇچالمايمەن يىراققا ئەمما—
بوغۇچلانغان قانىتىم قىلدا.

قولۇڭدىكى گۈلدەك سولىشىپ،
سەن يۈرسەن غەمكىن شۇ تاپتا.
مۇنبەت تۇپراق بولاي سەن ئۈچۈن،
سايە تاشلا ماڭا ئاپتاپتا.

ئۇچۇپ كەلگىن سەن بىر قۇش بولۇپ،
بۇ دۇنيانىڭ يىراق چېتىدىن.
يۈرىكىمدە بار بىر ئورمانلىق،
ئورۇن بېرەي چوڭقۇر قېتىدىن.

سېغىنىشىم قاراڭغۇ تۈندەك،
يىراق تېخى ساڭا يېتىشتىن.
كىرىپ كەلگىن چۈشۈمگە ئاستا،
ئىھ، قورقىمەن يالغۇز يېتىشتىن.

# ئاچالدىكى شۇرلاش

ئەخمەتجان تۇرۇپ

قەلبىمدىن يىراقلاپ كەتسەڭ بۇ سائەت،
قارغاپمۇ يۈرمەيمەن گۆدەكلىكىمنى.
خۇشۇم يوق ئازابسىز مۇھەببەت بىلەن،
كۆمسەممۇ خازانغا باھار پەسلىمنى.

ئېھتىمال دەرد بىلەن يۈرۈپ سايىدەك،
تاپارمەن ئاخىرى بەندىلىكىمنى.
چوكا مۇز باغرىمدىن ئاقسا تاراملاپ،
رېئاللىق قايتىدىن قۇچاقلار مېنى.

# ئانا ماكاندىكى تۇيغۇلار

(ئەدەبىي خاتىرە)

### كېرەم قاسىم ئەۋجى

رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى، ياپيېشىل باغلارنىڭ كۆركەم مەنزىرىلىرى ۋە گۈلشەنلەر ئارا ئۇچۇپ يۈرگەن ھەرخىل قۇشلارنىڭ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇدەك يېقىملىق سايراشلىرى قوشۇلۇپ، گۈزەل يۇرتۇم شايارنىڭ ياز مەنزىرىسىگە ئاجايىپ سېھرىي تۈس ۋە شادلىق ئاتا قىلغانىدى.

بىز بىرنەچچە يىلەن بىر قېتىملىق ئىختىيارىي ساياھەتكە بەل باغلىدۇق. ساياھىتىمىزنىڭ يېتەكچىسى — ئەمدىلا 32 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مۇئاۋىن ھاكىم ئېزىز مۇسا بولۇپ، ئۇ بۇ ساياھەتكە خېلىلا قىزىپ قالغانىدى. بۇ كىشى ئەسلىدىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە تارىخقا قىزغىن ھەۋەسى بار ئۆتكۈر پىكىرلىك، يۇمۇرلۇق ئادەم ئىدى.

بىز بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىز ئارقىلىق ناھىيىنىڭ يۇرۇقتۇملۇق رايونلىرى، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، تارىخىي خارابىلەر، نۇرغۇن تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر بىلەن تونۇشۇۋالالايدىغانلىقىمىزغا ۋە قىممەتلىك تارىخىي يېڭى ماتېرىيال تاپالايدىغانلىقىمىزغا، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان بۇ مىراسلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ يۇرۇختۇرمىلىق ئىچىدىكى روھىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق ھاۋاسىغا چۆمۈلىشىگە ئىشىنەتتۇق. بىز ئەنە شۇ شېھرىي تۇيغۇلار ئىستىكى بىلەن يولغا چىقتۇق.

ئىككىنچى ئىيۇن، سەھەر.

ئەمدىلا كۆتۈرۈلەي دېگەن قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئاسمان گۈمبىزىنىڭ شەرقىي گىرۋىكىنى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر بىلەن نەقىشلىگەنىدى. بىز ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا ئىككى ماشىنىدا يولغا چىقتۇق.

كونا ئىككى جىپ ماشىنا چۆللۈكتىكى ئاسپالت ۋە شېغىل يوللاردا 40 كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، ئوتتۇنچىلار ئاچقان ئەگرى-بۈگرى توپىلىق يولغا كىرىپ كەتتۇق. مانا ئۆز ئارا قىلىشىۋاتقان كۈلكە-چاقچاقلار ماشىنىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق قاتتىق سىلكىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ھەممىمىز ماشىنىنىڭ تۇتقۇدەك جايلىرىنى چىڭ تۇتقىنىمىزچە ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتقا قاراپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندۇق.

— ھەي، ماشىناڭنىڭ چاقى سوقچاق بولۇپ قالدىمۇ-نېمە؟ — دېدى ئارقىدا ئولتۇرغان ئابدۇسالام مۇئەللىم.

— ياقەي، چاقتا گۇناھ يوق، يول ئېگىز-پەس، — دېدى شوپۇر ئابدۇغوپۇر گەپنى تۈزلا قىلىپ.

قاقاس چۆللۈكتىكى توپىلىق يولدا بىر-بىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنى ئاپتاپ زەربىسىدىن چاڭقىغان ئۆلۈك توپىلار چاڭ-توزانغا كۆمۈپ تاشلاپلا قالماي، ماشىنىنىڭ ئىچىنىمۇ چاڭ-توزانغا تولدۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىنىڭ ھەر قېتىملىق قاتتىق سىلكىشلىرى ئولتۇرغانلارنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتەتتى.

— ھەرقايسىڭلار بۆشۈكتە يېتىپ باققانمۇ؟ — دېدى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئېزىز قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئۇ بۆشۈك خېلىلا سىلىق تەۋرىتەتتى، ئەمما مۇنۇ بۆشۈك... — دېدى ھىمىت مۇئەللىم سۆزىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋېتىپ.

ئەتىيازنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا كۆمۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان تار چىغىر يول، بولۇق ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە ياۋا چېچەكلەر بىلەن بىرلىشىپ بىر يېقىشلىق كارىدور ھاسىل قىلغانىدى.

— قاراڭلار! يۇلغۇن چېچىكى بىلەن ياۋا چېچەكنىڭ پۇرىقى بۇ جاڭگالنى خۇددى باغچىدەك خۇش بۇي قىلىۋېتىپتۇ، — دېدى ھاكىم كۈلگىنىچە.

زومچەك-زومچەك يۇلغۇن دۆڭلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىمىزدا پات-پات يولدىن كېسىپ ئۆتۈشۈۋاتقان ياۋا توشقانلار، چىل، قىرغاۋۇللار كۆزگە چېلىقاتتى.

— قاراڭلار! ئاۋۇنىڭغا، - دېدى ئۆمەر ئەمەت. ھەممىمىزنىڭ كۆزى شەرققە بۇرالدى، يېقىنلا يەردە بىر جۈپ كېيىك بالىسى ئوتلا-ۋاتاتتى. ئۇلار ئوتتىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، خۇش كەپسىلەر، دېگەندەك ئوماق كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ قارىشاتتى.

ئالاھەزەل ئون كىلومېترچە ماڭغاندىن كېيىن ئالدى يان تەرىپىمىزدە بىر قەدىمي قەلئە خارابىسى نامايان بولدى. مەن خۇددى ئەڭ ئېسىل بىر ئولجىغا يولۇققاندەك خۇشاللىق بىلەن:

— ئەنە! توڭگۇزباش خارابىسى، — دەۋەتتىم ھاياجىنىمنى باسالماي. ھەممىمىز شۇ ياققا تىكىلگىنىمىزچە قەدىمي قەلئە سېپىلىگە تەقەززالىق ئىچىدە يېقىنلاشتۇق.

قىقاس-سۈرەن بىلەن ماشىنىدىن چۈشكىنىمىز-چە يۈگرىگىنىمىزچە يۇقىرىغا ياماشتۇق. ئەجدادلىرىمىز ئەقىل-پاراسەت، چەكسىز جاسارەت بىلەن بەرپا قىلغان بۇ قەدىمي شەھەر خارابىسىنىڭ تېخىچە ھەيۋەت بىلەن مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئېزىز ھاكىم كۆپچىلىككە قاراپ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن:

— بۇ جاينى ھازىر كىشىلەر توڭگۇزباش خارابىسى دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل بۇزۇلغان تەلەپپۇز. بۇ ئەسلىدە تۇغقۇس-باش بولۇپ، قەدىمكى تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان تۇغقۇس قەبىلىسىنىڭ باش ئوردىسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ماھىيەتتە بۇ تۇغقۇس قەبىلىسى باشلىقىنىڭ قارارگاھىدۇر. بۇ جاينىڭ تارىختىكى نامى «تۇغقۇسباش» بولغان بولسىمۇ، بارا-بارا تىلنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە توڭگۇزباش دېگەن نام ئومۇملىشىپ قالغان، — دېدى ئىزاھات بېرىپ. ھاكىمنىڭ يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشى بىلەن مەنمۇ قايتىدىن يېڭى بىر ئۇقۇمغا ئىگە بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم-دە، سېپىلگە چەكسىز ھۆرمەت بىلەن بىر پەس تىكىلگىنىمچە، ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بوش بىر جايىدىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۈستىگە ياماشتىم.

ھەر تەرەپكە ئالتە يۈرۈش غوجاتام توختىتىپ مۇكەممەل ياسالغان بۇ سېپىلنىڭ ئاستى كومۇلاچ لاي، ئۈستى كېسەك بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، كەڭلىكى شىمالدىن جەنۇبقا 300 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 200 مېتىر چامىسىدا كېلەتتى. ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، سېپىل ئۈستى كەڭلىكى ئىككى مېترچە بار ئىدى، ھەتتا ھەر بىر كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك سانتىمېتىر كېلەتتى.

مەن بۇ جايغا بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم كەلگەن بولسامۇ، ئۇ چاغدا نېمە ئۈچۈندۇ مەدەنىيەت، تارىخ جەھەتتىكى قىزىقىشىم يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. كېيىنكى چاغلاردا ناھىيىمىز شايارنىڭ تارىخي تەزكىرىسىنى تەپسىلي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن قايتا كېلىشنى كۆپ ئويلىغان بولسامۇ، خىزمەت شارائىتىم يار بەرمىگەچكە كېلىپ بولالمىغانىدىم.

مانا، ھەر خىل نازۇك ھۈنەر-سەنئەت بىلەن نەقىش ئىشلەپ چىقىرىلغان ۋە سىر بېرىلگەن گۈللۈك ئويما بىلەن بېزەلگەن قاچا-قۇچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى، سىرلانغان ھېجىر پارچىلىرى، ياغاچ كۆمۈرنىڭ ئۇۋاقلىرى. سېپىل ئاستىدىن بىر قىسمى چىقىپ قالغان تۆگە يۇڭىدا ئىشلەنگەن ئاق كىگىز پارچىسى نەچچە يۈز يىللاپ ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇلار يەنىلا ئۆز پېتى ساقلانغانىدى.

مەزمۇت سېلىنغان بۇ كۆركەم سېپىل خارابىسى ئەلۋەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ شاھىدى ئىدى. بىز ئايلىنىپ يۈرۈپ، يۇلغۇننى تاتما قىلىپ قوپۇرۇلغان سېپىلنىڭ ئۈستىدە شامالدا ھۇزۇرلىنىپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغاچ كەڭ كائىناتقا نەزەر سالاتتۇق...

پاھ، نېمدېگەن چەكسىز دالا، نېمدېگەن سۈزۈك ئاسمان. سېپىلنىڭ ئەتراپى چەكسىز

www.uyghurkitap.com

دېڭىزغا ئوخشاش ئوتلاق ۋە يولغۇنلۇق بىلەن بېزەلگەن. شەھەر خارابىسى گويا چەكسىز ئوكياندا مەزمۇت ئۈزۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتنى ئەسلىتەتتى.

— ئەجدادلىرىمىز مۇشۇنداق مۇستەھكەم قورغان ۋە تۇرالغۇ جايلارنى بىنا قىلىپ، تۈپلىشىپ ياشاپ، بوران-چاپقۇنلاردىن ۋە يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ هۇجۇمىدىن، يات قەبىلىلەرنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن ئۇنۇملۇك ساقلانغان ئىكەن-دە! — دېدى ئېزىز هاكىم ئىپتىخارلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ. مەن شۇ تاپتا ئۆزۈم توپلاپ كېلىۋاتقان تارىخىي خاتىرىلىرىمىزنىڭ شايار ھەققىدىكى بابلىرىنى كۆڭلۈمدە ۋاراقلاپ ئۆتمەكتە ئىدىم...

مەشھۇر ئارخېئولوگ، هارماس ئېكسپېدىتسىيەچى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1954-يىلى شايارغا 4-قېتىم تەكشۈرۈشكە كېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ياتاقشەھەر دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدىن ئاجايىپ مەمنۇن بولغان. ئۇ كەڭلىكى سەككىز مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر، ئۇزۇنلۇقى يۈزنەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان خەن سۇلالىسىگە ئائىت ئۆستەڭ خارابىسىنى بايقىغان ۋە شۇ جايدىن خەن دەۋرىگە ئائىت يارماق پۇل تاپقان. بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا شايار تۇپرىقىدا ئۆستەڭ چېپىپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرغانلىقى ئىسپاتلانغان.

كۇچا، شايار، بۈگۈر، توقسۇ، باي قاتارلىق بەش ناھىيە دائىرىسىدىلا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن: قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇر مىڭئۆيى، ئاقشەھەر، چوڭشەھەر، ئۈچقات شەھەر، تاشدۆڭ، ئەگمىياتاق قاتارلىق 37 ئورۇندىكى تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىر دائىرىدە تۇرۇۋاتقان بۇ خارابە تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، خەن سۇلالىسىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، بۇ خارابىنىڭ تارىخىنى ھېچقانداق رىۋايەتتىن، يازما خاتىرىلەردىن ياكى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ — كىشىلەرنىڭ بۇ شەھەر خارابىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىنىڭ ئاللىقاچان يىراقلارغا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەزكۇر خارابە، ئەگمىياتاق، ياتاقشەھەر، تاشدۆڭ خارابىلىرى بىلەن بىر سىزىقتا بولۇپ، 1954-يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تاشدۆڭ خارابىسىدىن خەن خاندانلىقىغا ئەل بولغان لى چۇنگە بېرىلگەن قوشقار سۈرەتلىك بىر تامغىنى تاپقان. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ جاي نېمىشقا ئۆلكە دەرىجىلىك قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەندۇ؟...

دېگەن خىياللارغا ئۇلىنىپ كۆز ئالدىمىزدا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بوز يەر ئېچىش، يەر ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسى — بىرەر-ئىككى يىل ئىچىدىلا بۇ جايدىكى چارۋىچىلارنى يۆتكىۋېتىپ، ياۋايى هايۋانلارنى قوغلىۋېتىپ، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك، ئورمانلارنى كېسىپ يىلتىزىدىن تۈگىتىپ، يەر ئېچىپ دېهقانچىلىق قىلىپ، بىر نەچچە مىڭ يىللىق بوران-چاپقۇنلاردا ساقلىنىپ كەلگەن بۇ قىممەتلىك تارىخىي ئىزلىرىمىزنى يەر يۈزىدىن يوقىتىۋېتىشكە يۈزلەنگەن خىيالىي كۆرۈنۈشلەر كۆڭۈل ئېكرانىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۆكۈنۈش ئىچىدە خىيال دېڭىزىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىنىمدا، قۇياش غەرب تەرەپكە سۇرۇلگەنىدى. تۇيۇقسىز نەزىرىم يەتتە-سەككىز كىلومېتىرچە يىراقلىقتا يەنە بىر خارابە ئىزىغا چۈشكەنىدەك بولدى. دىققىتىمنى يىغىپ، سىنچىلاپ كۆزەتكەنىدىن كېيىنلا، قولۇم بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدىم:

— قاراڭلار، ئاۋۇ ياققا قاراڭلار! — كۆپچىلىكمۇ دەرھال كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ كۆزىتىشكە باشلىدى. يەنە شۇ تەرەپتە يىراق بىر جايدا بىر پارچە سۇلۇق كۆل كۆزگە ئېنىق چېلىقىپ تۇراتتى.

ھەممىمىز «يۈرۈڭلار» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ماشىنىلىرىمىزغا ئولتۇرۇپ ھېلىقى نىشانغا يۈرۈپ كەتتۇق.

— ئالدىمىزدا بىر كۆل بار ئىكەن جۇمۇڭلار، - دېدى ئەخمەت ئېزىز. دەرۋەقە، ئالدىمىزدا چوڭلا بىر كۆل تۇراتتى.

— ياق، سۇ ئەمەس...

—چوقۇم سۇ...

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

— قۇياش نۇرىنىڭ شورلۇقتا سۇنغان شولىسى، يەنى ئالۋۇن بولۇشى مۇمكىن، بۇ چۆل-جەزىرىدە سۇ نېمە ئىش قىلىدۇ...

— ياق، چوقۇم سۇ...

— ئەمەس، سۇ ئەمەس...

قارىمۇ قارشى پىكىرلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن نۇرغۇن يولنىمۇ بېسىۋەتتۇق، بىراق يېقىنلا كۆرۈنگەن ھېلىقى «سۇ» بىزدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىۋەردى. بىز ھېچقانداق سۈيى بار كۆلگە يولۇقمايلا يەنە بىر خارابە قېشىغا كېلىپ قالدۇق.

— بىزنىڭ پېشقەدەملەر ئېيتىپ بېرىدىغان «بۇتباش» شەھىرى دېگەن قەدىمكى شەھەر شۇ، — دېدى ئېزىز ھاكىم.

بۇ سېپىل خارابىسىنىڭ دائىرىسى توڭگۇزباش خارابىسىدىن ئىككى ھەسسە كىچىك ئىدى. ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، ياسىلىشى توڭگۇزباش خارابىسىنىڭكىگە تامامەن ئوخشايتتى. بىز سېپىل ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بوش بىر جايىنى قولىمىز بىلەن كولىغىنىمىزدا بىر كۆتەك چىقتى. كۆتەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتر، قېلىنلىقى ئون سانتىمېتر، كەڭلىكى 20 سانتىمېترچە بولۇپ ھەرە بىلەن كېسىپ، پالتا بىلەن چېپىپ چاسا شەكىلدە ياسالغان، ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بەش سانتىمېتر كېلىدىغان يوملاق تۆشۈك ئويۇلغانىدى. بىز بۇنىڭغا قاراپ، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئىشىك ئۇلگىچىكى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشتۇق. بىز شەھەرنىڭ ئورنى، ھەجمى ھەم نامىغا قاراپ بۇنى توڭگۇزباش قەبىلىسىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن دېيىشتۇق. ھەرخىل قىياس-پەرەزلىرىمىزنى سۆزلەشكەچ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، ئايلىنىپ شىمالىي بۇلۇڭغا كەلگەندە، بىر ئانا قۇشنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۇم-دە، تېزلا ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا يېقىنلاشتىم. شۇئان ئارقامدىن كەلگەنلەرمۇ گۇررىدە ئولاشتى. چوڭ بىر ئۇۋىدا توخۇ چوڭلۇقىدىكى تۆت تۇش بالىسى گويا «بىزگە چېقىلمىساڭلار، بىز مۇشۇ چۆللۈكتە ياشاپ قالايلى» دېگەندەك ئىلتىجالىق كۆزلىرىنى بىزگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

ئادەمسىز، سۇسىز بۇ چۆل-دەشتتە [illegible] قۇش باللىرىنى قانداق چوڭ قىلدىغاندۇ؟ — دېدى ئەھەت ئاقسۇ بىزگە قاراپ.

— باياتىن بېرى ماشىنىدىن ئۈركىگەن قىرغاۋۇل، چىل، توشقان، جەرەنلەرنى، ھېلىقىدەك ئوماق قاراپ تۇرغان كېيىك باللىرىنى، ئاۋۇ ياتقان كېلە-كەسلەنچۈكلەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئاشۇ جانلىقلار ھايات كەچۈرگەن يەردە بۇ قۇشنىڭمۇ رىسقى باردۇر، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاپتالدا ياتقان 40 سانتىمېتر چوڭلۇقتىكى بىر كېلەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

مەن بۈگۈن كۆرگەن جايلىرىمدىكى قالايمىقان چېپىلىپ ياتقان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ سۆڭەكلىرىگە ھەر بىر قارىغان چېغىمدا، يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ كېتىۋاتقان ھايۋاناتلارغا ئىچىم ئاغرىغان بولسىمۇ، تېخى ئەمدىلا تۈك چىقىشقا باشلىغان ھېلىقى قۇش باللىرىنىڭ ئۈمىدكە تولغان دۈگىلەك كۆزلىرىگە قاراپ، بىزگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز پاناھلانغان مۇشۇنداق جايىنى تېپىپ ماكانلىشىپ، ئۆز ئەۋلادىنى قۇرۇتۇۋەتمەي ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئاجايىپ بىر تۇيغۇغا كەلدىم-دە، ئۈستىمىزدىن يىراق كەتمەي، ئۇۋىدىكى باللىرىنىڭ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەگىپ يۈرگەن ئانا قۇشنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەيدىغان جەسۇرانە روھىنى كۆردۈم.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەكلىماكان قوينىدا مۇشۇنداق شەھەر، قەلئەلەردىن نەچچە ئون، نەچچە يۈزنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەۋلادلىرىنى تاكى بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكى، شۇ ئارقىلىق دەۋرىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالغانلىقى ھەققەتەن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز ئۇلۇغ تۆھپە ئەمەسمۇ؟

كۆڭلۈمدە مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى تەكلىماكاندا...» دېگەن ئىلمىي سۆزىنىڭ قىلچە مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى

يەنە بىر قېتىم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھېس قىلدىم.

ئەگىپ يۈرگەن قۇشنى قوغلاشقاندەك، بىزمۇ ئەگىپ يۈرۈپ، غەرب تەرىپىمىزدە يەنە بىر ئاقۇش جاينى كۆردۇق. بۇنى بەزىلەر پادىچىنىڭ ئۆيى دېسە، بەزىلەر تۇر بولۇشى مۇمكىن، دەپ تالاش-تارتىش قىلىشقىلى تۇرۇۋېدى، ئېزىز ساكىم بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بىزنى سۆزدىن توختاتتى:

—يۈرۈڭلار، بېرىپ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن بىرنېمە دەيلى.

ئىسسىقتىن پۇتۇن بەدىنىمىز چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. شۇڭلاشقىمۇ ھاكىمنىڭ بۇ تەكلىپى بەزىلەرگە سەل ئېغىر بىلىندى. چۈنكى ئەمدى ماشىنا بىلەن بېرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

— سۇمۇ تۈگىدى، كېيىنكى قېتىم بارا بىلچۇ، - دېدى ئەخمەت ئېزىز.

— بىردەملىك ئىسسىققا چىدايلى، -دېدىم مەن جاۋابەن.

— قېنى كېلىڭلار، يانچۇقىمدا بىرنەچچە تال غورا بارئىكەن، بىرتالدىن بېرەي —دېدى ئۆمەر غىجەك ھەييارلىق قىلىپ. بۇ غورا بىزنى بىر يۇتۇمدىن ئاچچىق-چۈچۈك دوغاپ ئىچكەندەك روھلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى نىشانغا قاراپ ئاتلاندۇق. تەخمىنەن تۆت كىلومېتىرچە كېلەر دېيىشكەن جايغا نەق ئىككى سائەت مېڭىپ ئاران يەتتۇق. ھېلىقى «پادىچىنىڭ ئۆيى» نىمۇ كۆردۇق.

— ۋايجان، ماڭغۇدەك ھالىم قالمىدى...

- ۋاي خۇدايىم بۇنداقمۇ ھارامدۇ كىشى...

يۇقىرىقىدەك ۋايساشلاردىن خاپا بولغان ھاكىم :

— ئەجدادلىرىمىز ھېلىقىدەك يوغان كېسەكلەرنى نە-نەلەردىن كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ شەھەر بىنا قىلغانىدا تارتقان جاپالىرى ئالدىدا بۇ جاپالىرىمىز نېمىگە ئەرزىيتتى؟! يۈرۈڭلار، ئۈستىگە چىقىپ ئاندىن ئارام ئالايلى، — دېدى بىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ.

كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئون مېترچە ئېگىز قۇمنىڭ ئۈستىگە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ تۇرنىڭ ئېگىزلىكىمۇ ئون مېتىردىن ئاشاتتى. ئۈستى يۈزى بەش مېتىر ئەتراپىدا، ئاستىنىڭ كەسمە يۈزى تەخمىنەن 15 مېتىرچە كېلەتتى. ئۈستى چاسا بولۇپ، بىر بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن باشقا قالغان جايلىرىنىڭ ھەممىسى مەزمۇت ئىدى. بىز ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن سالقىن شامالدا ھاردۇقىمىز چىققاندەك بولدۇق. بىز بۇ تىلغا ئېلىنمىغان تۇر ھەققىدە ھەر خىل تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇق.

— بۇ تۇر ئاشۇ ئىككى قەلئەنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغان بولۇشى مۇمكىن. - دېدى ئابدۇ سالام.

— شۇنداق، بۇ تۇر تەزكىرىلەردىمۇ، خەرىتىلەردىمۇ كۆرۈلمىگەن، كىتابلاردىمۇ قەيت قىلىنمىغان تۇر ئىكەن،— دېدى ھاكىم.

— مەنمۇ ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن،— دېدى ئەخمەت ئېزىز.

ئىنچىكىلەپ قارىغاندا بۇ تۇرنىڭ ئۈستىدە ۋە ئەتراپلىرىدا كەتمەنكە ئوخشاش سايمان بىلەن تاراشلانغان ۋە كولانغان ئىزلار ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئەتراپىدا ھېجىر پۇچۇقلىرى، كۆمۈر ئۇۋاقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. شامالدا ئېچىلىپ قالغان تۇشۇكلەردە ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان كېلەلەر ياتاتتى. بىز كىشىلەر ئۈنچە بىلىپ بولالمىغان بۇ تارىخىي يادىكارلىقنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشال بولغان ھالدا ماشىنا يېنىغا ئاسانلا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتۇق.

قايتىش سەپىرىمىزدە تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن بۇ كۆكتۈللۈك ئارخېئولوگىيىلىك ساياھىتىمىز ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

- خەن سۇلالىسىنىڭ چېدىرىدا قۇرۇقچى مەھكىمىسى قۇرغان ۋاقتى تەكلىماكاننىڭ تازا گۈللەنگەن ۋاقتلىرى بولسا كېرەك.

— ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق سەپىرىدە شايار تەۋەسىدە يەنە نېمىلەرنى بايقىغان بولغىيدى، بۇ ھەقتە تارىخ بابلىرىغا نېمىلەرنى يازغاندىكىن-ھە!

www.uyghurkitap.com

— ئاشۇ سېپىل-قەلئەلەردىن قارىغاندا، شۇ چاغلاردىكى كىشىلەر ناھايىتى كۈچلۈك ھەم بەستلىك بولسا كېرەك.

— قېرىلارنىڭ بۇرۇن ئات-تۆگىلەرگە ئۇزۇق-تۈلۈك ئېلىۋېلىپ، بىرقانچە ئون كۈن تەكلىماكانغا كىرىپ ئىزدەپ كېلەتتۇق، دېگەنلىرى راست ئىكەن-دە.

ئېھتىمال ئۇ چاغلاردا تېرىلغۇ ئاز بولۇپ، ئوۋچىلىق ئاساسىي ئورۇندا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

— توۋا، ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى كۆردۇق-ھە.

— تۇپراقنىڭ شورلىششى، قۇم-بورانىنىڭ كۆپىيىشى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ خىمىيىلىك رېئاكسىيىگە ئۇچرىشى تەسىرى ئارقىسىدا ئاشۇنداق قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىمىز توزۇپ كېتەرمۇ؟...

بىزنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق سوئاللىرىمىز، تەسەۋۋۇرلىرىمىز كۆلكە-چاقچاققا ئورۇن بەرمەيتتى. ھېچكىمنىڭ سۆز ئېيىشنى ئېيتقىسىز ئىبارىلەرگە بۇرۇنقىسى كەلمەيتتى. بىز ئاشۇنداق تارىخىمىز، ئەجدادلىرىمىز ھەققىدە سۆزلەشكىنىمىزچە چۆللەرنى بېسىپ بىر تەبىئىي كەنتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئائىلىنىڭ بېغىغا يېقىنلاپ كەلدۇق. باغدىكى كۆلدىن قاپاققا سۇ ئېلىۋاتقان ئاق چاچلىق بىر مومايىنىڭ قولىدىكى نوكۇيدە بەس-بەستە سۇ ئىچىپ، سالقىن كۆل بويىدا ئارام ئالغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

بىز دەم ئېلىش كۈنلىرى توپلىشىپ سەۋر تۈزۈپ ئىسراپچىلىق بىلەن كۆڭۈل ئاچقۇچە پۇرسەت تېپىپ مۇشۇنداق ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ ئىزدىنىپ، تەبىئەتنى كۆزەتسەك، تارىخىي ئىز، تارىخىي مىراسلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن روھىي ئوزۇق ئالساق ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلساق مەنىۋى تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكەن بولمامدۇ... دېگەن ئىجابىي پىكىرلەرنى قوللىشىپ ماشىنىلىرىمىزغا چىقىشتۇق.

يول بويىدىكى پاكار سېلىنغان كېسەك ئۆيلەر ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە خۇددى قەدىمىي سېپىلنىڭ خارابىسىدەك كۆرۈنۈپ ئارقامدا قېلىۋاتاتتى. خىيالىم يەنىلا شۇ قەدىمىي قەلئەدە بەرۋاز قىلاتتى...

ئېخ تارىخ، بىز سېنىڭدىن ئۆگەنگەن مەنىۋى بايلىق قانچىلىكتۇر. بىز تېخى بىلىپ بولالمىغان سىرلار قانچىلىكرەكتۇر؟! بىز بۇ مەدەنىي مىراسلارنى، تارىخىي مىراسلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئېلىپ بارالايدىغان بولساقلا، شۈبھىسىزكى ئەجدادلىرىمىز ئىشلەپ بولالمىغان تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئەۋلادلىرىمىز چوقۇم ئورۇندايدۇ. ئۇلۇغ تارىخىمىز غەلىبە بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆلنىپ بارىدۇ. مىللەتنىڭ پارلاق نەتىجىلىرى تارىخ بېتىدە ئالاھىدە سەھىپىلەر قالدۇرىدۇ.



# يىلتىز

( هېكايە )

ئەخمەت هامۇت

## 1

ئىيۇل... ئەتراپ ئوتتەك قىزىق. قىزىغان تونۇر تەپتىدەك نەپەسنى كۆيدۈرگۈچى ئىسسىق هاۋادا نە شامال، نە سەلكىندىن ئەسەرمۇ يوق. گويا هەممە نەرسە، هەممە مەۋجۇتلۇق قۇياشنىڭ هارارەتلىك تەپتىدىن هوشسىزلىنىپ يىقىلغاندەك، سۈكەت، جىگدە يوپۇرماقلىرى سولىشىپ تىزراتتى. بۇغدايلىرى ئورنۇلىنىپ ئۆنچىلىرى توشۇپ كېتىلگەن ئېگىزلىق ئاقىرىپ كۆرۈنسە، ئۇنىڭدىن يال-يال قىلىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئالۋۇن يىراقتىن خۇددى تىنىمسىز چايقىلىۋاتقان سۇپسۈزۈك دەريا سۇيىدەك كۆرۈنەتتى. چەكسىز كەتكەن ئېگىزلىقنىڭ بىر بۇرجىكىدە 6-7 موچە كېلىدىغان بۇغدايلىق خۇددى پاكىز قىرىلغان باشنىڭ، بىر يېرىدە ئېلىنماي ئالا قالغان چاچتەك، بىرخىل بىچارە هالەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، بۇغدايلار ئالىقاچان پىشىپ تاراڭشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ يول چېتىدىكى بىرمۇنچە يەرلىرى كىمنىڭدۇ قوي، كالا پادىلىرى تەرىپىدىن دەسسەپ چەيلەنگەن...

گۈلسۇمخان مۇشۇ بۇغدايلىقنىڭ ئارىسىدا تىمىسقىلاپ، تەرلەپ-پىشىپ يۈرگىنىگە قاچان؟ شۇنچە كۆپ بۇغداينى بىر تۇتام، بىر تۇتامدىن ئورۇپ خېلى بىر يەرلەرگە ئاپارغىنىغا قارىماي يەنە قالغان قىسمى بۇ كۈنلەردە تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن قورقۇپ كۆزىگىچە تېڭىۋالغان ياغلىقى ئارىسىدىن چېكىسىنى بويلاپ ئاچچىق تەر شورقىراپ قۇيۇلاتتى. ئىككى مەڭزى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچى قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىدىن چاۋۇرۇپ قارىداپ كەتكەنىدى. سول قولىنىڭ ئورغاق كەسكەن بارماقلىرىدا قوپال ئورالغان پۇرۇچ ئۇچلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. شۇنداق، ئۇ هەممە ئىشقا، ئورمىغىمۇ پىشقان ئايال. ئۇ ئورغاقنى ئەرلەرگە خاس رېتىم بىلەن سالىدۇ. هەر قېتىم سالغان ئورغاق بىلەن تەڭ ئالدىغا بىرقەدەم-بىرقەدەمدىن ئىلگىرىلەيدۇ...

ئېرىق بويىدىكى دوڭغاق جىگدىنىڭ سالقىن سايىسى بۇرۇنقى ئورنىدىن ئاللىقاچان شىمال تەرەپكە سۈرۈلگەن. باش-كۆزى ئەتراپىدا بىر قانچە بىزەك چىۋىنلەر گىژىلداپ ئۇچۇشۇپ ئۇنى بەكمۇ بىزار قىلىۋەتتى. تۇغۇلغىنىغا ئالتە ئايدىن ئاشقان بوۋاق پىزغىرىم ئىسسىقتىن ئىڭراپ، كونا كىگىز ئۈستىدە تېپىرلاپ قىرقىرايتتى. گۈلسۇمخانىنىڭ بوۋاق بىلەن هەپىلىشىشكە چولىسى يوق. ئۇ ئىچ-ئىچىدىن سەكپارە بولۇپ، پات-پات دوڭغاق جىگدە تەرەپكە قاراپ قوياتتى. «جېنىم بالام ... مانا هازىرلا ... مۇشۇ قىرغا ئاپىرىۋېتىپلا قېشىڭغا بارىمەن، ئاپئاق قوزام بىردەم چىدا» دەپ پىچىرلايتتى، بوۋاقنىڭ تىنىماس يىغىسىدىن قولى ۋە يۈرىكى تىترەيتتى. ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ياشمىكىن ياكى تەر تامچىسىمىكىن بىرلىرى يەرگە ئېقىپ چۈشسە، بىرلىرى سىماپتەك تىترەيتتى... گۈلسۇمخانىنىڭ قىر دېگىنى نەدە؟ ئالدىدا... چامداپ-چامداپ يەتكىلى بولمايۋاتقان يىراق يەردە...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ ئاخىر قىرغا يەتتى، يەتتى-يۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن پۇت-قولى تىترەپ قىرغا يۆلىنىپ بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا دوڭغاق جىگدە تۈۋىدىن بوۋاقنىڭ بۇرۇنقىدىن بەتتەر قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلسۇمخان شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ئورغاقنى قىرغا سانجىپ قويدى-دە، دوڭغاق جىگدە تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

چىۋىنلەرگە تالانغان، قىزىق ئاپتاپتىن دىماغلىرى قۇرۇپ كەتكەن بوۋاق ئەمدى گۈلسۇمخانىنىڭ مېهرلىك قۇچىقىدا كىچىككىنە ئاغزىنى ئۆمەللىتىپ ئانا كۆكسىنى شاپىلدىتىپ ئەممەكتە. ئۇ ئاپئاق ئانا سۈتى بىلەن ئانا ۋۇجۇدىدىكى كۈچ-قۇۋۋەتنىمۇ شوراپ خوراتماقتا...

www.uyghurkitap.com

گۈلسۇمخان بوۋاقنىڭ ئۆز كۆكسىنى كۈچلۈك شورىشىدىن ۋۇجۇدىدا چىدىغۇسىز ئاغرىق ھېس قىلدى. ئاغرىق ئازابىدىن ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈلۈپ كەتتى. بىراق ئۇ بۇنداق ئاغرىقلارغا بۇرۇندىنلا كۆنۈك. بۇ ئاغرىق نىمە ئۈچۈندۇ چەكسىز راھەتلىك؟...

يىراقتىن موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلسۇمخان ئالدىراپ ئۇ تەرەپكە قارىدى. قويۇق توپا توزۇتۇپ، موتسىكلىتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ بىرسى كېلىۋاتاتتى. گۈلسۇمخان ئۇنى يىراقتىنلا تونۇدى-يۇ، بەدىنى تىكەنلىشىپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. چېكىسىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلدى...

«بۇ چوقۇر مۇلۇن بۇيەرگە نىمەدەپ كەلدىكىن؟ مىنى ئىزدەپ كەلدىمىكىن ياكى ئاياغقا ماڭدىمىكىن؟...» گۈلسۇمخان ئۇنىڭغا نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئاندىن ھېچنىمە ئاڭلىمىغان ۋە ھېچنىمە كۆرمىگەن ئادەم بولۇپ، بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇۋەردى. راست، ئۇنىڭ نىياز دۆيجاڭغا قارار كۆزى يوق... گۈلسۇمخان ئۇنىڭ ئاخشاملىرى مەست كېلىپ، ئىشىكنى مۇشتلاپ، ئۆگزىسىگە كېچىچە چالما ئېتىشىدىن جاق تويغان، مۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ پۈتۈن بىر كېچە كىرىپىك قاقماي يىغلاپ چىقاتتى. ئۇ شەھەردە ئاشپۇزۇل ئېچىۋاتقان ئېرىنى غەزەپ بىلەن قاغاپ تىللايتتى.

موتسىكلىت دوڭغاق جىگدىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. نىياز دۆيجاڭ گۈلسۇمخاننى ئادەتتىن تاشقىرى ئەندىكتۈرۈپ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭغا ئاداۋەت بىلەن ھومىيىپ قارىدى.

— ھەي، قانداق سۆرەلمە خوتۇنسىز؟ — ئۇنىڭ تېخى ئاخشاملا ئىشىك يوچۇقىدىن قىلغان شېرىن سۆز ھەم يالۋۇرۇشلىرى ئورنىغا ئەمدى سۇنغان بادرا ئاۋازىدەك قوپال، ھاقارەتلىك ئاۋازى ئالماشقانىدى، — خەقلەر ئورمىسىنى ئوروپ خامىنىنى تېپىپ غەللە-پاراقنىمۇ تاپشۇرۇپ بولدى، سىزچۇ؟ تېخىچە دوڭغاق جىگدە تۈۋىدە يېتىپ ئوخلاپ ئورمىڭىزنى تۈگىتەلمەي يۈرىسىز. سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن غەللە-پاراق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي دادۋي شۇجىسىدىن بىرمۇنچە ئىزا-ئاھانەت ئاڭلىدىم.

— ھېلىمۇ ئاز قالدى... — گۈلسۇمخاننىڭ ئاۋازى بىرخىل تەمرەشتىن تىترەپ كەتتى، — ئۆزۈم يالغۇز... ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇچىقىمدا بالام بولغاندىكىن...

— قادىرچۇ؟ مۇشۇنداق ئىش قاتلاڭ ۋاقىتتا ھەممە ئىشنى سىزگە تاشلاپ قويىدۇ ئۇ بەڭگى!

— ئۇمۇ ئالدىراشكەن.

— ئېرىڭىزنىڭ ئىشىغا قوڭكى چىدىماي شەھەرگە قېچىپ بېرىۋالغان گەپ، نىمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ ئۇ بەڭگى؟

— ئاشخانا ئېچىپ...

— تايىنلىق، خەقنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ يۈرگەندۇ شۇ!

گۈلسۇمخان ئۈندىمىدى. سۈتكە تويۇپ ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان بالىسىنى پەپىلەۋېتىپ جىگدە سايىسىدىكى سەگۈنچۈككە سالدى.

— يەنە بىر ئىش، — دېدى نىياز چوقۇر گۈلسۇمخانغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، — دەريا بويىغا شاخ-شۇمبا توشۇش ۋەزىپىسى چۈشتى، سىزگە تەقسىم قىلىنغىنى بىر ھارۋا. قانداق قىلىسىز؟

— ئۇنىڭ ئورنىغا پۇل تۆلەي.

— پۇل بولمايدۇ! ھازىر پۇل كەم... يوق. كەلگۈنى پۇل بىلەن ئەمەس شاخ-شۇمبا بىلەن توسايدىغان گەپ، بىلەمسىز بۇنى! ئوغلىڭىزنى ماڭدۇرۇڭ!

— ئۇ تېخى كىچىك، نىياز دۆيجاڭ، بىر ھارۋا شاخ-شۇمبا بىلەن ئادەم كۈچىنى پۇلغا سېتىۋالسامۇ بولىدىغۇ! — يىلىنىش ئاھاڭىدا دېدى گۈلسۇمخان.

نىياز بۇ گەپنى ئاڭلاپلا قايناپ كەتتى:

— پۇل تۆلەپ ماڭدۇرىدىغان قېنى شۇ ئادەم؟ قادىر دېگەن ئاشۇ بەڭگى ياشلىرىمىزنى ئازدۇردى. بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شەھەرگە قېچىپ بېرىۋالدى. ماڭا قالغىنى كىم؟ ئاقساق-چولاق، قېرى-چۆرە... سىزگە ئوخشاش ئىشقا يارىماس لەۋا خوتۇنلار...قادىرغا خەۋەر ماڭدۇرۇڭ. كۆتىنى غىرت قىسىپ ئورمىسىنى ئوروپ، شاخ-شۇمبا ۋەزىپىسىنى تۈگەتسۇن، بىلىپ قويۇڭ، بۇ دېگەن يېزا، دېھقانچىلىق قىلىدىغان جاي، سىزگە ئوخشاش تىرىكتاپ خوتۇنلارنى باقىدىغان ساناتورىيە

ئەمەس.

— راست. قادىرمۇ شۇنداق دېگەن...— ئويچانلىق بىلەن ئاستا پىچىرلىدى گۈلسۇمخان.

— نېمە دېگەن؟

— سېنىمۇ شەھەرگە ئەكەتەيمىكىن دېگەن...

— شۇنداق دېگەن چاغدا نېمىشقا كەتمىدىڭىز؟ كېتىڭ، كېتىڭ، بولسا بۈگۈنلا كېتىڭ، تويدۇم سىلەردىن!

— ۋىييەي نېمىشقا كېتىدىكەنمىز؟— دېدى گۈلسۇمخان ئۇنىڭ زەھەردەك سۆزلىرىدىن تېرىكىپ،— ئۇرۇق ئەۋلادىمىز يىلتىز تارتىپ كۆكلىگەن زېمىنىمىزدىن نېمىشقا كېتىدىكەنمىز؟

— ئۇنداق بولسا سۆرەلمىلىك قىلماي تېزدىن غەللە-پاراقنى تاپشۇرۇپ، ۋەزىپىڭىزنى تۈگىتىڭ. ھۆددىسىدىن چىقالمىسىڭىز ئۇچۇق دەڭ، ئۇ چاغدا ئۆيىڭىزنى چېقىپ يەرگە ئۇلپاڭ قىلىمىز، يەرلىرىڭلارنى باشقىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىمىز...

گۈلسۇمخان گويا بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك چۆچۈپ ئەندىكىپ كەتتى. قانداقتۇر ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندەك ئاجىز ۋە تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

— ماقۇل، ماقۇل... بۇغداينىڭ قالغىنىنى بۈگۈنلا بىر ئامال قىلىپ ئۇردۇرۇپ تۈگىتەي، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە غەللە-پاراقنىمۇ تاپشۇراي... شاخ-شۇمبىنى دەريا بېشىغا ئۆزۈم ئاپىراي،—دېدى.

## 2

قاش قارايغان چاغدا قادىر شەھەردىن كەلدى، بۇرۇنلاردا ئۇ گاھىدا ۋېلسىپىت مىنىپ، گاھىدا شەھەردىن يېزىغا قاتنايدىغان كىرا ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ كەلگەن بولسا، بۇ قېتىم قىزغۇچ سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان يېپيېڭى، موتسىكلىت مىنىپ كەلگەنىدى. ئۆزىنىڭ تەقى-تۇرقىمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى، بىر چاغلاردا قورۇق باسقان ياغاق يۈزلىرى ئەمدى سەمرىپ پارقىرىغان، ئۇچىسىدا گۈلسۇمخان ئېتىنىمۇ بىلمەيدىغان ئالىي رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەر، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان يېڭى ئاياغ، قىسقىسى، ئۇ شۇ تاپتا بۇرۇنقى ئېتىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن ئېزىلىپ، دەرد-ھەسرىتىنى ئاچچىق خام تاماكىدىن چىقىرىدىغان قادىر بەڭگى ئەمەس، ئىش-ئوقىتى روناق تاپقان شەھەر بايۋەچچىلىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. بۈگۈن ئۇ كېلىۋىدى، تەكچىدىكى كىرسىن چىراغ باشقىچە يورۇپ ئۆي ئىچى ئاپئاق نۇرغا تولغاندەك بولدى.

كەچكىچە ئورما ئورۇپ، باغ باغلاپ بېلى تاياقتەك قېتىپ كەتكەن گۈلسۇمخان ھەممە ھارغىنلىقلىرىنى ئۇنتۇدى. بولۇپمۇ ئەمدىلا ئالتە ياشقا تولغان ئوغلى تۇرسۇن ھەممىدىن بەك خۇشال. ئۇ موتسىكلىتنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى ھەۋەس ۋە قىزىقىش بىلەن سىيلاپ دادىسىغا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىمەكتە:

— ۋاييەي... ئەجەب يوغان موتوكىنا، كىمنىڭ موتوسى بۇ دادا؟

— بىزنىڭ... بىزنىڭ بالام.

— ئالدىڭما؟ نەچچە پۇلغا ئالدىڭ؟

— توققۇز مىڭ كويغا...

تۇرسۇن كىچىككىنە بۇدۇرۇق بارماقلىرىنى ساناپ ئۆزىچە ھېسابلاپ كۆردى:

— ۋاي-ۋۇي، نېمانداق جىق پۇل بۇ، سېنىڭ شۇنداق پۇلۇڭ جىقما؟

— جىق...

— نەدىن تاپتىڭ ئۇ پۇلنى؟

— ئاشخانا ئېچىپ...

تۇرسۇننىڭ چىرايىدا بۇرۇن ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن شادىيانىلىق ۋە بەختىيارلىق نۇرى پارلاپ كەتتى...

ئۇلار داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتقان چاغدا تۇرسۇن دادىسىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— دادا! سەن بۇ ئۆيدە بولمىساڭ بولمايدىكەن.

— قانداق دەيسەن؟

— خەقلەر بىزنى بوزەك قىلىدىكەن... نىياز دۈيجاڭ كۈندە كېلىپ ئاپامنى تىللايدۇ... ئۇششاقلىقتا سۇ بەرمىدى تېخى!... يەنە تېخى سېنىمۇ قارا بەڭگى دەپ تىللىدى...

قادىردىن ئۈن چىقمىدى. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى...

دۇرۇس، دەسلەپكى يىللاردا يەرلەر كۆتىرە بېرىلدى. بۇ دېھقان ئۈچۈن قالتىس چوڭ ئىش-تە!... يەر ئۆزۈڭگە تەۋە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھالال تەر ئاققۇزۇپ جاپالىق

ئىشلىگەنگە تۇشلۇق ھوسۇلمۇ ئۆزۈڭگە تەۋە بولىدۇ... ئۇ شۇ چاغلاردا كۈندۈزى خوتۇنى بىلەن ئىشلەپ، كېچىسى ئېتىز ئۈستىدە دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ قانچىلىك جاپالىق ئىشلىگەن ئىدى-ھە؟ لېكىن شۇ يىللىرى ئۇنىڭ ئېتىزىدىن ئالغان ھوسۇلىمۇ كۆپ بولدى. ئېتىز ئىشىغا يانداپ باقمىچىلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئەترەت بويىچە بىردىن بىر تۈمەن يۈەنلىك بېيىغان ئائىلە بولۇپ قالغانىدى. ئەمما... كېيىنچە ئىشى ئەپلەشمەي قالدى. سۇلياۋ بويۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى... دېگەنلەرنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. بولا ئەمەس، يېزىدىن، دادۇيدىن ھەرخىل ئالۋاڭ-سېلىقلار دېھقانىنىڭ ئۈستىگە قار-يامغۇردەك يېغىۋەردى... ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن زىيان كۆپىيىپ، كىرىمۇ ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭغا ئادەتتىكى دېھقانلا ئەمەس، تۈمەن يۈەنلىك ئائىلە قادىرمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. قادىر بىردىنلا ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن نىجاتلىق يولى ئىزدەپ شەھەرگە كەتتى. ئۇ يەردە بىر چاغلاردا ئۆگىنىۋالغان ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ دەسلەپتە چوڭ بىر ئاشخانا خوجايىنىغا ياللىنىپ ئىشلىدى... تاپقان ئىش ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆيىگە ئەۋەتىپ بەرگەندىن باشقا، قالغان قىسمىنى يېمەي-ئىچمەي دېگەندەك يىغدى. ئاخىرىدا ئۆتكەن يىل بازارنىڭ ئاۋات يېرىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشخانا ئاچتى... ھەرىكەت-بەرىكەت دېگەن شۇ-دە! ئىككى يىل بولا-بولمايلا بىراقلا كۆتۈرۈلۈۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئۆيىگە كېلىشى بىكار ئەمەس، خوتۇن-بالىلىرىنى، ئۆي-ۋاقىنى شەھەرگە كۆچۈرۈپ كەتمەكچى. ئۇ گۈلسۇمخاننى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ ئىشچان، جاپاكەش خوتۇن. ئۇ يېزىدا ئىككى بالىنى بېقىپ، ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلىپ تارتقان جاپا-مۇشەققىتى ئازمۇ؟ ئەمدى ئۇنى بۇ جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن خالاس قىلىپ، راھەتكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك...

قادىر تال بارىكى ئاستىدا يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتماقتا. بوۋاق بۆشۈكتە ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن. ئەمما تۇرسۇن دادىسىنىڭ قوينىغا تىقىلىپ خىيالىغا كەلگەننى جۈۋۈلدىماقتا:

— ھە... دادا، ئەمدىغۇ كەتمەيسەن-ھە؟

— كېتىمەن بالام، ئەمما بۇ قېتىم ھەممىڭلارنى ئېلىپ كېتىمەن.

— مېنىمۇ ئېلىپ كېتەمسەن؟

— ئېلىپ كەتمەيچۇ.

— مەن كۆزلۈككە مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تۇرسام.

— ئوقۇيسەن، شەھەردە ئوقۇيسەن، شەھەرنىڭ مەكتەپلىرى بۇ يەرنىڭكىدەك ۋەيرانە، ئەسكى ئەمەس، سىنىپلىرى قەۋەت-قەۋەت... شۇنچىلىك چىرايلىق...

—ماقۇل... ماقۇل... ئەمىسە ئەتىلا كېتەيلىلا دادا...— دېدى تۇرسۇن.

ئۇ دادىسىنىڭ سۆزلىرىدىن تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلۈپ، تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەمما گۈلسۇمخان تېخىچە قاچا-قۇچا يۇيۇش، سۈت قايىنتىش بىلەن ئاۋارە، ئۇ خېلىدىن كېيىن قادىرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن تەر، قىغ ۋە سۈت ھىدى پۇراپ تۇراتتى. ئۇ قادىرنى ئاستا نوقۇپ:

— ئۇخلىدىڭىزمۇ؟— دېدى.

— ياق، تېخى، - ئۇ گۈلسۇمخان تەرەپكە ئۆرۈلدى،— سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار...

— مەنمۇ بىر ئىشنى دەي دەپ تۇرغان، بۇغداي تېخى تۈگىمىدى. نىياز دۈيجاڭنىڭ كۈندە سىپسىق گېپى... يەنە تاغ بېشىغا بىر ھارۋا شاخ ۋەزىپىسى چۈشۈپتۇ، قانداق قىلىدىغان گەپ؟ بېشىم قېتىپلا تۇرغان، ھېلىمۇ ياخشى سىز كەلدىڭىز.

— پۇلغا ئادەم ئېلىپ سالساقلا تۈگىمەمدۇ؟

— ھازىر نەدە ئادەم بار دەيسىز؟ ھەممىنىڭ بېشىدا ۋەزىپە بولغاندىكىن ئۆز ئىشىغا ئالدىرايدىكەن...

گۈلسۇمخان نىياز دۈيجاڭنىڭ ئاخشاملىرى ئىشىك ئالدىغا كېلىۋېلىپ قىلغان زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى، بۇغدايلىقتىكى تىل-ھاقارەتلىرىنى يىغا ئارىلاش سۆزلەپ بەردى...

— مۇناپىق چوقۇر!— قادىر غەزەپتىن

ئۇرنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى،— مەن هازىرلا بېرىپ ئانا-مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتەمەن ئۇ گۈينىڭ... قايسى هالىغا شۇنداق قىلدۇ؟ دۈيجاڭلىقى ئۇچۇنما؟ ياكى مېنى يوق دەپمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلدىكەنمەن... شۇنداق قىلغىنىغا بۇرنىدىن بۇلاق چىقىرىمەن...— ئۇ ئايغىنى كىيىۋاتقاندا گۈلسۇمخان ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇنچە كەچتە نەگە بارسىز؟ ئۇ ئىت بىلەن تالاشقىلى بولامدۇ؟ بولدى قويۇڭ... خۇدا ھەققى... ئۆزىڭىزگە هاي بېرىڭ... سىز كېتىسىز... يەنە مەن قالىمەن...

— ياق-ياق... — دېدى قادىر غەزەپتىن هاسىراپ،— ئەمدى مەن سىزنى ئۇ چوشقىنىڭ بوزەك قىلىشىغا تاشلاپ بەرمەيمەن.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن...

— هە... نېمە بولدى؟ بۇ يەردە تارتىشقۇدەك نېمە بار؟ مۇشۇ ئەسكى تامىلىق ئۆي، سەككىز-ئون تۈپ دەرەخ... ئون مو يەر... مېنىڭ هازىر تېپىۋاتقان پۇلۇمنىڭ ئالدىدا قانچىلىك نېمىتى ئۇ؟ ئۇ ھەزىلەكنى ئالدى بىلەن ئادەم بولغىنىغا تويغۇزىمەن. بۇرنىدىن قان ئالىمەن. نېمە؟ بىز كەتسەك يەرنى تارتىۋالغۇدەك دەمسىز!؟ چېكىسىگە تاڭسۇن... يەر بولمىغانغا كىم ئاچ قاپتۇ؟ شەھەرگە بارسىڭىز بىلىسىز... پۇللا بولسا جاڭگالدا شورپا!

— ئۇغۇ شۇنداق،— دېدى گۈلسۇمخان ئويغا چۆمۈپ،— شەھەرگە كەتسەك كۆنەلەرمەنمۇ. مەن مۇشۇ يەرگە ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن...

— جاپا بىلەن تىل هاقارەتكىمۇ؟— قادىر گۈلسۇمخانغا گۈلەيدى،— مانا بۇ هاماقەتنىڭ گېپى، يېشىڭىز ئوتتۇزغا بارماي تۇرۇپ چاچلىرىڭىزغا ئاق كىردى. سىز مۇشۇنىڭغا رازىمۇ؟ بولدى! سىزنىڭ مۇشۇنچىلىك جاپا تارتقىنىڭىزمۇ يېتەر... ئەمدى مەن ھەممىڭلارنى راهەتكە ئېرىشتۇرىمەن... پۇل دېگەننى كەتمەن چېپىپ، قوڭنى داڭگالغا سۈركەپ ئەمەس، كاللا ئىشلىتىپمۇ تاپقىلى بولىدىكەنغۇ... بولدى، گەپ شۇ... شەھەرگە كېتىمىز...

— ئەمىسە بۇغدايىنى ئورۇپ، خامانىنى ئېلىۋېتىپ كېتەرمىز...

— ياق-ياق... مەن ئەتىلا ئورۇلغان-ئورۇلمىغان-نى قوشۇپ ئېلىشقا ساتىمەن.

— غەللە-پاراقىنچۇ؟

— قانچىلىك كەپتۇ؟

— بىلمىدىم.

— ئۇنىڭدىن نېمە قورققۇلۇق؟ بازاردا نېمە تولا؟ ئاشلىق. تاغارلاپ ئالىمەن-دە، ساڭغا تۆكىمەن...

—لېكىن... مەن...

— ئەسكى تامدىن ئايرىلىشقا كۆزىڭىز قىيمايۋاتامدۇ؟ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي ئەكسىچە خۇشال بولۇڭ... چۈنكى بىزنىڭ هازىر كۆچۈپ بارىدىغىنىمىز ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتى. ئۇنداق ئۆيگە سىز كىرىپ باققانمۇ؟ سۈيى ئىچىدە، هاجەتخانىسى ئىچىدە، ھەممە نەرسىسى تەخ...

—ۋىييەي... ئۇنداق بولسا چاتاقكەنغۇ...— دېدى گۈلسۇمخان كۈلۈپ.

— ئەخمەق! ئۇ دېگەن گەندە-سۈيدۈك لەيلەپ تۇرىدىغان، سىز كۆرگەن هاجەتخانا ئەمەس. ھەممە يەرلىرى چاقچۇق، ناهايىتى پاكىز. ئۇ ئۆيدە يۇندا تۆكۈلۈك يوق... سۇ توشۇلۇك يوق... ئوت قالاڭ يوق... گاز ئوچاق تەييار...

قادىر ئۆزىنىڭ روناق تېپىۋاتقان تىجارىتى، شەھەر قىياپىتى، كۆچۈپ بارىدىغان ئۆيىنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى ئۈستىدە خېلىغىچە تەرلەپ-پەشىپ سۆزلىگەندىن كېيىن گۈلسۇمخان ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ:

— بوپتۇلا، ۋاي ئاتامەي، مۇشۇنداق جاپا تارتىپ، تىل-دەشنام ئىشىتقىچە كەتسەك كېتەيلى، نەگىلا بارساق خۇدانىڭ زېمىنىغۇ،— دېدى.

قادىر تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر گۈلسۇمخاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. بۇنىڭغا يېنىدىكى ئېرىنىڭ خورىكى سەۋەب بولدىمۇ، ياكى يۈرىكىدىكى تاتلىق ئارزۇ بىلەن تولغان خۇشاللىقمۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى... گۈلسۇمخاننىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان، خىياللىرىنى دولقۇنلاتقان نەرسە قەلبىدىكى خۇشاللىق ۋە بەخت ئىستىكىلا ئەمەس ئىدى. ئۇ بارا-بارا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا خۇشاللىق بىلەن بىللە يەنە قانداقتۇر بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇيغۇنى— بۇنىڭ ئازابىمۇ، ھەسرەتكىمۇ ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان ھەممە نەرسىلەرگە — تاملىرى كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ كۆزگە قەۋەتلا ئىسسىق كۆرۈنىدىغان مۇشۇ ئۆيگە، ھويلا-ئارامغا، باغدىكى گۈل-گىياھ ۋە دەرەخلەرگە تارتىش، ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك ھېسسىياتىنىڭ بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزدى.

گۈلسۈمخان خىيال ئىچىدە گاھ ئۇياققا، گاھ بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇ قادىرنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قەدىمىنى يەڭگىل ئېلىپ باغقا چىقتى.

ھالرەڭ تاڭ شەپىقى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى يورۇتماقتا ئىدى. ئاق قۇشقاچ بىلەن تۇمۇچۇقنىڭ زىل ئاۋازدا ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سايرىشلىرى باغنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزماقتا... ئەنە توخۇلارمۇ قونداقتىن چۈشۈپ دان ئىزدەشكە كىرىشتى. بۇلار گۈلسۈمخان ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك... ئەمما ئالدىدىكى بىر پارچە ئوتىياشلىقنى كۆرۈپ يۈرىكى ئىچ-ئىچىدىن سېيرىلىپ كەتتى. ئەتىيازدا ئوتىياشلىق قىرىغا ئۆز قولى بىلەن تىكىلگەن گۈل، ئوتىياشلىقتىكى لازا، پىدىگەن، پىياز، يۇمغاقسۇت... ئۇسساپ ياپراقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن. بۇنىڭ ھەممىسى نىياز دۈيجاڭنىڭ زەھەرخەندىلىكى. ئۇ قەستەن گۈلسۈمخانغا نەچچە قېتىم كەلگەن سۇ نۆۋىتىنى بەرمىگەنلىكتىن باغمۇ، ئوتىياشلىقمۇ ئۇسساپ كۇنسايىن قۇرۇپ بارماقتا. گۈللەرنىڭ قۇرۇپ ساڭگىلاپ قالغان غۇنچىلىرى خۇددى ئانا سۈتىدىن ئايرىلغان يېتىم بوۋاقتەك شۇنچىلىك مەيۈس ۋە ھەسرەتلىك... ئۇلار گۈلسۈمخانغا «مېھرىبان ئانىجان، سەن بىزنى نابۇت قىلىپ نەگە كەتمەكچى؟ بىزگە رەھىم قىل. ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ بىزگە قايتا ھاياتلىق بەخش ئەت» دەپ نالە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

تال ئۈزۈمنىڭ كۆكۈش يۇمران بەرگىلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلمەكتە. گۈلسۈمخان تال ئۈزۈمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ياپراقلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلىدى.

—يىغلاۋاتسەنغۇ ئەي جەننەت مېۋىسى؟ تۆۋىڭگە سۇ قۇيالمىغىنىم ئۈچۈنمۇ؟

تالنىڭ ئەۋرىشىم بەرگىلىرى تولغىنىپ كەتتى. ئۇ ياش تۆكۈۋېتىپ:

— ياق، مېنىڭ يىلتىزىم چوڭقۇر، ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كەتمەيمەن، بىراق... سىز تېخى يىلتىزسىز قالارمۇ دەپ يىغلاۋاتىمەن،— دېگەندەك قىلاتتى. ئۇ يەنە:

— مەنمۇ، سىزمۇ مۇشۇ ئۇلۇغ زېمىندىن ئاپىرىدە بولغان، بىز تىرەن يىلتىزلىرىمىز ئارقىلىق مۇشۇ زېمىن باغرىدىن ھاياتلىق نېسىۋىسىگە ئېرىشىمىز... مۇشۇ زېمىندىن يىلتىزىمىز قومۇرۇۋېتىلسە بىز بىر كۈنمۇ ھايات كەچۈرەلمەيمىز... ئەمدى گېپىمنى چۈشەنگەنسىز،— دېگەندەك تۇيۇلدى.

— قادىر شەھەرگە بېرىپ ئاشخانا ئېچىپ كۆپ پۇل تېپىپتۇ. خاتىرجەم بول. بىز ئۇ يەردە بۇ يەردىكىدىنمۇ بەختلىك ھايات كەچۈرىدىكەنمىز... قادىر شۇنداق دەيدۇ.

تال بەرگى قاتتىق ئۇھسىنغاندەك بولدى:

— ياق... پۇل باشقا، يىلتىز دېگەن باشقا. پۇل ھەرگىزمۇ ھاياتلىق يىلتىزىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ،— تال بەرگىدىن شۇنداق ئىندا كەلگەندەك سېزىلدى. گۈلسۈمخان ئۈزۈم تېلىغا قارىدى. گۈللەرگە، ئوتىياشلىقلارغا، باغلارغا قارىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزى خۇددى مۇشۇ باغنىڭ بىر تال گىياھىدەك، ئۇ گىياھنىڭ يىلتىزى مۇشۇ تۇپراققا ئەبەدىي يىلتىز تارتىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالدى... ئۇ بىر چاغلاردا نىياز دۈيجاڭغا بىلىپ-بىلمەي قىلغان سۆزلىرىنى ئويلىدى. راست... ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ ئەتراپىدىكى بۇ نەرسىلەردىن، مۇشۇ زېمىندىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدى...

— سۆزۈڭ ھەق...— دېدى ئۇ مەجنۇنلارچە تال بەرگىنى باغرىغا يېقىپ،— كەتمىسەم بولغۇدەك، شەھەرگە كەتسەم، ئۇ يەردىكى ئۆيىمىز ھەرقانچە ئېسىل بولغىنى بىلەن مۇنداق گۈزەل يەر نەدە؟ تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېغىر... مۇشۇ ئۆيگە، مۇشۇ باغقا، ئوتىياشلىققا... ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەرگە خۇددى ئۆز ئاتا-ئانام بىلەن بالىلىرىمغا ئۆگەنگەندەك ئۆگىنىپ قاپتىمەن. ئەمگەك جاپاسى، نىياز چوقۇرنىڭ تىل-ھاقارىتى مەن ئۈچۈن نېمىتى؟ مەن ھەممىگە چىدايمەن... ئەمما ئۈزۈم سۆيگەن نەرسىدىن، مۇشۇ زېمىندىن، ئۆز يىلتىزىمدىن ئايرىلمايمەن!

# زېمىن گۇۋاھ

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تۇنىياز ئىمىن، ھۇسەيىن ئىمىن ھاجى

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، تارىختا نامى مەشھۇر بىر قەدىمكى يۇرت بار. بۇ يۇرت «كۇسەن» دۆلىتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن كۇچادۇر. بۇ گۈزەل دىياردا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى ساپ بۇ زېمىننىڭ ئەمگەكچان، باتۇر خەلقى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى.

«كۇسەن» تارىختىن بۇيان «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، سودا، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئىنتايىن جانلانغان، تەرەققىي قىلغان بىر يۇرت. بۇ يۇرتتىن جاھاننى تاڭ قالدۇرغان سۇجۇپ، كۇمراجىۋادەك ئالىملار، دىنىي ئۆلىمالار، مەشھۇر سەنئەتكارلار چىقىپ نامى تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان. دەۋرىمىزدە تارىخ ئېقىنىغا ماسلىشىپ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ۋە ئاشۇ مىڭبىر جاپالار بىلەن تىكلىگەن ئىگىلىكىنى ئۆز مىللىتى، ئۆز خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قىلچە ئايىماي سەرپ قىلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ساخاۋەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن يۇرتىمىز كۇچادا ئاجايىپ غەيرەتلىك روھ بىلەن يېقىلىپ چۈشكەن كارخانىنى ئەقىل-ئىدراكىنى ئىشقا سېلىپ ئورنىدىن قايتا دەس تۇرغۇزۇپ، بۈگۈنكى ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئاز، بەكمۇ ئاز.

كۇچا ناھىيىلىك يىمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى، باش دىرېكتورى مەخمۇت قادىر «ياخشى كارخانا يېتەكچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولۇۋاتقان، بارماق بىلەن ساناقلىقلا بولغان ئاشۇ ئاز كارخانىچىلارنىڭ كۆزى.

※ ※

كىچىكىدىن يۈكسەك ئىرادىلىك بولۇپ يېتىشكەن مەخمۇت قادىر ئاتا-ئانىسىنىڭ ئوتلۇق تىلىكىنى دىلىغا پۈكۈپ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. ئەپسۇس، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا تۇرلۇك ئائىلە قىيىنچىلىقى: يوقسۇزلۇق ئۇنى ئەمدىلا ئۇچۇم بولغان قۇش بالىسىنى بوغۇشلاپ قويغاندەك ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەت پەيدا قىلدى: ئەجىبا، سىنىپ بويىچە ئەڭ زېرەك، ئەلاچى بىر ئوقۇغۇچى قاراپ تۇرۇپ ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىنلا ئوقۇشسىز قالسا-ھە؟! ئۇ ياخشى ئوقۇپ چوڭ بولغاندا ئېدىسون، ئېينىشتېيىندەك ئالىم بولماقچى ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرى شۇنىڭ بىلەن كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟ پۇل ھەقىقەتەن ئۇنىڭ نەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگىمدۇ؟... پۇل، ھەي پۇل، ئۇ راستتىنلا شۇنداق قۇدرەتلىك بولىدىغان بولسا، ئۇ ئەمدى پۇل تاپىدۇ، ھەرقانداق قىماپ بىلەن پۇل تاپىدۇ!... ئۇ چوڭ بولغاندا ھەرگىزمۇ ئۆز ئاتىسىدەك مال-دۇنياغا، پۇلغا بېرىلىش كۇپۇرلۇق دەپ ئۆز نامراتلىقىغا شۈكرى-قانائەت قىلىپ ياشايدىغان ئادەملەردىن بولمايدۇ، ئۇ بەخت-سائادەتنى ئاللاغا

www.uyghurkitap.com

ھەمدۇسانا ئوقۇپ قورۇقتىن-قورۇق تىلەش بىلەن ئەمەس، ئۆز قولى بىلەن، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن يارىتىدۇ...

ئۇ، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپلا پۇل تېپىشنىڭ، ماددىي بايلىق يارىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىۋاستە ھېس قىلغان ھەمدە شۇنىڭغا ئىرادە باغلىغانىدى. ھالبۇكى، ئەينى يىللىرى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىغا لايىق يول يوق ئىدى.

ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، دەل شۇ يىلى، يەنى 1958-يىلى كۇچا خەلقى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىدى. بۇ دەھشەتلىك «توپان بالاسى»دا كۆپلىگەن ئادەملەر خانۇ-ۋەيران بولدى، ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلىپ قالدى. شەھەر پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلاندى. بۇ خەلقنى ھېچقانداق بىر «نوھ»مۇ قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. ئۇلار ئەمدى ئاچارچىلىق، غورىبەتچىلىك ۋە سەرسان-سەرگەردانلىقنىڭ دەردىنى تېخىمۇ تارتىدىغان بولدى-دە!...

ئۇ، ئۇلارنى ئويلىغىنىدا ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى. لېكىن، ئۇ نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟ سەرسان خەلقنى قۇتقۇزۇش ئەمەس، ئوڭشاپ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغان بىر ئوغۇلنى ھەقىقىي بىر ئوغۇل دېگىلى بولامدۇ؟ ئات تاپقۇچە ئېشەك مىنىپ تۇر، دېگەندەك ئۇ ئەڭ ئاخىر شۇنداق قارارغا كەلدى: بۇ زېمىندىكى خەلقىمنى، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆز-ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك.

ئۇ، ئازغىنە مائاش بىلەن پۈتۈن يۇرت خەلقىنى قىيىنچىلىقتىن، يوقسۇزلۇق دەردىدىن قۇتۇلدۇرالمىسىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا ئەمگەك كۈچىدىن قالغان ئاتا-ئانىسىنىڭ، چۆچۈرىدەك ئۇششاق بىرنەچچە ئۇكىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ بىرەر ئىشقا ئورۇنلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى: ئاپتونوم رايونلۇق ئېغىر سانائەت ئىدارىسى تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار قاتارىدا ئۇمۇ قوبۇل قىلىندى. ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىشتىن ئىبارەت بۇنداق كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت ئەينى دەۋردە چۆچەك-لەردىكى «بەخت قۇشى» بېشىغا قونغاندەك خۇشاللىنارلىق بىر ئىش ئىدى. گويادەك مەخمۇت بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا، يۈرەكلىرى شادلىقتىن ياپىراپ كەتتى.

چۈنكى، مەخمۇت باللارنىڭ چوڭى ئىدى، ئاتىسى سۇ ئاپىتىدە قازا تاپقاندىن كېيىن ئېغىر-يېنىك ئىشلار ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ كىچىك بولسىمۇ چوڭ بىر ئائىلە ئۇنىڭ بېشىغا كېيىلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئورنىدا بۇ ئائىلىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان، ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئاقلايدىغان پەيت يېتىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ تۇنجى قېتىم ئائىلىسىدىن ئايرىلىش ئازابىغىمۇ، ئانىسىنىڭ قايغۇسىغىمۇ چىداپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ تېيەنلۈك پولات زاۋۇتىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئاجايىپ بىر يېڭى دۇنيانى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى بىردىنلا كېڭەيدى. «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن» دېگەندەك مەخمۇت قادىر بالا ۋاقتىدىلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ياش-قورامىغا قارىغاندا بىرقەدەر پۇقرى بولغان خىزمەتتىكى زەربىدارلىقى، تەشكىلاتچانلىقىنى نامايان قىلدى. بۇنى كۆرگەن تەشكىل ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى زاۋۇتنىڭ رودا قىزىش دۇيىگە مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. رودا قىزىش ئەڭ مۇشكۈل ئىش ئىدى، بىراق ئۇ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ تەشكىلنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. يىل ئاخىرىدا «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى» بولۇپ باھالاندى. 1959-يىلى پولات زاۋۇتىدا كۆمۈر يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كۆرۈلدى. كۆمۈر مۇھىم يېقىلغۇ بولغاچقا، رەھبەرلىك ئۇنى كۆمۈركانىدا كۆمۈر قېزىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى (رايون دەرىجىلىك) قىلىپ ئۆستۈردى. ياش مەخمۇت قادىرنىڭ ۋۇجۇدىدا

بالا ۋاقتىدىلا كارخانا توغرىسىدا نۇرغۇن چۈشەنچە ھاسىل بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى كان ئىشلىرىغا ئاتىۋەتتى. ئۈن-تىنسىز ئىشلەپ پولات زاۋۇتى ئۈچۈن ئاز بولمىغان مېھنەتلەرنى سىڭدۈردى. بۇ خىل جاپالىق ئىشلەش روھى بىلەن ئۇ 1974-يىلى رەھبەرلىك تەرىپىدىن مىچۈەن ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

ئۇ مەيلى ئادەتتىكى بىر ئىشچى بولۇپ ئېغىر ئەمگەك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بولسۇن، مەيلى رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن چاغلىرىدا بولسۇن، ھەر مىنۇت ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئانىسىنى، ئۆزىنىڭ بىر قورساق قېرىنداشلىرىنى، ئۆزىنىڭ غېرىب-غۇرۋا قوشنا-قولۇملىرىنى، ئۆزىنىڭ ئاپەت زەربىسىدىن تېخىچە قەددىنى رۇسلىيالماي كېلىۋاتقان ئەزىز يۇرتىنىڭ كىشىلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇ ئايمۇ-ئاي ئۆز مائاشىنى ئۇلارغا ئەۋەتىپ تۇرۇشنى، ئارىلىق يىراق بولسىمۇ خۇددى يېنىدا تۇرغاندەك ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۇنتۇمىدى.

※ ※

مەخمۇت قادىرنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىغا بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىپ باردى. ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزىنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئانا يۇرتىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئىستىكى ئۇنى ئاخىر 1980-يىلى كۇچاغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ كۇچاغا كەلگەندە، بۇ ئەزىز ماكان ئۆز پەرزەنتىنى مۇشۇنداق قابىل، يارامىلىق بىر ئوغلان قىلىپ يېتىشتۈرگەن تەشكىلگە ۋە قارا ئالتۇن كانىغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇنى خۇددى جەڭگاھتىن غەلىبە قۇچۇپ كەلگەن باتۇر جەڭچىسىنى كۈتۈۋالغاندەك كۈتۈۋالدى. مەخمۇت قادىر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن 1980-يىللار كۇچانىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تېخى ئەمدىلا ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈۋاتقان يىللار ئىدى. مەخمۇت قادىرنى تەشكىل كۇچا ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە قويدى. ئۇ بۇ خىزمەتلەرنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ جانپىدالىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەجرىگە يارىشا 1982-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «شەرەپ گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى.

1985-يىلى ئۇ قابىل رەھبىرىي خادىمغا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇنۋان ئىسلاھات ئىشخانىسى «ئالىي دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەتچى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. يەنە 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى تەرىپىدىن 1960-يىلى بېرىلگەن ئاپتونوم رايونلۇق «ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى» دېگەن شەرەپلىك نام ئۈچۈن «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى» گۇۋاھنامىسى تولۇقلاپ بېرىلدى. بۇ خىل شان-شەرەپ ئالدىدا مەخمۇت قادىر قىلچە مەغرۇرلانمىدى. ئەلبەتتە ئۆز يۇرتىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتەك يۈكسەك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشتى. 1985-يىلى كۇچا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مەخمۇت قادىرنىڭ سىياسىي خىزمەتتىكى باشلامچىلىق، تەشكىللاتچانلىق روھىغا قاراپ كۇچا ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا بەلگىلىدى. بىر قانچە يىل مەمۇرىي خىزمەت ئىشلىگەن مەخمۇت قادىر قايتىدىن كارخانا ھاياتىنى باشلىدى. «ئەتىگەنلىكنىڭ نېمە بولسا كەچلىكنىڭ شۇ» دېگەندەك، ياش ۋاقتىدا ئىشلىگەن كارخانا خىزمىتىنى قايتىدىن ئىشلەش، گۆدەك ۋاقتىدىلا قەلبىگە سىڭىپ كىرگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى كېچىكىپ بولسىمۇ نېسىپ بولدى. ئۇ كارخانىغا كەلگەندىن كېيىن سىياسىي خىزمەتكە تولۇق چۆكمىسە بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قانۇنىيەتنى تونۇپ يەتتى. خىزمەتتە بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىش كارايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاغلىق ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما بىر قىسىم بىلىمى ئاز ئادەملەر ئۈچۈن بىر توقاللىقتا يولۇققاندەك ئۆزىدە بىر ئېغىر بېسىم ھېس قىلىدۇ. بىر قىسىملار يېڭى ئورۇننىڭ خىزمىتىگە ئاسان چۆكۈپ كېتەلمەي لەيلەپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىۋېرسال خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە مەخمۇت قادىر ئۈچۈن بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىش ئۇنچە ئويلىنىپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى ھەرقانداق ئورۇنغا ئۆزلىشىپ كېتىدىغان خۇش پېئىل، ئەمما مەسىلىگە كەلگەندە تولىمۇ كەسكىن، خىزمەتتە شەرت قويمايدىغان، تەشكىلگە ئېغىرچىلىق سالمايدىغان، ۋەزىپە ئورۇنلاش، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇشتا پىلانلىق ئېلىپ بارىدىغان ئەقىل-پاراسەتلىك بۇ ئادەم تېزدىن بۇ يېڭى ئورۇنغا كۆنۈپ قالدى. مەن سۆھبىتىمىز ئارىلىقىدا مەخمۇت قادىردىن: «سىز 1985-يىللاردا ئىسلاھات قەدىمىگە، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالماي قىلىۋاتقان كارخانىنىڭ خىزمىتىنى نەدىن باشلاشنى ئويلاپ بۇ ئورۇنغا كەلدىڭىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «مەن جاپالىق يىللاردا خىزمەت ئىشلەپ كۆنۈپ قالغان ئادەممەن. خىزمەت قانچىكى ئېغىر بولسا ئادەمدە غەيرەت-شىجائەت شۇنچە ئاشىدۇ. مەن ئىگىلەپ كۆرگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا كۇچا ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى ھەقىقەتەن پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا يول تاپالماي ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر كارخانا بولۇپ، ئىسلاھات قەدىمىگە ماسلىشالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. تەشكىل ماڭا ئىشىنىپ بۇ ئورۇننىڭ پارتىيە خىزمىتىنى تاپشۇرغانىكەن، مەن باش تارتسام بولمايدۇ» دېدى.

ئۇ بىرقانچە يىل ئىشلەش جەريانىدا باش دىرېكتور بىلەن ئوبدان ھەمكارلاشتى. شىركەتنىڭ ئەنئەنىۋى خىزمەت ئۇسۇلى، كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى قاتماللىقلارنى كۆپ قېتىم يېڭىلىدى. خىزمەتلەرمۇ نورمال بىر ئىزغا چۈشتى. بۇ خىل دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئاساسەن ئۆزىدە [illegible] يېڭىش تۇيغۇسى ئويغاندى. مەخمۇت قادىر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسى، تونۇشىنىمۇ ئۆستۈردى. كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. بولۇپمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بولغان تەربىيىنى، ئىنتىزام تەربىيىسىنى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى، كەسپىي ساپاسى تېخىمۇ ئۆستى.

ئىسلاھات چوڭقۇرلاشقانچە بۇ يىمىرىلمەس روھقا ئىگە ئادەمدە ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ ئېشىپ باردى. ئۇ، بۇ جەرياندا شىركەت رەھبەرلىكىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىشقا، كارخانىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېزدىن يېڭى يول تېپىش ئۈستىدە ئۇزاق باش قاتۇردى. بەستلىك كەلگەن، كۆزلىرىدىن ئۈمىد، ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئېڭىدا ئۆز خىزمىتىگە بولغان ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق ئويغاتتى.

※ ※

دۇنيادا ھامان كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىگىلەيدۇ، بۇ تارىخىي قانۇنىيەت. بۇنداق دەۋرلىك قانۇنىيەت نەتىجىسىدە كۆرۈلگەن يېڭىلىق، مۆجىزىلەرگە، ساقلانغان سەۋەنلىك ھەتتا خاتالىقلارغا تارىخ ھامان ئادىل باھا بېرىدۇ. خەلق ھامان توغرىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

كۇچا ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى 1980-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بازار رىقابىتىگە دۇچ كېلىپ ھودۇقۇش، تېڭىرقاش ئىچىدە قالغانىدى. بۇ ھالەتنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟ بۇ سوئال 1990-يىلىغا كەلگەندىمۇ شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ ئالدىدا خۇددى پىلسىرات كۆۋرۈكىدەك ئۆتۈش قىيىن بولغان

بىر ئۆتكەلگە دۇچ كەلدى. بۇ بىر سوئال بولۇپلا قالماي، جاۋاب — يول تاپمىسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە ئىدى. ئەگەر سوئالغا جاۋاب، ئىزدىنىپ يول تاپالماي قالسىچۇ؟ ئۇ ھالدا شىركەتتىكى پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىنى كىم باقىدۇ؟ بۇ ناھىيە ئۈچۈن بىر چوڭ بېسىم پەيدا قىلاتتى. بۇ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ناھىيە ئۈچۈنمۇ، شىركەت ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىدى.

1988-يىللار مەركەزنىڭ كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىشقا قويۇش سىياسەتلىرى تۆۋەندە سۇبيېكتىپ ھېسسىيات بويىچە چۈشىنىلىپ «50-ۋە 60-يىللاردىكى كادىرلار 90-يىللاردىكى جەمئىيەت ئېقىمىغا ماسلىشالمايدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى دەۋر قەدىمىگە ماس قەدەم تاشلىيالمايدۇ» دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراش پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەندە بىر قىسىم پېشقەدەم كادىرلار سىقىلىشقا ئۇچرىدى. ئەمما بىر قىسىم يۈرەكلىك ئادەملەر بولسا خىزمەتتە باشلامچىلىق بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

دۆلەت كارخانىلىرى ھۆددىگە بېرىلگەندە خېرىدار چاقىرىش، كىمنىڭ ماھارىتى يۇقىرى بولسا شۇنىڭغا بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىركەتلەرنى ھۆددىگە بېرىشكە خېرىدار چاقىرغاندا قورقماس، پىلانلىق ئىش قىلىدىغان مەخمۇت قادىر كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ پىلان-تەسەۋۋۇرلىرىنى كۆرۈپ بۇ شىركەت خىزمىتىدىن ئەمدى كۆڭلى ئەمىن تاپىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇنىڭغا پۈتۈن ھوقۇقنى بەردى. ئۇ شىركەتنىڭ قانۇنى ۋەكىلى، باش دىرېكتورى بولدى.

ئەسلىدە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى شەكلىدە 1956-يىلى قۇرۇلغان بۇ شىركەت ئەينى دەۋردە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە مۇلازىمەتنى جانلاندۇرۇش جەھەتلەردە دۆلەتكە مۇئەييەن تۆھپە قوشقان، گۈللەنگەن كارخانا بولسىمۇ 90-يىللارغا كەلگەندە پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا بىر مەزگىل تېڭىرقاپ يول تاپالماي قالغانىدى. چۈنكى، بۇ شىركەتنىڭ ئەسلىھەلىرى كونا، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، 1993-يىلىدىن بۇرۇن كۆكتات تىجارىتى ئۈچۈن ئۇلارغا دۆلەت مالىيەسىدىن 60 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلەتتى، زىيان تارتىش كۆرسەتكۈچىسى 80 مىڭ يۈەن ئىدى. پېنسىيىگە چىقىپ ئايلىق مائاش ۋە ھەر خىل تەمىناتلارغا قاراشلىق ئىشچى-خىزمەتچىلىرىلا 125كە يېتەتتى. دېمەك، بۇ شىركەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر يۈكىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايتتى.

قەيسەر، باتۇر ئەزىمەتلەر يۈكنىڭ ئېغىرىنى تاللىۋالىدۇ. مەخمۇت قادىرمۇ ئەنە شۇنداق قىلدى. ئۇ شىركەتنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن دۆلەت مالىيەسىدىن بېرىلىدىغان ياردەم پۇللىرىنى ئۆزى تەلەپ قىلىپ توختاتتى. بۇ چاغدا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ: «ئۇ ھۆكۈمەت ئالدىدا ياخشىچاق بولماقچى» دەپ تاپا-تەنە قىلىشتى. لېكىن ئۇ، ئۆز-ئۆزىگە تايىنىش، ھۆكۈمەتكە ياكى باشقىلارغا ئېغىرىنى سالماسلىق تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچمىدى. بىراق، بۇ ئېغىزدا ئېيتماققا ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەك تولىمۇ مۇشكۈل ئىش ئىدى.

ھەرقانداق بىر ئورۇن ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ياخشى باشلامچى، قاۋۇل رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى شۇ ئورۇن خىزمىتىنىڭ روناق تېپىشى، نەتىجە قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى مۇھىم ھالقا. قابىل تەشكىلاتچى ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ. قابىل تەشكىلاتچى جاپا چېكىش روھىغا ئىگە، بەلگىلىك سىياسىي-مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، پاك-دىيانەتلىك، ئەخلاق-پەزىلەتلىك، چارە-تەدبىرلىك، يۈكسەك غايىگە ئىگە بولغاندىلا كارخانىنى يېتەكلەپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە تەشكىلنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. مەخمۇت قادىر مانا مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com

قابىل باشلامچى.

كۆڭلىگە مەلۇم سان پۈككەن بۇ دىرېكتور ئىشنى نەدىن باشلاش ھەققىدە ئۇنچە ئويلىنىپ كەتمىدى. بىرقانچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا «يىلنىڭ بېشى باھاردىن، ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن» دېگەندەك خىزمەتكە پىشىپ كەتكەن بۇ قابىل رەھبەر ئالدى بىلەن شىركەتنىڭ تەشكىلىي ئاپاراتىنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلاپ، پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەشكىلىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. رەھبەرلىك ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ ئىش ۋاقتى تۈزۈملىرىگە ئاكتىپ رىئايە قىلدى. ئەمدى شىركەت رەھبەرلىكىدىكى پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئېنىق بولماسلىقتىن ئىبارەت خىزمەتتىكى پاسسىپ ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇرغۇنلۇق بۇزۇپ تاشلىنىپ، شىركەت مەمۇرىيىتىدە ھەممە بىر نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، ھەممە بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان ھالەت بارلىققا كەلدى.

ئىلگىرى شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ھەمدە ئەنئەنىۋى يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىدىن ئىبارەت كونا تىجارەت يوللىرى بازار ئىگىلىكى رىقابىتىگە ماسلىشالمىغانلىقتىن شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ناچارلىشىپ، ئىزچىل زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

ھازىر ئېلېكترون دەۋرى. بۇ دەۋر ئادەملەر ئارىسىدىن ھەققىي قابىلىيەتلىك ئوغلانلارنى تاللايدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى قىلمىغان ئادەملەر ھامان ھايات سىناقلىرىدا مەغلۇپ بولىدۇ.

كۇچا ناھىيىسىدە ھازىر 30نەچچە كارخانا بار. بۇ كارخانا مەسئۇللىرى ئارىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پۈت تىرەپ تۇرالماي يىقىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بىر قېتىم يىقىلغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇش مەسىلىسى كۆرۈلىدۇ. ئەمما يىقىلغان بۇ شىركەت قايتا ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن كۈچ، جاسارەت، يۈكسەك پىلان بولۇشى كېرەك. مەخمۇت قادىر ھەققەتەن بۇ گۈزەل ۋادىنىڭ ئىگىلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاش روھىغا ئىگە كارخانىچى. شىركەتنىڭ بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالىشى ياكى خاراب بولۇشى ئىسلاھات قەدىمىگە ماسلىشىش-ماسلىشالماسلىقىغا باغلىق. مەخمۇت قادىر خىزمەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئىشتا ناھايىتى كەسكىن بولدى. ئۇ سودا ئىشلىرىنىڭ پۈتۈن قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ ھەممە تىجارەت ئورۇنلىرىنى ئارىلاپ كۆردى. كىشلەرنىڭ پىكرىنى ئالدى. ئۇ ئىككىنچى قەدەمدە شىركەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ تىجارەت يوللىرى ئۈستىدە كېڭەيتىش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت قىلىش يوللىرىنى كېڭەيتتى ياكى بۇزۇپ تاشلىدى.

مەخمۇت قادىر ئالدى بىلەن شىركەتنىڭ يىللىق پىلانىنى تۈزدى. ئۇنى پەسىلگە، ئايغا، كۈنگە بۆلدى. ئۇ ھەر بىر قەدەمنى ناھايىتى ئەستايىدىل، پىلانلىق باستى. چۈنكى، ئۇ تولىمۇ پىلانلىق، قابىل بىر باشلامچى ئىدى. ئۇ يەنە شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئالدى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن بازار رىقابىتىدە بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى مۇلازىمەت ئۇچۇرلىرىغا ئىشەنمەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن باش دىرېكتور مەخمۇت قادىر ئالدى بىلەن مالىيە خادىملىرىدىن توققۇز كىشىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە سىياسىي-ئىدىيىۋى، ئىنتىزام تەربىيىسى، ئەخلاق تەربىيىسىنى

كۆچەيتىش بىلەن بىرگە «خېرىدار بىرىنچى» دېگەن سودا-سېتىق ئەخلاقىنى تەكىتلەپ، ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ تىجارەتچىلەرنىڭ مۇئامىلىدارلار بىلەن بولغان مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى قاتتىق كۆزەتتى.

بىزنىڭ بىرقانچە قېتىم ئەھۋال ئىگىلەپ بېرىپ، دىرېكتورنى ساقلاپ تۇرغانلىقىمىزنى كۆرگەن بىرنەچچە ئىشچى: «بۇ ئادەم ھازىر ھەرقايسى تىجارەت نۇقتىلىرىدا بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن ئىش ھالقىلىرىنىڭ قايسىسىدا مەسىلە كۆرۈلسە، ئىنتىپاقسىزلىق، تەشكىلسىزلىك ئامىللىرى سېزىلسە، مەخمۇت قادىر شۇ يەرگە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولىدۇ» دېيدى.

ئادەم ھامان ئۆزگىرىدۇ. «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەخمۇت قادىر ھەرقانداق چوڭ-كىچىك مەسىلە سادىر قىلغۇچىغا چىرايلىق سۆزلەيدۇ، تەربىيە بېرىدۇ. ئەمما مەسىلە سادىر قىلغۇچى سەۋەنلىكنى بوينىغا ئالمىسا مەسىلىنى توپ نېگىزىدىن ئىنقىلاپ چىقىپ پرىنسىپ بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە ھەر خىل تۈزۈملەرنىڭ بېكىتىلىشىگە ئەگىشىپ شىركەتتە بىر خىل ياخشى كەيپىيات، يېڭى ئادەت، يېڭى مۇھىت يارىتىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قائىدە-تۈزۈملەر-گە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان بولدى. تۈزۈم-قائىدىلەر ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

ئۇ كونكرېت جەھەتتە ھەرقايسى تىجارەت تارماقلىرىنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش، كوللېكتىپ ھۆددىگە بېرىش، ئەمەلىي تىجارەت ئەھۋالىغا قاراپ پايدا بېكىتىش قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى بەلگىلەپ شىركەتنىڭ تىجارىتىنى نورمال ئىزىغا چۈشۈردى. مەخمۇت قادىر ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن چوڭ سودا بازارلىرىنى بايقىدى. يەنى ناھىيە تەۋەسىدىكى 12 يېزا ئىچىدە مۇۋاپىق بولغان توققۇز يېزىدا تىجارەت نۇقتىلىرىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ھەر خىل جىددىي كېرەكلىك تاۋارلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى. بۇ توققۇز يېزىدىكى تىجارەت نۇقتىلىرى تەمىنلىگەن تاۋارلار مېتال بۇيۇملار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولۇپ تۈرى يۈز خىلغا يېتىپ، دېھقانلارنىڭ زور ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ماس قەدەمدە ئېشىپ، توققۇز يېزا تىجارەت نۇقتىسىنىڭ كىرىمى شەھەردىكى 15 تىجارەت نۇقتىسى كىرىمىنىڭ 60%نى ئىگىلىدى. شىركەت ئىقتىسادىي جەھەتتە روناق تېپىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن مەخمۇت قادىر ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. چۈنكى، شىركەتنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەت بىناسى 50-يىللاردا كېسەك بىلەن سېلىنغان كونا ئۆيلەر ئىدى. ئۇ بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆلىمى 2600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان سودا سارىيى، رېستوران، تانسا زالى قاتارلىق بىر پۈتۈن يۈرۈشلەشكەن كۇسەن مېھمانخانىسىنى سالدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا تۆت قەۋەتلىك ئىنتىپاق سودا سارىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ئىشخانا بىناسى سالدۇردى. كۇسەن مېھمانخانىسى 1995-يىلى دەسلەپكى قەدەمدە 100 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى.

شىركەتتە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن باش دىرېكتور مەخمۇت قادىر ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرتىپكە سېلىپ «كىم باشقۇرسا شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىنى قوللىنىپ كىچىك ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە بىر جۇشقۇن كەيپىيات شەكىللەندى. ئەسلىدىكى ئىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپ ئوبوروت رېتىمى تېزلەشتى. ئىچكى قىسمىدا ئىش ھەققىنى ئىش ئۈنۈمىگە باغلاش، كۆرسەتكۈچ پىلانىنى ئورۇندىغانلارغا شۇ ئايدا مۇكاپات تارقىتىش، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىشتەك بىر يۈرۈش

www.uyghurkitap.com

تۈزۈملەر شەكىللەندۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قىسىم ئۆلۈك سودا ئۇسۇلى بۇزۇپ تاشلاندى. شىركەت بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر-نىڭ تەقدىرى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلدى. 1995-يىلى مۇكاپات ئالغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سوممىسى 600 يۈز يۈەنگە يەتتى. تا ھازىرغىچە بۇ ھالەت ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن بىرقانچە يىللار ئىلگىرىكى يىمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ھالىتى تامامەن ئۆزگەرتىلدى. بۇ مەخمۇت قادىرنىڭ بىر ئۆلۈش تۆھپىسىنىڭ، مېھنەت تەرىنىڭ مەھسۇلى.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئىلگىرى شىركەتتىن ئۈمىد ئۈزگەنلەر يەنە قايتىدىن ئىش ئورنىغا قايتىپ قايىللىقىنى بىلدۈردى.

مەخمۇت قادىر شىركەت خىزمىتىنى پارتىيە ياچېيكىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇبدان ھەمكارلىشىشى بىلەن ياخشىلاپ ئۈچ يىل مابەينىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ قەدەمنى يەنىمۇ چوڭراق تاشلاش پىلانى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇ پارتىيە ئىستىلىدا چىڭ تۇرىدىغان، پاك-دىيانەتلىك ئادەم. ئۇ «سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ، دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن.» دېگەن شەرەپلىك ئەنئەنە تەربىيىسىنى بېرىپ دۆلەت كادىرلىرى ئىنتىزامىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ شىركەتنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرمايدۇ. دائىم ۋېلىسىپىتتە كېلىپ-كېتىدۇ. شەخسىي ئىشلاردا ھەتتا يىلدا بىر كېلىدىغان ھېيت-بايراملاردىمۇ شىركەتنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلەتمەيدۇ. باشقىلار «ھەي، دىرېكتور سىزمۇ...» دېگەندە ئۇ «ياق، ياق، ھەممىدە باشلامچى بولۇشىمىز، ئىقتىساد-چىل، ئاددىي-ساددا بولۇشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

ئۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلاردىن ھال سوراپ تۇرىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۇبدان خەۋەر ئالىدۇ. 1994-يىلى شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار 19 ئائىلىگە 1800 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ ھال سورىدى. بىر تۆتاش ئۆستۈرۈلگەن مائاش پۇلىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى. ھېيت-بايراملاردا دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ھال سوراپ، ئۇلارغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىپ بەردى.

مەخمۇت قادىر ئارمىيە — خەلق ئىتتىپاقلىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەچكە يەرلىك بىلەن ھەربىي قىسىملار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ دوستلۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئېھتىياز پەسلىلىك ئورمان قويۇش قاتارلىق ئەمگەكلەر شىركەتكە تەقسىم قىلىنغاندا، مەخمۇت قادىر سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئىش توختىتىپ ئەمگەككە قاتناشقاندا سودىغا ئېغىر تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى ئورنىغا بېرىپ ئادەم كۈچى جەھەتتە ياردەم بېرىشنى ئېيتتى. ھەربىي قىسىم قىزغىنلىق بىلەن شىركەتنىڭ نەچچە يۈز ئادىمى بىرقانچە كۈن قىلىدىغان ئېغىر ئەمگەكلىرىنى قىلىشىپ، يەرلىك بىلەن قىسىم ئوتتۇرىسىدا ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىرقانچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، مەخمۇت قادىر ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقىمۇ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە ياچېيكىسى، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق تەشكىلاتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئۆزىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئىتتىپاقلىق دېمەك غەلىبە دېمەك، مانا بۇ خىل ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئالدىدا مەخمۇت قادىرنىڭ مەيدانى، پوزىتسىيىسى ئېنىق بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قاتتىق تەكىتلىدى. شىركەتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىركەت خىزمىتىنىڭ مەنئى ئاساسى دەپ قارىغان مەخمۇت قادىر

ئۆز ئارا ئۆگىنىش، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، تىل ئۆگىنىش جەھەتلەردە زور ئىلگىرىلەش بولدى. بۇ ھال سودىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

شىركەت 1993-يىلى 189 مىڭ يۈەن، 1994-يىلى 180 مىڭ يۈەن پايدا باج ياراتتى. بۇ يىل يەنىمۇ ئېشىشى مۆلچەرلەنمەكتە. شىركەت نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمەت نۇقتىسى ۋە مائارىپقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 16 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. شىركەت 1993-يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى تەرىپى-دىن سودا سىستېمىسى بويىچە 2-دەرىجىلىك ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى.

مەخمۇت قادىر شىركەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە، ئۇلارنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قابىل، ئىشتا دادىل، ئىسلاھات روھىغا ئىگە بىر قىسىم ياشلارغا كىچىك ھۆددە تارماقلىرىنى تۇتقۇزۇپ ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم قابىل، كۈچلۈك رەھبەرلىك قوشۇنى بارلىققا كەلدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مەن سىزگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان بۇ ئادەم يۇقىرىدا سۆزلە-گىنىمىزدەك ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ ئەلنى تاڭ قالدۇرغان بىر سىرلىق شەخس ئەمەس. ئۇ سىز بىلەن بىزگە ئوخشاشلا قايغۇسىمۇ، خۇشاللىقىمۇ بولغان ئاددىي بىر شەخس. بۇ يەردىكى گەپ ئۇنىڭدىكى ئىلگىرىلەش روھى، ئۇنىڭدىكى جاپا-مۇشەققەت-تىن قورقمايدىغان روھ.

بۇ ئادەمدىكى روھتىن خەلقىمىزنىڭ ئاجايىپ بىر پسىخىكىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ روھىمىز، ئەنە شۇنداق يېڭىلمەس روھ.

مانا يۇقىرىقى نەتىجە تەشكىل ۋە خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، قىسقىسى ئىنسانىي بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن مەخمۇت قادىرنىڭ مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى. مانا بۇلار بىر ئۇلۇغ مۆجىزە بولمىسىمۇ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ كارخانا ھاياتىدىكى تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلۈشكە لايىق بىر ئىز.

ئۇ ئەنە شۇنداق بىر كارخانىنى بۈگۈنكى ھالەتكە ئەكەلگەن ئادەم. ئۇ ھەقىقەتەن قابىل يېتەكچى، ياخشى كارخانىچى. بۇ ئەزىز ماكان قانداقمۇ بۇنداق غەيرەتلىك ئادەملەردىن پەخىرلەنمىسۇن.

تەشكىل، خەلق بەرگەن ھوقۇق بىلەن جەمئىيەت ئۈچۈن، ئۆز ئادەملىرى ئۈچۈن باش قاتۇرمىغان، شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئادەمنى ھامان بىر كۈن يەر يۇتۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرگە تارىخ ئۆزىنىڭ سەمەرىلىك بەتلىرىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، كۇچا ناھىيىسى چوڭ ناھىيە بولۇپ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى 30 نەچچە چوڭ كارخانا بار. بۇ كارخانىلار ئىچىدە ئارانلا بەش شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ئۇيغۇر بولۇپ، بۇنىڭ بىرى مەخمۇت قادىردۇر.

تۆت يىل — ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر شىركەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ قىسقا ۋاقىت. كۇچا ناھىيىلىك يېمەك-ئىچ-مەك مۇلازىمەت شىركىتىدەك شىركەتنىڭ شۇنچە تېز قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كېلىشى ئاددىي ئىش ئەمەس. بۇ، ئادەملەردىن ئاجايىپ غەيرەت، شىجائەت، پىلان، ئەقىل-پاراسەت ۋە باشقا نۇرغۇن بەدەللەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ روھ مەخمۇت قادىرنىڭ قېنىدا بار.

يۇرتۇم، مۇنبەت تۇپرىقىڭدا، گۈزەل ۋادائىڭدا مانا بۇنداق ئوغلانلىرىڭنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قوي.

كۇچا ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياراتقان نەتىجىلىرى مەخمۇت قادىر ۋەكىللىكىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە مەنسۇپ. بۇنىڭغا زېمىن گۇۋاھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ھەققىدە

(سۆھبەت خاتىرىسى)

**خاتىرىلىگۈچى ۋە رەتلىگۈچى: ئەركىن نۇر، سالامەت ھاشىم**

**ۋاقتى:** 1996 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

**ئورنى:** «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يىغىن زالى.

**قاتناشقۇچىلار:** ئىبراھىم مۇتىئى، شەرىپىدىن ئۆمەر، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئابلا ئىمىن، ئەركىن سوپى، پەرھات جىلان، نىجات مۇخلىس، مەتتۇرسۇن ئېلى، مامبەت تۇردى، جۇرئەت كامىل، پولات ھېۋزۇللا، مەتتىمىن ئەلا، مۇھەممەت پولات، ئىسمايىل تۆمۈرى، ئابلىز ئۇرخۇن، ئەخمەت ئىمىن، نەبىجان تۇرسۇن، غەيرەتجان ئوسمان، ئىلھام جىلان، دىلشات مىجىت، ماھمۇد زەيىدى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىمىزنى باشلاشتىن، پولات ھېۋزۇللا كەلگەن مېھمانلارنى ئالدى بىلەن بىر قۇر تونۇشتۇرۇۋەتسە، (پولات ھېۋزۇللا يىغىن قاتناشچىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەبىبۇللا مۇھەممەت سۆزىنى داۋام قىلىپ) ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاز-تولا ھەسسە قوشۇش يۈزىسىدىن بىز بۇ بىر يىل ئىچىدە تۆت ئەسەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچى ئىدۇق. يىل بېشىدا «سالغا تېشى» ھەققىدە تۇنجى قېتىم مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ مۇھاكىمە ئەھۋالى ژۇرنىلىمىزدا ئەينەن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خېلى زور غۇلغۇلا قوزغىدى. نۆۋەتتە ئوبزورچىلىقىمىز ئاجىز بىر ھالقا، بىز ئوبزورچىلىقىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۇسۇلىنى لايىق دەپ قارىدۇق. بەزىلەر، بۇ رومانىنى «شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» نەشر قىلغان تۇرسا، ئەجەب «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بۇ ھەقتە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قاپتۇغۇ دەپ سورىغۇسى كېلىشى مۇمكىن. بۇ رومان نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن ئالدىنقى ئالتە بابى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغانىدى. يەنە كېلىپ ھەرقانداق بىر ئەسەر يالغۇز بىرلا شەخس ياكى بىرلا ژۇرنال ۋە ياكى بىرلا نەشرىياتقا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مىللەت ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەنىۋى بايلىق، شۇڭا بىرەر ئەسەر ئۈستىدە غۇلغۇلا ئېلىپ بېرىش ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى دەپ قارايمەن.

مەن بۇ تارىخىي رومان نەشر قىلىنىشى بىلەن ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇدۇم. ئەمدى بۇ رومانىنىڭ ئاددىي بىر كىتابخانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھېس قىلغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي.

مەن بۇ رومانىنى ئوقۇپ ناھايىتى ھاياجانلاندىم. شۇئان كۆز ئالدىمغا ئايبېك، مۇختار ئەۋېزوۋلارنىڭ «ناۋائى»، «ئاباي» رومانلىرى كەلدى (ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئوقۇغانىدىم). بۇ ئۈچ ئەسەرنىڭ ئوخشاشلىقى، بىئوگرافىك رومان بولغانلىقىدا، ئەمما «مەھمۇت قەشقەرى» بىئوگرافىك رومان دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، كىتابخانلىرىمىزغا يالغۇز مەھمۇت قەشقەرىلا ئەمەس، ئەينى پۈتكۈل قاراخانىلار دەۋرىنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئاممىباب يورۇتۇپ بەرگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «مەھمۇت قەشقەرى» تولىمۇ ياخشى يېزىلغان بىر تارىخىي رومان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ رومانىنىڭ باشقا ئىككى رومانغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، بۇ رومان ئىجتىمائىي غايىنى

بەدىئي چىنلىق، بەدىئي ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن؛ «ئاباي»، «ناۋائى» رومانلىرىدا بولسا ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى بۇنداق كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەنمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى پەرھات جىلان «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا ئۆزى ياراتماقچى بولغان قەھرىمانىنى «ئاباي»، «ناۋائى» رومانلىرىدەك ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ئىدېئولوگىيىسى رامكىلىرىغا چۈشەپ قويماي، ئۇنىڭ خاس ۋە ئىندىۋىدۇئال پورترېتىنى ئەينەن سىزىشقا ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن. شۇڭا رومانىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا «مەھمۇت قەشقەرى» بەكمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. بۇ رومانىنىڭ ئەڭ زور قىممىتىمۇ مۇشۇ يەردە.

**پەرھات جىلان:** مەن رومانىنىڭ يېزىلىش جەريانى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي. ھازىرغىچە بۇ رومانغا قارىتىلغان تۈرلۈك ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم. مەسىلەن: ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر تەتقىقاتچى ماڭا «سىز نېمە ئۈچۈن مەھمۇت قەشقەرىنى خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى قىلىپ يازدىڭىز؟ ئۇنى بىر دېھقانىنىڭ ياكى ئالىمنىڭ ئوغلى قىلىپ يازسىڭىز بولمايتتىمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار سوئاللارنى قويدى. بۇ سوئاللارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، رومانىنىڭ يېزىلىشى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بىزدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەندە مەھمۇت قەشقەرى توغرىسىدا بىر رومان يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى. مېنىڭ ئۇستازلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىمدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ۋە شۇ چاغدا بىزنىڭ تەتقىقات ئىنستىتۇتىمىزنىڭ رەھبىرى بولغان يولداش ئامىنە غاپپار قاتارلىق ئالىملار مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى قىزغىن قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولدى. ئۇلار بۇ رومانىنى يېزىپ چىقالايدىغانلىقىمغا ئىشەندى، مېنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بەردى، خىزمەتتە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشتى. مەن بۈگۈنكى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. مەن ئىشنى ماتېرىيال كۆرۈشتىن باشلىدىم. مەھمۇت قەشقەرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە قاراخانىلار تارىخىغا ئائىت ئېلىمىزدە ھەم چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى يىغدىم. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە تۈركىيە ئالىمى شاكىر ئۈلكۈ تاشىرنىڭ «قەشقەرلىق مەھمۇت» ۋە ئامېرىكا ئالىمى ئو. پرىتساكنىڭ «مەھمۇت كىم؟» ناملىق ئەسەرلىرى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەرجىمھالىنى تىكلەشكە بېغىشلانغان بولۇپ، مېنىڭ رومانىمدىكى مەھمۇتنىڭ تەرجىمھالى مۇشۇ ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا يېزىلدى. ئېلىمىز تارىخچىسى ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، پروفېسسور گېڭ شىمىنىنىڭ «قاراخانىلار نەسەبنامىسى» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىمۇ مەھمۇت قەشقەرى «مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، ھۈسەيىن ئىلىكخاننىڭ ئوغلى» دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن.

مەن بۇ رومانىنى يېزىشتا تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىمكان قەدەر تولۇق ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. مەھمۇت قەشقەرىنى ۋە ئۇنىڭ نادىر ئەسىرىنى بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ خەلقئارالىق تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلانغان چوڭ تېما. شۇنداقلا، ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرمۇ بۇ تېمىغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق بىر زور، مۇرەككەپ ۋە نازۇك تېمىدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىشتا يۇقىرى دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن تارىخىي پاكىتلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن تاكى رومان يېزىلىپ تاماملانغانغا قەدەر ماتېرىيال كۆرۈش ۋە ئىزدىنىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىمنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىدىم.

www.uyghurkitap.com

تارىخىي تېمىلاردا يېزىلىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەردە، جۈملىدىن تارىخىي رومانلاردا تارىخىي پاكىتلار بىلەن بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولىدىكەن. ئۇنداق بولسا، تارىخىي رومانلاردىكى توقۇلمىلار زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ مېنىڭچە، توقۇلمىلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك:

بەدىئىي توقۇلمىلار بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋر كارتىنىسىنىڭ ئورگانىك قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشى ۋە شۇ ئارقىلىق تارىخىي چىنلىقنى، تارىخىي پاكىتلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

بەدىئىي توقۇلما مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. توقۇلما، بىر تەرەپتىن، تارىخىي چىنلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە ۋە دۇنيا قاراشلىرىغا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. تارىخىي پاكىتلار بىلەن بەدىئىي توقۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋە نازۇك مۇناسىۋەتلەر ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنسا، بىر پۈتۈن ئەسەرمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بولىدۇ.

دېمەك، تارىخىي پاكىتلار بىلەن بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى ئارقىلىق تارىخىي رومان بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا، تارىخىي روماننىڭ زادى قانداق ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنداق دېيىش لازىمكى، تارىخىي رومان — بەدىئىي پائالىيەت بىلەن ئىلمىي تەتقىقات جەريانلىرىنىڭ جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تارىخىي رومان دېگىنىمىز، ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرىنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان ئىجادىيەت بىلەن تەتقىقاتنىڭ سەنئەتلىك بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

تارىخىي رومان نوقۇل تارىخىي ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھازىرقى جەمئىيەت ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىشى، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. دەۋرىمىز كىشىلىرى تارىخىي رومانلاردىن ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالايدىغان بولۇشى كېرەك. ياخشى يېزىلغان تارىخىي رومان، بىرىنچىدىن، بەلگىلىك تارىخ بىلىملىرىنى؛ ئىككىنچىدىن، رېئال تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

تارىخىي رومان بەدىئىي ئوبرازلار، بەدىئىي توقۇلمىلار، بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، تارىخىي رومانتى بەدىئىي ئەسەر دېيىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، تارىخىي روماندا مۇئەييەن تارىخىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىدۇ، ئاپتوردىن تارىخىي چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. تارىخىي پاكىتلارنى ئۆزگەرتىشكە، بۇرمىلاشقا ياكى توقۇپ چىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، تارىخىي رومانىنى بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان تارىخ دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، ياخشى يېزىلغان تارىخىي رومان ھەم رومان، ھەم تارىخ بولالايدۇ.

مەن مەخسۇس نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانمىغاچقا، ھېس قىلغانلىرىمنى مۇشۇنچىلىك سۆزلەپ ئۆتتەم.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى بۇ روماننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان نىجات مۇخلىس شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا ۋەكالىتەن بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىش جەريانى، تارقىتىلىش ئەھۋالى ۋە تەھرىرلىك جەريانىدا يولۇققان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتسە.

**نىجات مۇخلىس:** شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۈگۈن بۇ رومان ھەققىدە مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇپ بەك ياخشى قىلدى. ئەسلى بىزمۇ مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇلاپ يۈرەتتۇق.

بۇ رومان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئېلان قىلىنغاندا كىتابخانىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلغانىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ رومانىنى پەرھات جىلان ناھايىتى ئۇتۇقلۇق يېزىپ چىققان دەپ قارايمەن. بىزگە كېلىۋاتقان ئەسەرلەر ئىچىدە تارىخىي رومانلارنىڭ سالمىقى زور، ھازىر تارىخىي رومان يېزىش بىر يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بىز بۇ يىل تارىخىي روماندىن بەشنى نەشر قىلماقچى. تارىخىي رومانلارنى بۇنداق كۆپلەپ نەشر قىلىش ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق شارائىتىدا ئوڭاي ئەمەس.

بىز پەرھات جىلانىنىڭ بۇ رومانىنى ژۇرنالدا كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نەشر قىلىش ھەققىدە سۆزلەشتۇق. رومانىنى تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن 3-4 قېتىم سۆھبەتلەشتۇق.

ئەھۋال ئىگىلىشىمىزچە، بەزى تارىخىي رومانلىرىمىز كىتابخانلىرىمىزنى زېرىكتۈرۈپ قويغان. بىز پەرھات جىلان بىلەن بۇ رومانىنى بەزىلەر يازغان تارىخىي رومانلاردەك نوقۇل سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئۇچىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنداق ئىككى نۇقتا ھەققىدە مەسلىھەتلەشتۇق.

بىرىسى، ئەينى تارىخىي چىنلىق ۋە تارىخىي شارائىت ئارقىلىق ھازىرقى ئەھۋاللارنى يورۇتۇپ بېرىشكە بولامدۇ-يوق؟

يەنە بىرىسى، تىل مەسىلىسى، يەنى نۇرغۇن تارىخىي ئاتالغۇلار، تارىخىي جاي نامىلىرى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئاتىلىشى قاتارلىق زىل مەسىلىلەرنى زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

بىز بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ، بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى مەھمۇت قەشقەرى دىۋانىدا قانداق بېرىلگەن بولسا شۇ بويىچە ئېلىش پىكرىگە كەلدۇق ھەمدە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەي ئىلمىيلىككە ھۆرمەت قىلىش، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدۇق.

راستىنى ئېيتسام، تارىخىي رومانغا تەھرىرلىك قىلىش مەن ئۈچۈن تۇنجى ئىش ئىدى. يەنى كېلىپ بىر ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى چەكلىك... شۇڭا، بۇ رومانىنى تارىخىي نۇقتىدىن ئىبراھىم مۇتىئى ئاكىنىڭ كۆرۈپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدۇق. ئىبراھىمكام ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا قارىماي رومانىنى تەپسىلىي كۆرۈپ تارىخىي نۇقتىدىن بېكىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەشرىيات نامىدىن ۋە رومانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن شەخسەن ئۆزۈم نامىدىن ئىبراھىم ئاكىغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتىمۇ-يوق، بىلمەيمىز، بۇ مەسىلە مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ پىكرىدىن مەلۇم بولىدۇ. باشقىلارنىڭ رومانغا نىسبەتەن باھاسى ناھايىتى ياخشى، بىز جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇرمەنلەردىن پىكىر ئالدۇق.

بىز دەسلەپتە رومانىنى 4 مىڭ تىراژدا نەشر قىلغاندۇق، بىر ئاي ئىچىدە سېتىلىپ تۈگىدى. ئارقىدىنلا يالغۇز يەكەن ناھىيىلىك كىتابخانىنىڭ ئۆزى 3 مىڭ تىراژدا قايتا بېسىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ باستۇردى. بىز يېقىندا يەنە 5 مىڭنى باستۇرماقچى بولدۇق. بىر كىتابنىڭ بۇنداق بازارلىق بولۇشى نەشرىياتىمىزدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش.

بۇ نۆۋەتتىكى نەشردە مۇقاۋا، تىتۇل ۋە باشقا بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ تېخىمۇ مۇكەممەل ھەم سۈپەتلىك نەشر قىلماقچىمىز. شۇڭا بۇ 5 مىڭ تىراژنى مۇقاۋا ۋە باشقا مەتبەئە تېخنىكىسى يۇقىرى بولغان سىچۈەن چېڭدۇ نەشرىياتىغا نەشر قىلدۇرماقچى. ئومۇمەن، بۇ رومانىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىشى نەشرىياتچىلىقىمىز، بولۇپمۇ تارىخىي رومان نەشرىياتچىلىقىمىزدا كەم كۆرۈلىدىغان ئىش. بۇنداق قايتا نەشر قىلىشمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئېھتىياجىدىن بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** (نىجات مۇخلىسقا) شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي تىرازى 12 مىڭ بولامدۇ؟

**نىجات مۇخلىس:** ھەئە.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** بۇ ھەقتە تەن چوڭ ئىش بوپتۇ. قېنى ئەمىسە، رومان ھەققىدە ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەيلى، ئىبراھىم مۇتىئى ئاكا سۆزلەپ بەرسۇنمىكىن.

**ئىبراھىم مۇتىئى:** مەن كىتابنىڭ تەھرىر-لىكىگە باشتىن-ئاخىر قاتناشتىم، كىتابقا يازغان كىرىش سۆزۈم ئۇزۇنراق بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنى كېيىن گېزىتتە ئېلان قىلدۇردۇم. سۆزلەيدىغانلىرىمنى شۇ ماقالىمدە سۆزلىگەن، ھازىر قايتا پىكىر بايان قىلماي تۇراي، ياشلار كۆپرەك سۆزلىسۇن.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** قېنى ئەمىسە، ئوبزورچىلىرىمىز بىرنەرسە دەپ باقسا.

**ئىسمايىل تۆمۈرى:** (ھەممەيلەن بىر-بىرىگە قارىشىپ بىر پەس سۈكۈت بىلەن ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن) ئەسلى، چوڭلار بار يەردە داستىخانغا ئاۋۋال قول سوزمايتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ، بىر-ئىككى ئېغىز سۆزلەي. رومان چىققاندىن كېيىن مەن ئاپتوردىن سوراپ ئېلىپ قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇدۇم.

دوختۇرخانىدا بىرگە يېتىش جەريانىدا پەرھات بىلەن كۆپ سۆزلەشتىم.

رومان كىتابخانىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى، يەنە كېلىپ بۈگۈنكىدەك بۇ رومان ھەققىدە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنىشى، رومان ئۈچۈن بېرىلگەن بىر مۇكاپات. نېمە ئۈچۈن بۇ رومان مۇشۇنچىۋالا ئالقىشقا ئېرىشتى؟

بىرىنچىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىتابخانىلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىغا قىزىقىش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. بۇ تارىخىي روماندىكى مەھمۇتنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى كىتابخانىلىرىمىزنى قىزىقتۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، پەرھات جىلاننىڭ ئۆزىمۇ تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئۇ تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈش ھەۋەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان.

ئۈچىنچىدىن، ئاپتور روماننى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا يازغان.

تارىخىي تېمىنى يورۇتماق ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ ئاپتوردىن نۇرغۇن بىلىملەرنى، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مول بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرھات جىلاننىڭ ئىشلەۋاتقان ئورنىدىن ئىبارەت ئەۋزەل شارائىتى بۇنىڭ ئۈچۈن قولايلىق ياراتقان. مېنىڭچە، پەرھات جىلاننىڭ تۇنجى رومانى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان.

بىزنىڭ تارىخىمىز ھازىرچە تولۇق، ياخشى يېزىلمىغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى خاراكتېرىمىزدىكى تارىخىي مەسىلىلەرگە سەل قارايدىغان پىسخىكىمىز تەبىرىدىنمۇ، بىزدە تارىخىي مەنبەلەر ئەزەلدىن ئاز بولۇپ كەلدى. ئەمدى تارىخىي تېمىدىن ئىبارەت زۆرۈر، كەم بولغان بۇ ساھەنى يېزىش پۇرستى كەلگەن ئوخشايدۇ.

روماننىڭ ئۆزىگە كەلسەك، مەھمۇت يىپ ئۇچى قىلىنىپ ئازاق بەگ، تۈركەن خاتۇن قاتارلىق ياندىش پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ ياخشى يارىتىلغان. بىر يازغۇچىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرىدە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياخشى يارىتىپ بېرىشىنىڭ ئۆزى زور مۇۋەپپەقىيەت.

تارىخىي رومانلاردا ئېتنوگرافىيە مەسىلىسى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. چۈنكى، كىتابخان تارىخىي ۋەقەلەرنى بىلىش ئۈچۈنلا ئوقۇمايدۇ، بەلكى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئاڭ-تەپەككۇرى قاتارلىق ھادىسىلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، شەخسەن مەن ئۆزۈم شۇنداق. شۇڭا، مېنىڭچە بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش ئالاھىدە زۆرۈر. بۇ نۇقتىدا پەرھات جىلان مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. مەسىلەن: نورۇز بايرىمى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر ناھايىتى ياخشى بېرىلگەن.

لېكىن، بۇ روماندا قىسمەن يېتىشسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس.

ئاپتور روماندا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى يېزىشنى مەركەز قىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئىتتىنىڭ مەنبەلەر، تىل ئادىتى قاتارلىقلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ھەممىمىزگە مەلۇم، مەھمۇت قەشقەرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىدىقۇت تىلىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بۇددا دىنى قوبۇل قىلغان تۈرپان خەلقلىرى ئارىسىغا بارغان، بىراق روماندا بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، خىرىستىيان دىنى، شامان دىنىدەك چوڭ دىنلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ پىسخىكىدىكى ئاشۇ خەلقلەرنىڭ ئىتتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تازا دېگەندەك يورۇتۇپ بېرەلمىگەن. ئەلۋەتتە، ئاپتور ئۈچۈن بۇنى يېزىش ئاساس ئەمەس، ئەمما مەھمۇت قەشقەرى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىل تەكشۈرۈش جەريانلىرى بەكمۇ مۇھىم، ئەلۋەتتە.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى چاغدىكى قاراخانىلار بىلەن ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ زېمىن تەۋەلىكى، دۆلەت چېگرىلىرى ھەققىدە تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن مەلۇماتلار كەمچىل. مەھمۇت قەشقەرى ئىدىقۇتتىن ئىلىغا يول ئالغاندا، بۇ يولنىڭ قايسى يول ئىكەنلىكى ياخشى بېرىلمەگەن. ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت ۋە باشقا جايلارنىڭ چېگرىسى، تېرىتورىيىسى ھەققىدىمۇ مەھمۇتنىڭ باسقان يوللىرى ئارقىلىق تارىخىي مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

مەھمۇت قەشقەرى سۆيگەن چولپانئاي ئوبرازىمۇ تازا مۇكەممەل يارىتىلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كەمتۈكلۈك بار.

**مۇھەممەت پولات:** بىزدە ھازىرغىچە نۇرغۇن كىشلەر تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازدى. بۇلار ئىچىدە بەدىئىي قىممەت، ئېستېتىك قىممەت ياراتقىنى يوق دېيەرلىك. مېنىڭچە، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە ئېستېتىك قىممەت يارىتىش بەدىئىي تالانت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكا بىردىنبىر ئېستېتىك قىممەت يارىتالىغان يازغۇچى. بۇ نۇقتا، «ئىز» رومانىغا قارىغاندا «ئويغانغان زېمىن» دا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

پەرھات جىلان ئۆتكۈر ئاكىدىن كېيىن بۇ خىل تېمىدا بەدىئىي ئىستېداتىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلارنىڭ بىرى. بۇ رومانىدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچى، فانتاستىك ئامىللار مېنى تولىمۇ مەپتۇن قىلدى. پەرھات جىلاننىڭ فانتاستىك تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ئېلىپ بارغان بەدىئىي توقۇلمىلىرى بەك ئۆزگىچە. شاھنىڭ تەخت تالىشىشى، ئارسلانخان بىلەن بۇغراخان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر، بۇغراخاننىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى، چولپانئاينىڭ تراگېدىيىسى، تۈركەن خاتۇن قاتارلىقلار ھەققىدىكى بەدىئىي توقۇلمىلار ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان بىر پۈتۈن سيۇژىتنى بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇڭا بۇ رومانىنى ئادەم بىرلا ئوقۇشقا كىرىشسە تاكى ئوقۇپ تۈگەتمىگۈچە ئۇنى قولدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ ياخشى يارىتىلغان. شاھ ئايالنىڭ ئوبرازىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئايال گەرچە قارا نىيەت بولسىمۇ ئادەمگە تولىمۇ جانلىق، تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ.

ئەسەر تىلى شاھانە، ئىچكى كۈچكە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى پاساھەتلىك چىققان. ھالبۇكى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بەزى سۆزلىرى ئاددىي نۇتۇق تۈسىنى ئېلىپ قالغان، بۇ بەلكىم ھازىرقى زامان سىياسىي ئېڭىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر، كېيىنكى نەشرلىرىدە مۇمكىن بولسا بۇ خىل زورۇقۇش خاراكتېرىدىكى نۇتۇق تۈسىنى ئۆزگەرتىپ، يۈكسەك بەدىئىي پىكىر ياكى پەلسەپىۋى پىكىرگە، مەنىۋى بالاغەتكە تويۇندۇرۇش ئارقىلىق مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئالىمغا خاس خاراكتېرىنى تېخىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بەرسەك.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ، رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مەھمۇتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى يېزىلمىسىمۇ بولاتتى. مېنىڭچە پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى ئېچىپ بېرىلسىلا كۇپايە.

**نەبىجان تۇرسۇن:** بۇ رومان ئەدەبىياتىمىزنىڭ زىل تېمىسى ئۈستىدىكى ئىنتايىن دۇۋەپ-

www.uyghurkitap.com

پەقىيەتلىك ئىزدىنىش. تارىخىي تېما ئارقىلىق تارىخنى خەلقنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرگىدەك ئىپادىلەپ بېرىش، يالغۇز تارىخچىلار ۋە ئەدىبلەرنىڭلا ئىشى ئەمەس، ھەر بىرىمىزنىڭ بۇرچى.

تارىخىي مەنبەلەر تولۇق، يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پەرھات جىلان ئاكىنىڭ داداللىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئالىمىمىز ھەققىدە مۇپەسسەل توختىلىشى كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان زور ئىش. ئاپتور دەۋر قىياپىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش جەھەتلەردە «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» قاتارلىق بەزى رومانلاردىن ھالقىپ كەتكەن.

ھازىر خەلقىمىز ئۆزىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆز تارىخىغا، ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىشكە بۇرىغان، ئۆز تارىخىغا قىزىقىش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر دەۋر.

بىزنىڭ تارىخىمىز باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن باشقىچە يورۇتۇپ بېرىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، بىز ئۆز-ئۆزىمىزنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتە نەچچە ئەسىرلەپ ئارقىدا قالدۇق. مېنىڭچە، بۇ رومان بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدا بارلىققا كەلگەن زور مۇۋەپپەقىيەت، دەپ قارايمەن. مەھمۇت قەشقەرى ياشىغان، بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئەسەرلەر مېنىڭ نەزىرىمدە مۇنداق بولۇشى كېرەك:

بىرىنچىدىن، ئەينى تارىخىي رېئاللىق ئەسەردە چوقۇم ئەينەن ئەكس ئېتىشى، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىنىشى، تارىخىي رېئاللىق ئاساسىدا توغرا يېزىلىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تارىخىي تەپسىلاتلار پېرسو-ناژلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان تىل، دىن، پەلسەپۋى تەپەككۇر شارائىتى بىلەن چېتىلىپ ئەينى دەۋر چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، جۇغراپىيىلىك شارائىت، سىياسىي مۇھىت، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، شۇ خەلقلەرنىڭ دۆلەت دائىرىسى، ئېكولوگىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى ئاساسىدا توغرا ئەكس ئېتىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئامىللار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنى ئېلىپ ئېيتساق، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن، يەنى قاراخانىلار، سالجۇقىلار، غەزنەۋىلەر قاتارلىق ئەينى دەۋردىكى خانلىقلارنىڭ سىياسىي شارائىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تۆتىنچىدىن، تىل شارائىتى، تەپەككۇر شەكلى ئەينى دەۋر پەلسەپۋى ئېڭىدىن ساقىت قىلىنماسلىقى، بۈگۈنكى دەۋر ئېڭى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭى قىلىپ مەجبۇرىي يۈكلەنمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى كىشىلەر بىلەن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر شەكلى ئوخشىمايدۇ. تۇرپان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ئالساق، ئۇلار بۇددا دىنى شارائىتىدا ھەر بىر شەخس شۇ دەۋرگە خاس پىكىر قىلىش ئادىتى، دۇنيا قاراشلىرى بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

بۇ جەھەتتە پەرھات جىلان ئاكا ئالىمىمىز مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئوبرازىنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ بەرگەن.

قىسقىسى، رومان ھەر جەھەتتىن ياخشى يېزىلغان. ئاپتور پىشقان تىلچى ۋە تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن رومانىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يازالىغان.

**ئابلىز ئۆرخۇن:** (تىزىسقا قاراپ) «مەھمۇت قەشقەرى» ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى «ئوتلۇق چەمبەر» ۋە «سۇتۇق بۇغراخان» رومانلىرىدىن كېيىنكى يەنە بىر يىرىك تارىخىي رومان. بۇ ئۇيغۇرلار بۇددىزىم مەدەنىيىتىدىن ئەمدىلا قول ئۈزگەن؛ ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىلار، سالجۇقىلار ۋە غەزنەۋىلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ خانلىق تىركىشىپ تۇرغان؛ ئەرەب، پارس، تۈرك مەدەنىيەتلىرى غايەت زور دەرىجىدە يۇغۇرۇلۇۋاتقان؛ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىۋى تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، بىر پۈتۈن مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي

دەۋرگە، بۇندىن 900 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە بېغىشلانغان تارىخىي رومان.

تارىخىي رومانچىلىق تەجرىبىلىرى بولمىغان شارائىتتا بارلىققا كەلگەن «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭمۇ مۇشۇنداق نازۇك، ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى تەلەپ قىلىدىغان تېمىلاردىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلەرنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 50—60-يىللاردا ئۇيغۇر كىتابخانلىرى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ «ناۋائىي»، «ھايات بېغى»، «ئاباي» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرىدىن بەھىر ئېلىپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «مەھمۇت قەشقەرى» دەك تارىخىي ئەسەرلىرىمىز بار بولدى. ئۇيغۇر رومانچىلىقى نىسپىي ھالدا تەرەققىي قىلىش يولىغا كىردى. ئۇيغۇر كىتابخانلىرى پىرىمقۇل قادىروۋنىڭ «يۇلتۇزلۇق تۈنلەر»، ئايبېكنىڭ «ناۋائىي»، مۇختار ئەزىزوۋنىڭ «ئاباي»، «ئاباي يولى» نى تا ھازىرغىچە ھاياجان بىلەن تىلغا ئالىدۇ. راست، بۇ رومانلار ھەقىقەتەن تارىخىي چىنلىقى قويۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان نوپۇزلۇق ئەسەرلەر. چۈنكى، ئۇ ئاپتورلار كلاسسىك رۇس ئەدەبىياتى، ئىلغار غەرب ئەدەبىياتى تەجرىبىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئۇلار ئۇچۇن شۇنداق شارائىتلارمۇ تولۇق ئىدى. يەنە ئاپتورلار ئالدىدا ئاباي، ناۋائىي، بابۇرلار توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى.

«مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ئۇچۇن پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۈزۈك پارچىلاردىن باشقا سىستېمىلىق بىرەر خام ماتېرىيال، تارىخىي رومانچىلىق ئۇچۇن بىرەر ياخشى ئۈرنەكمۇ يوق ئىدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئاپتور روماندا مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىبارەت بىر بۈيۈك ئالىمنىڭ ئوبرازىنى سىزىشتىن سىرت، كىتابخانلار ئالدىدا شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقنىڭ 11-ئەسىردىكى ئومۇمىي مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى. ئۇيغۇرلار جۇملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ بىر ئەسىرلىك مۇرەككەپ تارىخىنى ئوبرازلىق بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق ياراتتى.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن قاراخانىلارنىڭ 9-ئەسىردىن 11-ئەسىرگىچە بولغان ئاددىي ھالدىكى سىياسىي تارىخىنى يورۇتۇش تارىخچىلار ئۇچۇنمۇ ھەقىقەتەن سىرلىق، مۇرەككەپ قاراڭغۇ تېما. بۇ دەۋرنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى سىزىش تېخىمۇ تەس. بىراق، ئاپتور بۇ قاراڭغۇ دەۋرگە ناھايىتى يۈرەكلىك ھالدا قەدەم باسقان ھەمدە بۇ تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتقان.

مەن رومانىنى ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى رېئال تارىخ تۈسى بار ئۇششاق دېتاللارغىچە نەزەر تاشلىدىم. پەممىچە، ئاپتور ئەسەردە شۇ دەۋر رېئاللىقىدىن چەتنەيدىغان زور خاتالىقلارغا يول قويمىغان. ئاپتور «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۇششاق مەلۇماتلاردىن ئەسەر ئىچىدە ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنى تارىخىي ھۆججەت تۈسىگە كىرگۈزگەندىن سىرت، يەنە مۇشۇ دەۋردىكى ئالىملارنىڭ مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىگە ئائىت ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىققان، ھەمدە بۇ ھەقتىكى مول بىلىمنى مەزكۇر رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىغا خىزمەت قىلدۇرغان. ئەسەردە بۈيۈك ئالىمنى ياراتقان تارىخىي شارائىت — قەشقەردىن باغداتقىچە بولغان ئۇزاق ئارىلىقنى دەسسەپ تۇرغان قاراخانىلار، غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ تارىخى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئوبرازى سايىسىدە خېلى تولۇق يورۇتۇلغان. بۇ ئەلۋەتتە يازغۇچىدىن ناھايىتى ئەتراپلىق تارىخىي، جۇغراپىيىۋى بىلىملەرنى، تۇرمۇش بىلىملىرى ھەمدە شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىستېداتنى، قەلەم قۇۋۋىتىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دېمەك، ئاپتور نەچچىلىگەن تارىخچىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئەمگىكىگە باراۋەر ئۇلۇغ ئىشنى قىلدى. بۇ، كىتابخانلارنىڭ قاراخانىلار جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 11-ئەسىردىكى تارىخىنى چۈشىنىشىدىكى كاتتا بىر تارىخ

دەرسى. مەھمۇت قەشقەرى خاتىرىسىگە تىكلەنگەن يىقىلماس مەزمۇت مۇنار.

بىراق، بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىكى ھەممىلا توقۇلمىلارنى رېئاللىق تۇسىگە دەسسىتەلمەيمىز. بۇ توقۇلمىلار دەل تارىخىي رومانىنىڭ رېئال چىنلىق دەرىجىسىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدىغان نازۇك ھالقا. تارىخىي روماندا ئاپتور نۆۋەتتىكى تەتقىقاتتا تېخى پەرەز ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بىر مۇنچە تېمىلارنى بىر يولىلا رېئاللىققا ئايلاندۇرغان. مەسىلەن: مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تارىخچى ئالىم ئەل ئالمائى، پەيلاسوپ غەززالى، نىزامۇلمۇلۇك قاتارلىق بىرقاتار ئالىملارنىڭ ئۇچرىشىشى، ئالىمنىڭ بۇددىزم مۇھىتىدىكى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىلى ۋادىسى قاتارلىق جايلارغا بارغانلىقى ھەققىدىكى پەرەز... قاتارلىقلار. ئاپتور ئەسەردە ئالىمنى يوقىرىقى زاتلار ۋە جايلار بىلەن تەپسىلى ئۇچراشتۇرۇپ چىققان. بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي چىنلىقىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. مېنىڭچە، يازغۇچىلىرىمىز ئۆز تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ يەتمىگەن، مۇكەممەل تارىخ قارىشى ۋە ئەدەبىيات قارىشى شەكىللەنمىگەن شارائىتتا مىللەتنى ئىمكان بار رېئال چىنلىقى كۈچلۈكرەك ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشى ۋە مىللەتنى يەنىلا بىر ئىلمىي كەيپىياتقا باشلاپ كىرىشى زۆرۈر.

مەن 1989 - يىللاردا «ناۋائىي» رومانى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىمدا، ئاپتورنىڭ ئەلشىر ناۋائىينى تارىخىي چىنلىققا زىت ھالدا تار مىللەتچىلىك يولىغا زورلاپ كىرگۈزۈشى، يەنى ئاپتورنىڭ ناۋائىينى «بىز ئۆزبېكلار»، «بىزنىڭ ئۆزبېك تىلى» دەپ سۆزلەتكۈزۈشى ناۋائىينىڭ تۈركىي خەلقلەر نەزەرىدىكى يۈكسەك ئابرويىغا بىمەھەل چۈشكەن داغ ۋە «ناۋائىي» رومانىنىڭ ئەڭ زور مەغلۇبىيىتى دەپ قارىغانىدىم. بۇ، مېنىڭ ناۋائىينىڭ مىللىيلىك دەۋاسى مەسىلىسىگە ئالاھىدە قارىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى مەندە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ مىللىي ئاڭ مەسىلىسى ھەققىدە مۇئەييەن تونۇشنىڭ ھاسىل بولغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا، مەن بۇ قېتىم «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدىكى مىللىي ئاڭ مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. بۇ ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي يازغۇچىنىڭ تارىخ قارىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىق. ئەگەر مەھمۇت قەشقەرى تار مىللەتچىلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ ئۇيغۇرنىڭلا ئالىمى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ۋە ئاپتور تىلىدىن ياكى ئالىم تىلىدىن ئۇيغۇر ئىبارىسى كۆپ تەكرارلانغان بولسا، بۇ ئالىمنىڭ ئالىملىق سالاھىيىتىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەم دۇنيادىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزەرىدىكى سۆيۈملۈك ئوبرازىغا مەلۇم تەسىر يەتكەن بولاتتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئالىمنىڭ شەخسىي خاھىشىغىمۇ مۇخالىپ كەلگەن بولاتتى. بىراق، ئەسەردە ئاپتور بىز ئويلىغاندەك تار قەبىلىچىلىك نۇقتىسىدىن چىقماي بەلكى ئالىمنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك، تېخىمۇ كۆپ مىللەت ۋە يۇرتلار ئورتاق سۆيىدىغان ئۇلۇغ سىماغا ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر زور مۇۋەپپەقىيىتى. ئۆز دەۋرىدىكى ئۇلۇغ بىر مىللىي بىرلىشىشكە ئوقۇلغان ئۇلۇغ قەسىدە.

ئاپتور ئەسەردە مۇھەممەت بۇغراخان ۋە سۇلايمان ئارسلانخاندەك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا خېلى كۈچ سەرپ قىلغان--يۇ، لېكىن ئۇلاردا ھۆكۈمرانلارغا خاس جەسۇرلۇق، ياۋۇز خاراكتېرىنىڭ بولۇشىغا سەل قارىغان. ھەر ئىككىلا ھۆكۈمران ناھايىتى ئىلىم سۆيەر ۋە بەزىدە ناھايىتى كەسكىن تەسۋىرلىنىدۇ، لېكىن ھەر ئىككىسى كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ ناھايىتى ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. ھەتتا مىجەزى ناھايىتى چۇس، سۇرلۇك، ئىلىم سۆيەر مۇھەممەت بۇغراخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن زىددىيەتلەر ئىچىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالىدۇ ۋە ئاخىرى ئېچىنىشلىق قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. ھەر ئىككى ھۆكۈمرانىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ناھايىتى بىلىملىك، ئىلمىي قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىر ئىمپېرىيىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرۇشتا يازغۇچى مەلىك شاھتەك بىر جەسۇر ھۆكۈمرانىنىڭ

بواۇشىنى بىلگەن-يۇ، لېكىن قاراخانىلار خانلىقىدا ئۇنداق شاھتىن بىرەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھەممىسى تالىپ مىجەز ھۆكۈمدارلار. بۇلا ئەمەس، ئاپتور ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ناھايىتى كەڭ زېمىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئەكسىچە ھالدا، ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئىلمىي كەيپىياتنى ھۆكۈمران ئورۇنغا قويىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سىرت يەنە كۆن-تۈن جەڭگاھتا يۈرىدىغان مەلىك شاھلارغىچە، خانىش تۈركەن خاتۇنلارغىچە كۆرۈپ چىققان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. مېنىڭچە ئاپتور ئالىمنىڭ شۆھرىتىنى باشقا يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇ قادىر ئىدى.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئاپتور ئەسەردە شۇ دەۋر شارائىتىغا ئانچە باب كەلمەيدىغان بەزى ئىبارىلەرنى بەزىدە ئۆز تىلىدىن، بەزىدە ئەسەردىكى پېرسوناژلار تىلىدىن تەكرار بەرگەن. مەسىلەن: «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىشخانىسى»، «ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، «غوجام» (بۇ سوپىزمغا خاس ئاتالغۇ بولۇپ، 13 — 15-ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. بىراق ئەسەردە ئالتۇن تارىم بۇبىرابىيە ئېرى ھۈسەيىن ئىلىكخاننى، چولپانئاي ئېرى مەھمۇت قەشقەرىنى مۇشۇ سۆز بىلەن ئاتايدۇ)، «بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەلدە» (بۇ سۆزلەر قۇدرەتلىك ھۆكۈمران يۈسۈپ قادىر ئارسلانخان تىلىدىن بېرىلگەن)، «قەدىرلىكىم» (سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى ئىبراھىم تابغاچخان مەھمۇت قەشقەرىنى ئىككى يەردە مۇشۇ سۆز بىلەن ھۆرمەتلەيدۇ)... مانا بۇ سۆزلەردىن ھازىرقى زامانىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىمنىڭ ئىجادىيەتتە نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىۋى تېمىلارنى ئەمەس، بەلكى تىلشۇناسلىقتىن ئىبارەت يېڭى تېمىنى تاللىغانلىقى ئەسەردە قانائەتلىنەرلىك يورىتىلمىغان. ئالىمنىڭ بۇ تېمىدىكى ئىجادىيىتى قەشقەردىكى چاغدىلا باشلانغان ۋە تۇنجى ئەسىرى «جەۋاھىرۇن نەھۋى فىللۇغاتىت تۈرك» قەشقەردە تاماملانغان.

بىراق، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يېزىلىشى توغرىسىدىكى سەۋەب سالجۇقى سۇلتانى ئالىپ ئارسلاننىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن. شۇڭا، ئەسەردىكى بۇ نۇقتا مۇقەررەر ھالدا كىتابخانلار رايىنى قاراخانىلاردىن سالجۇقلارغا تېخىمۇ كۆپرەك مايىللاشتۇرىدۇ.

ئەسەردە سالجۇقى سۇلتانلىرىدىن ئالىپ ئارسلان، مەلىك شاھ ۋە تۈركەن خاتۇنلار مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقان شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلار تەۋەسىدىن زور بىر تۈركىي ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۆز مەيلىچە باغدات شەھىرىگە توپلىغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ئەسەردە ئاپتور تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان دېموكراتىك غايىلەر يۈكلەنگەن توقۇلمىلار خېلىلا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھۈسەيىن ئىلىكخان ئاددىي بىر باغۋەننىڭ قىزى بۇبىرابىيەگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغاندا، ئۇلار خانزادە ھۈسەيىننىڭ ئەقىل-ئىدراكىنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ. مۇھەممەت بۇغراخان ۋە ھۈسەيىن ئىلىكخانلار ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى قايرىپ قويۇپ، سىناقنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلمەي قالغان.

ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان باغدات شەھىرىگە تۈركلەر ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ يوپۇرۇلۇپ كىرىشى ئەسەردە ناھايىتى توسالغۇسىز، زىددىيەتسىز تەرەققىي قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ناھايىتى بىر ئۆتكۈر مەسىلە ئىدى.

ئەسەردىكى يەنە بىر نۇقتا شۇكى، قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىققا ناھايىتى ئۆچ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئالىم ئەسەردە «قەشقەرى» تەخەللۇسىنى ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ تاللىۋالىدۇ. بۇ چاغدا ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتىنى پەش قىلىشىنىڭ ئۇنچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. بۇ ئالىمغا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۇزاق

www.uyghurkitap.com

مۇددەت ھىجران ئازابىدا ئۆرتىنىپ، ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنغان چاغدىكى باغداتتا بىرىلگەن بولسا ئەسەرنىڭ تارىخىي چىنلىقى تېخىمۇ ئاشقان بولاتتى.

بىراق، يۇقىرىقى پىكىرلەر ئومۇم ئېتىراپ قىلغان بىرەر ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى دائىرىسىگە ياتىدىغان پىشقان پىكىرلەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تارىخىي رومانچىلىقتىن ئىبارەت يېڭى تېما بوسۇغىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان يازغۇچىدىن ئۇنداق مۇكەممەللىكنىمۇ تەلەپ قىلالمايمىز.

**ئىسرائىل يۈسۈپ:** (ئۇ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تېزىسىنى پولات ھېۋزۇللا ئوقۇدى)

بىرىنچىدىن، روماندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن.

تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان قاراخانىلار تارىخىغا ئائىت يازما ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. ئۇ يۈسۈپ قادىرخان (يۈسۈپ بىن ھەسەن 1027 ~ 1026-يىللار — 1032 يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دىن تارتىپ، ئەھمەد ئارسلانخان (ئەھمەد < ھارۇن > ھەسەن 1103 ~ 1102 — 1128-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) غىچە بولغان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى كىتابخانلارغا ئىخچام ۋە ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنداقلا، قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئۈستىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات بەرگەن.

ئاپتور يەنە سالجۇقلار خانلىرىدىن 1040-يىلى خۇراساننى ئىگىلىگەن ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتۈن ئىراننى بويسۇندۇرغان؛ 1055-يىلى باغداتقا كىرگەن توغرىلبەگ (سالجۇقنىڭ نەۋرىسى) نىڭ جىيەنى ۋە تەخت ۋارىسى ئالىپ ئارسلان (1063 — 1072-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن ئوغلى جالالىدىن مەلىكشاھ (1072 — 1092-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرلىرى توغرۇلۇقمۇ ئېنىق مەلۇمات بېرىپلا قالماي، تۈركەن خاتۇن توغرۇلۇقمۇ ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور 9-ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ خاراكتېرى، بولۇپمۇ قائىم بىئەمرۇللا خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللا (خەلىپىلىك ۋاقتى 1075 — 1094-يىللار) دەۋرىنىڭ خاراكتېرى توغرۇلۇق قىسقا، ئېنىق مەلۇمەت بېرىپ ئۆتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاپتور ھەقىقىي ئالىمنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرىپلەپ بەرگەن.

ئۇستازلارنى، پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش، كىچىكىدىن بېرىلىپ ئۆگىنىش، جاپاغا چىداپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇش، تۇرمۇتاينى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش، دەشتى قىپچاقتا قاراقچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئەسىر قاراقچىنى قويۇپ بېرىش، ئەمەل-مەنسەپكە ئۆزىنى ئۇرماسلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە كۆرەلمەسلىك — ھەسەتخورلۇق قىلماسلىق، ئاددىي-ساددا، كەمتەر-مۇلايىم بولۇش، چىقىشقاق بولۇش، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلمەسلىك، گۈلپەرىگە ئۆز قىزىدەك مۇئامىلە قىلىش، ئېلتەمۇرنى ياخشى تەربىيەلەش ۋە ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش، لېكىن يۇرتۋازلىق قىلماسلىق، مەھمۇدىيە مەدرىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى قاتارلىقلارنى ماھىرلىق بىلەن تەسىرلىك بايان قىلىپ بەرگەن. ئاپتور ئەسەرنىڭ تىلىغىمۇ خېلى ئىشلىگەن.

ئۈچىنچىدىن، رومانىنىڭ «گۈلپەرى» دېگەن بابىدا، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇتنىڭ ئۆيى تەرىقىسىدە سوغدىلار ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى (رومانىنىڭ 624 — 626-بەتلەرگە قاراڭ) ئوقۇرمەنلەرنى ئوبدان پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. ئاپتور بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر پارتىيىمىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلاۋاتقان پايدىلىق پۇرسەتتە، بىزنىڭ ئىللەتلەر-

نى تۈگىتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىمىزغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكۈسى.

ئەمدى، مەن جەمئىيەتتە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بەزى ئىنكاسلار ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي.

بىرىنچى، ئاپتور نىمە ئۈچۈن مەھمۇت قەشقەرىنى دېھقان ياكى سودىگەرنىڭ پەرزەنتى قىلماي، خانزادە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ؟

«دىۋان» دا مەھمۇت قەشقەرى «... مەن شۇ تۈركلەرنىڭ... ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزەۋازلىرىدىن...»، «تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىلىرىمىز...» دەپ يازغان جۈملىلەر ئۇنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئالىملار يۇقىرىقى بايانغا ۋە مۇھەممەد بۇغراخان (1057 — 1056 — 1058 — 1057-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ ئوغلى بولغان بارسخان ئەمىرى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى دېگەن ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەھمۇتنىڭ خانزادە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققىشى توغرىسىدىكى پىكىر ھازىر ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن پىكىر ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرىدىن 70 ياش ئۈپچۈرىسىدە چوڭ ياكى مەھمۇت يۈسۈپتىن 70 يىل كېيىن تۇغۇلغان. ئاپتور ئۇ ئىككى ئالىمنى رومانىدا قانداق قىلىپ، نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۇچراشتۇرغاندۇ؟

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى 6623-، 6624-بېيتلەردە، «قۇتادغۇبىلىك» نى يۈسۈپ بالاساغۇننىڭ ھىجرى 462-يىللىرى (مىلادى 1069 — 1070) يازغانلىقى، ئۇنىڭغا 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقى ئېنىق يېزىلغان. يەنە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى 365-، 366- بېيتلەردە، ئاپتور بۇ كىتابنى يازغاندا ئۇنىڭ يېشىنىڭ 50 تىن ئاشقانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئاپتور كىتابنى تاماملاپ، بۇغراخان ھەسەن بىن سۇلايمان (1075 — 1074 — 1103 — 1102-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) غا تەقدىم قىلغان.

ئالىملار يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، يۈسۈپ 1012 — 1017-يىللار ئارىلىقىدا، ياكى 1015-1016-يىلى، 1018 — 1019-يىللىرى تۇغۇلغان دېگەن كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئومۇمەن يۈسۈپ 1010-يىللار ئىچىدە تۇغۇلغىنىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ.

«دىۋان» نىڭ تۈتىنچى جىلدىدا، ئاپتورنىڭ «بۇ كىتاب ئۆمرۈمنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى» دېگەن جۈملە بار.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى 366-بېيت (مەزمۇنى: ئاتمىش ياش مېنى قىچقىرىپ، كەل! دەۋاتىدۇ، ئەجەل يەتسە يېتىپ بارىمەن) گە ئاساسلانغاندا، ئۆز زامانىسىدا ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىش ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغا قەدەم قويغانلىق دەپ چۈشىنىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، مەھمۇت «دىۋان» نى يېزىپ بولغاندا، ئۇنىڭ يېشىمۇ ئەللىك بىلەن ئاتمىش ئارىلىقىدا ياكى ئاتمىشقا يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

مەھمۇت «دىۋان» نى 1072 — 1074-يىللىرى يېزىپ تەھرىرلەپ، 1075-يىلى خەلىپە مۇقتەدى بىللاغا تەقدىم قىلغان.

ئالىملار يەنە «دىۋان» نىڭ ئۈچىنچى جىلدىدىكى «بۆكە بۇزراچ» كە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بەرگەن ئىزاھىغا ئاساسەن، ئۇنى 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلغان دەپ ئىلمىي پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۇقىرىقىلار، يۈسۈپ بالاساغۇن بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بىر دەۋرنىڭ ئالىملىرى ئىكەنلىكى، ياشلىرىنىڭ ئانچە پەرق قىلمايدىغانلىقى، يۈسۈپ مەھمۇتتىن چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ بىر قانچە ياش چوڭ بولىدىغانلىقىنى، 60-70 ياشچە پەرق قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

**مەتىمىن ئەلا: (تىزىسقا قاراپ) بىزدە تارىخىي رومانچىلىق بىر تارىخىي سىناق ۋە يېڭىلىقلارغا قەدەم قويىدى. «مەھمۇت قەشقە-**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رى» رومانى دەل مۇشۇنداق ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر.

تارىخىي ئەسەردە بولۇپمۇ تارىخىي روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغىنى بىر پۈتۈن ياكى مەلۇم دەۋر ھايات رېئاللىقىنىڭ — تارىخىي ھادىسە، تارىخىي قانۇنىيەت (مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىيلىق)، شەخس ھاياتى — تارىخىي رەۋىشتە سەنئەتكە كۆچۈشى. ئۇ تارىخ بىلەن سەنئەتنىڭ ماكان، زاماندىن ھالقىغان شەكلىدىكى كۆزنىتىلىشى ۋە بىرىكىشى. ئۇنىڭدا تارىخ رېئاللىقىنىڭ ۋە تارىخىي ئاڭنىڭ سەنئەت شەكلىدە بىر تەرەپ قىلىنىشى يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

شەخسنىڭ ھاياتى يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە شەخس تارىخقا قويۇلۇپ كۆزدىتىلىدۇ، بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك شەخس ياشىغان تارىخمۇ شۇ شەخسنىڭ ھاياتى (تەقدىرى، ئىدىيىسى) ئارقىلىق ياندىن يورۇتۇلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەخس تارىختا، تارىخ شەخستە قايتىدىن يېزىلىدۇ.

«ئادەمنىڭ تارىخىيلىقى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. ھەرقانداق ئادەم تارىخسىز مەۋجۇت بولالمايدۇ، ئادەم تارىختا قارىتا ئېنىك ئامىل بولماستىن، ئەكسىچە ئۇچۇقتۇر.» (گادامور) شۇنداق، «مەھمۇت قەشقەرى» روماندا 11-ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى سەركەردە — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بىزگە ۋە تارىختا نىسبەتەن پۈتۈنلەي «ئېچىۋېتىلگەن» تارىخىي يېزىلغان. تارىختىن مەلۇمكى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ 11-ئەسىردىكى ھايات پائالىيەتلەرى بىر خىل توغرىسىغا سوزۇلغان ۋاقىتچانلىقى (پەلسەپە ۋە تارىخ ئىلمىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئەينى دەۋر يەنى نىسبەتەن مەلۇم دائىرىگە ئىگە ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا چەكلىك ماكاندىكى چەكلىك زامان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ۋاقىتچانلىق مەھمۇت قەشقەرىگىلا ئالاقىدار ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ) ھازىرلىغان بولۇپ، نىسبەتەن تۇراقلىق. چۈنكى يېزىلماقچى بولۇنغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى، قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋە قاچان، قانداق ئۆلگەنلىكى ھەققىدە بىرقەدەر ئېنىق مەلۇماتلار بار ياكى ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغان. ئۇنى ئۆزگەرتىش ئاللىقاچان مەڭگۈ مۇمكىنسىز مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئەگەر ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا ئۇ تارىخىي ئەسەر بولماي قالىدۇ. بۇ مۇنداقچە ئېيتقاندا، خۇددى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ نەدە تۇغۇلىدىغانلىقى، ئاتا-ئانىسىنى ئالدىن تاللىيالمايدىغانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تارىخ ئويدۇرما ياكى توقۇلما بولمىغاچقا، تارىخىي ئەسەرلەر بايانچىلىقىدا ئىمكانىيەت بىرقەدەر تار بولىدۇ، لېكىن يېزىلىۋاتقان شەخس يەنىلا ئىجتىمائىي-تەبىئىي ئادەم بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى چەكسىز ئىمكانىيەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا تارىخىي ئەسەرلەردە مۇمكىنسىزلىك ئىچىدىكى مۇمكىنچىلىك ھەرۋاقىت ھازىرلانغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ھېچكىم تارىخىي ئەسەرلەرنى يازالمىغان ھەم بۇنداق ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى.

خوش، «مەھمۇت قەشقەرى» روماندا بۇ ئىمكانىيەت قانچىلىك ھازىرلاندى ھەم يېزىلدى؟ بىزچە، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلىم يولىدىكى قايتماس ئىرادىسىنىڭ ۋە بۇنىڭدىن كۆرگەن قىسمەتلىرىنىڭ يېزىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە مەھمۇت قەشقەرى ئارقىلىق قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پۈتكۈل سىياسىي، ھەربىي، دىن، ئۆرپ-ئادەت، فولكلور تارىخىنىڭ يېزىلغانلىقىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنى ئوقۇش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك بەدىئىي ئىمكانىيەت ۋە تارىخىي ئۇچۇرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا قارىتا قانداق ئويلارغا كەلدىڭىز؟

«مەھمۇت قەشقەرى» روماندا يەنە بىر خىل تارىخىي — بەدىئىي ئىمكانىيەت بار: ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ۋاقىتچانلىق (غەيرىي مەلۇم دائىرىگە ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى ئاساس قىلىنىدۇ. بىر پۈتۈن مۇكەممەل ماكاندىكى ئېقىشچان < تۈز سىزىق ھالىتىدىكى > ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ). بۇنىڭدا ماكان، زاماندىن ھالقىغان

مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئۇلۇغ ئىقمىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ پوتكۈل ئۇيغۇر ھەتتا دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى يۈكسەك تارىخزملىق مۇھىتىغا قويۇلۇپ كۆزىتىلدۇ. روماندىكى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاكىمىيەتتىن ئىلىمنى ئۇلۇغ كۆرۈشى، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ئوردا يىغىلىقىدا قىرىلىپ كەتسىمۇ ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەسلىكى، غايەت زور ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ كاتتا ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىشى يۇقىرىقى ئىككى خىل ۋاقىتچانلىقنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان بولۇپ، بۇ روماننىڭ تارىخىي رومان بولۇشىدىكى ئەقەللىي تارىخىي — ئەدەبىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

توغرىسىغا سوزۇلغان ۋاقىتچانلىقتىن ئالغىنىمىزدا، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قانداق پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئالدىن بەلگىلەنگەن، تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى تارىخىي رېئاللىق بولسىمۇ، روماندىكى مەھمۇت قەشقەرى يەنىلا تارىختىكى مەھمۇت قەشقەرىدىن ھالقىپ كېتىشى كېرەك. چۈنكى روماندىكى مەھمۇت قەشقەرى بەلگىلىك تەسەۋۋۇر دائىرىسىدىكى ئوبراز بولۇپ، تىرىك ئادەملىك ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە سوسلاشقان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي سەنئەت ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا روماندا كەڭ مەنىدىن ھەم ئېستېتىك ئەھمىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە تارىخىمىزدىكى بىر ئادەمنىڭ (قانداقلا شەخس بولمىسۇن) ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەقدىرى يېزىلغان؛ تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي — سىياسىي جانلىقنىڭ تەقدىرىنىڭ يېزىلمىسى ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ گەپ كەتمەيدۇ. بۇنداق دېيىش گەرچە روماندىكى مەقسەتدارلىق ھەم ئىدىيۋىلىكتىن زور دەرىجىدە چەتنەپ كەتكەندەك بىلىنسىمۇ، لېكىن روماننىڭ تارىخىي ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەر بولالىشى دەل مۇشۇنداق كەڭ مۇمكىنچىلىكتىن تۇغۇلغان. بولمىغىنىدا مەھمۇت قەشقەرىنى رومان قىلىپ يېزىش زۆرۈرىيەتسىز بولار ئىدى. تارىختىكى مەلۇم ئادەمنىڭ ھاياتى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە يېزىلىدىكەن يازغۇچى چوقۇم تۇغۇلغان ئادەمنىڭ ھامان ئۆلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالدىن بېكىتىلگەن قىسمەتنى ۋە خىلمۇ خىل ھايات ئويۇنلىرىنىڭ ئىشتىراكچىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتەك ئىنتايىن مۇھىم ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دۇچ كېلىدۇ. دېمەككى، روماندا تارىخىي ئامىللار — ئالىمنىڭ ھاياتى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئەتراپلىق يېزىلغان، لېكىن مەھمۇت قەشقەرى يەنىلا تارىخىي شەخسلىك سالاھىيىتىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇ، ئەسەردە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ۋاقىتچانلىققا زىيادە ئېتىبار بېرىلگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. ئالايلى، ئالىمنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى دەھشەتلىك تەرىزدە ۋەيران بولسىمۇ ئىلىمگە بولغان ئېتىقادىدىن يانمايدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى، ئويلىيالايدىغانلىقىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، لېكىن مەلۇم تەجرىبە ۋە تەسەۋۋۇر مۇھىتىدا بۇلارنى قىياس قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن. يازغۇچى بۇ جەھەتتە چەكسىز ئىمكانىيەت دۇنياسىدا تۇرغانىدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئىمكانىيەتلەر ھەقدادىغا يەتكۈزۈلمىگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالىم ياقا يۇرتلاردا ئۇزۇن يىل سەرسان بولۇپ يۈرگىنىدە، ئۆتمۈش، بۈگۈن، كەلگۈسى ھەققىدىكى توغرىسىغا سوزۇلغان ۋاقىتچانلىق خاراكتېرىدىكى خىياللىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى نەزەرىدىن چەتتە قالدۇرۇلۇپ، قەيەرگە بارسا، شۇ جاي بارلىققا كەلتۈرگەن يەككە مەنىۋى دۇنيادىلا ياشاشتەك ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ۋاقىتچانلىق خاراكتېرىدە بولغان، تەبىئىي (فىزىكىلىق) ۋاقىت ئۇنۇمىنى قوغلىشىپ، يەككە ئادەمدىكى ھەم ئەسەر بايانچىلىقىدىكى مۇھىم تەرەپ (بولۇپمۇ بۇ روماندا) پىسخىك ۋاقىتچانلىق ئىپادىلەنمىگەن. ئالايلى، ئالىمنىڭ ئانا يۇرتى بىلەن مەرھۇم قېرىنداشلىرى، ئاتا-ئانىسى ۋە سۆيۈملۈك ئايالىغا بولغان سېغىنىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئانا يۇرتىغا قايتىشقا ئەگىشىپ قايتا قوزغىلىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. ئانا يۇرتىغا كەلگەندىكى روھىي دۇنياسى

ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قىزىقارلىق سۈرەتلىنىدۇ. ئۆتمۈش، بۈگۈن، كەلگۈسىنىڭ دەھشەتلىك سوقۇلۇشى ۋە ئارىلىشىشى مۇھىتىدا تاكامۇللاشقان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەنىۋىيىتى بىزگە ئاقرىپ كۆرۈنگەن بىر تال سىزىقنىلا ئەسلىتىدۇ، خالاس. بۇ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ رېئال ھەم مەۋجۇت ئادەملىكتىن نوقۇل تارىخىي شەخسلىككە باي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەسەردىن بارلىققا كېلىدىغان ئاخىرقى بەدىئىي - تارىخىي ئۈنۈم كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە يارىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىغا كۈچلۈك قىزىقىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان تارىخىي ئاڭ، ئۆز ئالىمىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، رومانىنىڭ تارىخىمىز قاراڭغۇ ئورمانلىقىغا بىزنى باشلاپ مېڭىشى رومانىدىكى مەھمۇت قەشقەرىنى خەلقىمىز روھىيىتىدىكى ئۆلمەس بەلگە — پۈتكۈل قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تارىخىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. قانداقلا بولمىسۇن مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق چولپان بولغاچقا رومانىنىڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىشىدا ئېرىشەلىشىدە گەپ يوق. ئۇزۇپ ئېيتىش كېرەككى، «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى تارىخىي رومانچىلىقىمىزدىكى ئاخىرقى مەنزىل ئەمەس.

**مامبەت تۇردى:** (تىزىسقا قاراپ) 11-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرلىق ۋە ئېغىر پەردىسىنى ئېچىپ شۇ دەۋردىكى تۇرلۇك ئادەم ۋە ئەللەرنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى، ھېسسىي دۇنياسىنى نامايان قىلغان «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى 90-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدا يېزىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ تىلشۇناسنىڭ ھاياتىنى چۆرىدىگەن ھالدا غەربىي دىياردىكى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي بوران-چاپقۇن ۋە شانلىق مۇساپىنى رومانىدا ئەكس ئەتتۈرۈش نەتىجىلىك بولغان. ئاپتورنىڭ ئىستىبداتى شۇ نۇقتىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇكى: تەييار سېيوژېتقا ئىگە بىر تىلشۇناسنىڭ ھاياتىنى ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋرگە ئەپچىللىك بىلەن باغلاپ ئىجاد قىلىشنىڭ مۇرەككەپ ئۆتكىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن. مېنىڭچە، ئىش-ئىزلىرى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىپ قالغان خانلار ۋە باتۇرلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا قارىغاندا بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن بىر تىلشۇناسنىڭ، ئەدىبنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئالاھىدە مۈشكۈل. تارىخ بىلەن قەھرىمانلىق ئۆزئارا تاناسىپ بولغىنى بىلەن، تارىخ بىلەن تىلچىلىق، ئەدىبلىك ئانچە جىپسىلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىبارەت دۇنياغا مەشھۇر بولغان، ئەمما شۇنچىلىك سىرلىق بىر شەخسنى باش پېرسوناژ قىلغان رومانىنى يېزىشنىڭ مۈشكۈللۈك دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، پۈتۈن ئىلمىي بويىچە ئىجاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا، ماددىي ۋە مەنىۋى ھادىسىلەرگە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ يازغۇچى بۇ روماندا تەپەككۇر قۇشلىرىنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ، 11-ئەسىردىكى تارىخىي دەۋرنى، كىشىلەر تۇرمۇشىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى، ئۆرپ-ئادەت، پسىخولوگىيە، خاراكتېر، پىكىر قىلىش، تىل جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىلمىي ۋە ئىجادىي تەسۋىرلىگەن.

تارىخىي كىتابلاردا پادىشاھلارنىڭ، ئەسكىرىي قولباشچىلارنىڭ ئۇرۇش-جېدەللىرى ۋە چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر، يۇقىرى تەبىقىدىكى سۆلەتۋازلارنىڭ سەلتەنەتلىرى خاتىرىلىنىدۇ-دە، شۇ دەۋردىكى مەنىۋى ھالەت تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئاشۇ يۈزەكىلىكنى تارىخىي رومانلار تولدۇرۇپ كەلمەكتە. «مەھمۇت قەشقەرى» روماندا جاھاننى بېشىغا كىيگەن پادىشاھلاردىن تارتىپ ئەڭ ئاددىي كارۋان بېشى، قۇللارغىچە بولغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرى، خاراكتېرى، ئوي-پىكرى ۋە ئىچكى دۇنياسى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە، نازۇك مۇناسىۋەتلەر جانلىق تەسۋىر-

لەنگەن بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ شانلىق ۋە ئازابلىق كەچۈرمىشلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتكەن.

يازغۇچى تارىخىي رومان يېزىشتىكى ھەل قىلغۇچ نۇقتىلارنى، چىگىش تۈگۈنلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغان. ئاپتور كلاسسىك رېئالىزملىق ئۇسلۇب بىلەن ئىپىك باياننى ئۆز ئۇقۇمىغا ئىگە قىلغان. تارىخىي رومان يېزىشتىكى ئەنئەنىۋى پىروزا ۋەكىللىرى (ئابدۇللا قادىرى، تولستوي، ۋ.گ.يان، م.ئاۋەزوۋ يەنە نۇرغۇن) ماڭغان يول پەرھات جىلان ئىجادىيىتىگە روشەن ماياك بولغان. بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق مېتود ئەسەردە خېلىلا قېنىق تۈسكە ئىگە. لېكىن، يازغۇچىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى بۇرۇنقى ئەنئەنىلەردىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى يارىتىشقا قادىر بولغان. ئاپتور تەسۋىرلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى ماھارەت كۆرسەتكەن. بىراق، ئاتالغان رومان تېمىسىنىڭ ۋە دەۋرنىڭ ئالاھىدە بولۇشى سەۋەبىدىن مۇنازىرە قوزغايدىغان بەزى مەسىلىلەردىن تەبىئىي ھالدا خالىي بولالمىغان.

روماندا ئاشكارا دىققەت قوزغايدىغان سىيۇژىت — مەھمۇت بىلەن يۇسۇپ بالاساغۇننىڭ ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشى. تارىختا قانداق بولغىنىغا قارىماي روماندا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا دەۋرداش ئىككى ئۇلۇغ ئالىمنى ئۇچراشتۇرۇش مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىشى ئەسەر ئۈچۈن شەكلەن بەلگە ئەمەس، ئەھمىيەتلىك بىر دېتال بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاپتور مەھمۇت بىلەن يۇسۇپنىڭ تونۇشقانلىق جەريانىنى روماندا قەيت قىلىش ئارقىلىق چوڭ بىر تارىخىي غۇۋا سىرنى كونكرېتلاشتۇرغان. بىراق، بۇ ئۇچرىشىش ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ماھىيەتلىك سىيۇژىت بولالمىغان. بولۇپمۇ بىرىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈش بىر قەدەر نورماللاشقان مۇھىت ئىچىدە بايان قىلىنىدۇ: نورۇز بايرىمى ۋە مەھمۇت بىلەن يۇسۇپنىڭ يولۇقۇشى. ئاتايىتەن ئورۇنلاشتۇرغاندەك تەسىر بېرىدىغان بۇ ئۇچرىشىش يۈزەكى بايان قىلىنىدۇ، ئىككى ياش بىر-بىرىگە ئۆزلىرى يازغان كىتابلارنى تارتۇق قىلىشىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن چوڭقۇرراق تەسىرات پەيدا قىلىشمايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن يەنىلا شۇ جەريان تەكرارلىنىدۇ. ھەر ئىككى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن يۇسۇپ مەھمۇتنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بولغان بولىدۇ. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، بۇ رومان يۇسۇپنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان كىتابخانلار ئارىسىدا ئوقۇلغاندا بۇ «ئۇلۇغ مىنۇتلار» ئاشۇ كىتابخانلار ئۈچۈن بەدىئىي، ئىجادىي سىيۇژىتلارنىڭ بىرى قاتارىدا تەسىر قالدۇرالامدۇ-يوق؟

«مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن قەشقەردە ۋە باغداتتا يۈز بەرگەن تەخت تالىشىش كۆرەشلىرى، نۇرغۇن قان تۆكۈلۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تراگېدىيىلىك تەقدىرلەر ئالاھىدە تېپىك مەنىگە ئىگە بولۇپ، رومانىنىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان. بولۇپمۇ پادىشاھ سارايلىرىدىكى زىددىيەت ھاھايىت ئۆتكۈر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. لېكىن روماندا پادىشاھ سارايلىرىنىڭ سىرتىدىكى تۇرمۇش ئانچە كەڭرى تەسۋىرلەنمەيدۇ. بەلكىم بۇ باش پېرسوناژنىڭ پادىشاھ جەمەتىگە تەئەللۇق قاتلامدا تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق بولسىمۇ روماندا ھەيدەر ئىبنى ياقۇپتەك كۆپ قىرلىق، ئۆزگىرىشچان، روھىي دۇنياسى مۇرەككەپ پېرسوناژلار ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، روماندا ھەر خىل زىددىيەتلەر بەكمۇ ئۆتكۈر ئەمەس. رومانىنىڭ بىرىنچى بابىدا سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ پىسخىك ھالىتى، روھىي كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سەۋرچان تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ رېتىم كېيىنچە سىجىل ساقلانمايدۇ. خاراكتېر بىلەن ئىدىيىلەرنىڭ زىددىيىتى، ئىنسان ئارزۇسى بىلەن تەقدىرنىڭ كاجلىقى، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پۈتمەس-تۈگمەس

غەۋغاسى توغرىسىدا ئەسەردە تەسىرلىك بايانلار بار، ئەمما كۆپ ئەمەس. بۇنى بىز مەھمۇتنىڭ تىل نەكشۈرۈپ قەشقەردىن چىقىپ ئۆچتۇرپان، كۇچا، ئىدىقۇت، ئىلى تاغلىرى، قىپچاق دالاسى، ئىدىل بويلىرىنى ئايلانغان سەپىرىدىن بايقايمىز. قىپچاق دالاسىدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالغاندىن تاشقىرى بۇ سەپەر ناھايىتى ئوڭۇشلۇق سەپەر بولىدۇ. مۇشۇ جەريانىنى تەسۋىرلىگەن قۇرلاردا ئۆز-ئۆزىگە مەستخۇش بولۇشنىڭ، قەدىمكى مەدەنىيەتنى كۆزىتىشكە ھەۋەس قىلىشنىڭ ۋە پەخىرلىنىشنىڭ ھاياجىنى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىللەپ ئالغان. بەلكىم يازغۇچى بۇ يەردە بۇگۈنكى زامانىۋىلاشقان تۇرمۇش مۇھىتىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان كىتابخانلارنىڭ ئۆز ئەجدادىغا بولغان پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغاندۇ.

بۇ روماندا ناھايىتى كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىق-قا ئىگە ئوبرازلار يارىتىلغان. بۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. پەقەت مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن مەھمۇتنىڭ ئوبرازى قانداق يارىتىلغان دېگەن مەسىلىگە دىققىتىمىزنى بۇراپ كۆرەيلى.

يازغۇچى مەھمۇتنىڭ ئوبرازىغا جان كىرگۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن كىتابنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئۇنىڭغا سەرپ قىلغان. بۇ سەرپ قىلىش ئەھمىيەتلىك بولغان. لېكىن قانداقتۇ بىرنەرسە يېتىشمىگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەھمۇتنى راھەت-پاراغەت، ئابروي ۋە ھوقۇقتىن ۋاز كەچتۈرۈپ تىل ئىلمىغا «ئازدۇر-غان» روھىي تۈرتكە زادى نېمە، ئۇ ئۆزىدىكى پىسخىكىلىق، فىزئولوگىيىلىك، ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي چەكلىمىلەرنىڭ زەنجىرىدىن قانداق بوشاندى، دېگەندەك سوئاللار تۇغۇلىدۇ.

روماندا مەھمۇت ئۆمرىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى قايتا ئۆيلىنەلمەي، ئەۋلاد قالدۇرماي، ئويۇن-تاماشىغا بېرىلمەي ئىلمىي ئىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر مەھمۇت قەشقەرىنى ئايتماتوۋ ياكى گارسىيا ماركوس تەسۋىرلەپ قالغان بولسا بەلكىم مەھمۇتقا باغداتتا ئايال ئېلىپ بېرەتتى ياكى ئاشنا تۇتقۇزۇپ قوياتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ئادەمنىڭ ئىنسانىيلىق ۋە تەبىئىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 11-ئەسىرلەردە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئېستىكى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك سۇسلاشقان ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئەمەس. بولۇپمۇ كۆپ خوتۇنلۇق، پادىشاھلىق، ئېسىلزادىلىك، قەھرىمانلىق تۈزۈمى ئەۋج ئالغان شەرقتە مەھمۇت قەشقەرىنى شەيختەك تەسۋىرلەش، مەھمۇتقا «دىۋان»-نى يازدۇرۇۋاتقان «ئىلاھىي كۈچ»نى كونكرېت ئىپادىلىمەسلىك، مەھمۇت بىلەن «دىۋان»، «دىۋان» بىلەن باغدات، يېزىش بىلەن ياشاش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن چەتنەش روماندا خەۋپلىك پىلتە بولۇپ قالغان. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ئۆزىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ياخشى پېرسوناژ — ماشىنا ئادەمدەك» بولىدۇ دېگەن فورمۇلانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. روماندا مەھمۇتنىڭ ھاياتى تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى بىلەن، مەھمۇتنىڭ ئۆزى، روھىي دۇنياسى، ھېسسىياتى ئۇقۇملاشتۇرۇلغان.

لېكىن، «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى پۈتۈن گەۋدە بويىچە نەتىجىلىك پۈتكەن ۋە سەۋىيىلىك يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىكلەر نەتىجىنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. بۇ رومانى تارىخىي تېمىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر قاتارىدا سۆيۈپ ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاي.

**ئىسمايىل تۆمۈرى:** مامبەت تۇردى ياخشى ئوتتۇرىغا قويدى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چولپانئايدىن كېيىن خۇددى ناۋائىدەك ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتىشى ھەققەتەن ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ فىزئولوگىيىسى پسىخىكىسىغا تەسىر قىلماي قالمايدۇ. بۇ ھەقتە، ئاپتور نېمىنى ئويلىدى، ئۆز ئاغزىدىن بىرنېمە ئاڭلاپ باقساق.

**مۇھەممەت پولات:** (سۆز ئالىدۇ) مەھمۇت-نىڭ بالدۇرقى خوتۇنىغا بولغان سادىقلىقى چولپانئايغا بولغان مۇھەببىتىدىن بولغان بولۇشى

**پەرھات جىلان:** بۇ ھەقتە يازما ماتېرىياللار يوق. بۇ ئۆزۈمنىڭ تەسەۋۋۇرى. مەن «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدا ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى، ئىنسانىي پەزىلىتى ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىشى كېرەك دەپ قارىدىم. ئەگەر، ئۇنىڭغا مامبەت تۇردى دېگەندەك قايتا خوتۇن ئېلىپ بېرىشكە توغرا كەلسە، يەنە بىرمۇنچە ئوبرازلار ۋە دېتاللارنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ-دە، رومانىڭ ئاساسىي سيۇژىتىنىڭ يىغىنچاق بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ھاياتىدا شەخسىي تۇرمۇشىدىن كۆرە ئىلمىي ئەمگىكى، پەزىلىتى مۇھىم. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ بويتاق ئۆتۈپ كەتكەن ئالىملار نۇرغۇن، بۇ ئەقىلغە سىغدۇرالمىغىدەك ئىش ئەمەس.

**مامبەت تۇردى:** مېنىڭ دېگىنىم، نوقۇل ئايال ئېلىش ئىشلا ئەمەس، بەلكى ئايال ئالمىغان ئەھۋالدا مەھمۇتنىڭ قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى مۇشكۈل شارائىتلارنى، پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭگەنلىك مەسىلىسى.

**پەرھات جىلان:** بەدىئىي ئەسەر تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەسەردە تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. مەن نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇغان. ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى دەپ ئۆمۈر بويى ئائىلە-مۇھەببەتسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئالىملار كۆپ. بەدىئىي توقۇلمىلار ھامان بەدىئىي مەقسەتكە بويسۇنۇشى كېرەك.

**شەرىپىدىن ئۆمەر:** بەدىئىي ئوبراز ياراتقاندا، ئۇنىڭ پەزىلىتىگە دەخلى يەتمەيدىغان ئاسا-سىي تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. پەزىلىتى يوق ئالىمنىڭ خەلق ئىچىدە ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ. ئالىمنىڭ ئالىملىقىمۇ، پەزىلىتىمۇ بولغىنى ياخشى. بەلكىم پەرھات شۇ تەرەپنى ئويلىغان-دۇ.

**مۇھەممەت پولات:** مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئايالىغا ئۆز ساداقەتمەنلىكىنى ساقلاپ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتىشى كىتابخان قەلبىدە ئېچىنىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ تەرىپى ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى ئاشۇرغان.

**نەبىجان تۇرسۇن:** ئەينى يىللىرى خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىسلام دىنى شارائىتىدا ياشىغان. ئەينى تارىخىي شارائىتتا كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمى مەۋجۇت، ھەتتا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قارشى ئېلىنىدىغان خاسىيەتلىك ئىش ھېسابلىناتتى. رومانىدا مەھمۇتقا بىر-ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش تامامەن مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى.

**شەرىپىدىن ئۆمەر:** (پەرھات جىلانغا چاقچاق قىلىپ) سەنمۇ ئۇنىڭغا بىر خوتۇن ئېلىپ بەرگەن بولساڭ، باغداتتىن ئېلىپ كېلەلمىسەڭمۇ مەيلىدى بولمىسا (كۈلكە).

**ئىبراھىم مۇتىئى:** مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام پەلسەپىسىدە ئەقىلچىلىق (راتسونالىزم) ئېقىمى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ۋەكىللىرى فارابى، ئىبن سىنا قاتارلىقلار ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى ئەنە شۇنداق پەلسەپىۋى مۇھىت تەسىرىدە يېتىلگەن. سىلەر تالىشىۋاتقان مەسىلىدە، شۇ يىللاردىكى ئەڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپ بولسۇن، مەيلى فارابى بولسۇن ئۆيلەنمەي ئۆتكەنىكەن. فارابى جاھانكەشتىلىك قىلىپ سۈرىيىگە بارغاندا غاردا ياشىغان. ئۇ شۇ چاغدا ئۈستىگە جەندە كىيىۋالغان، يېنىدا ھەمراھلىق بىر ئۆچكىسىمۇ بار ئىكەن. سۈرد-يىنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، چاقىرتىپ سىنىماقچى بوپتۇ. ئۇ فارابىنىڭ بىلىمىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن باشقىلار ئۇنتۇپ كەتكەن، ھېچكىم بىلمەيدىغان سۈرىيىدىكى 63 قەبىلە تىلىنىڭ بىرىدە «بۇ ئادەم ئۆي-ئوچاقلىق بوپتىكەنمۇ، سوراپ باق» دەپ ۋەزىرىدىن سوراپتۇ، لېكىن، فارابى بۇ تىلنى بىلىدىكەن، ئۇ ۋەزىر جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئورنىدا: «مەن ھاياتىمنى ئىلىمغا، پەلسەپەگە بېغىشلىۋەتكەن. ئەگەر خوتۇن ئالغۇدەك پۇلۇم ۋە ۋاقتىم بولسا، ئۆچكىنى سېغىپ ئىچىپ جان باقمەن دەپ بىرگە ئېلىپ يۈرەتتىممۇ؟!» دېگەنىكەن.

دىمەكچىمەنكى، ئەينى چاغلاردا ئۆزىنى ئالىمغا بېغىشلىغانلار ئۆز مۇھەببىتىنى ئۆزى ھەۋەس قىلىدىغان ساھەگە بېغىشلايدىكەن. ئائىلە مەسىلىسى، شەخسىي تۇرمۇش ئۇنچىۋالا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلمايدىكەن. مېنىڭچە، پەرھات مەھمۇت قەشقەرى ئوبرازىنى شۇنداق تەسۋىرلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، بۇ نازۇك مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلغان. ئالىمىمىزنىڭ پەزىلىتىنى ھەر تەرەپتىن يورۇتۇپ ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىنى يارقىنلاشتۇرۇپ بەرگەن. يازما تارىخى بولمىغان بىر پېرسوناژنىڭ تارىخىنى ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىش، بۇ رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولغان. پەرھات بۇ ھەقتىكى خەنزۇچە ھەتتا ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنىمۇ كۆرۈپ چىققى، كۆپ ئىزلەندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزبېكلەر تارىخىي رومان- چىلىقتا ئالدىدا مېڭىۋاتقان خەلقلەر. ئۇلار، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەر بىر ئۇلۇغ شەخسنىڭ ھەربىرىگە دېگۈدەك بىردىن ئاتاپ رومان يېزىپ چىققى.

تاتارلارمۇ ئوندەك تارىخىي رومان يېزىپ چىققان. يەنە ئوندەك تارىخىي رومانى نەشر قىلدۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆز خەلقىنى، خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى خەلقئاراغا تونۇتۇش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، تارىخىي رومان يېزىش ئەھمىيەتلىك ئىش. پەرھات ياخشى تېمىنى تاللىۋالغان.

بىر خەنزۇ رېژىسسور مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدە بىر فىلىم ئىشلىمەكچى بولۇپ، تۈزۈكرەك ماتېرىيال تاپالماي مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنى ھاۋالە قىلدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ رومانىنى سىنارىيىلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېشەك مىنىپلا يۈرىدىغان، بۇرۇت-ساقاللىق، بېشىغا پىچاق ئېسىۋالىدىغان ئۇنداق ئاددىي خەلق ئەمەس- لىكىنى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتۇش، داغدۇغا قوزغاش نىيىتىدە ئىكەن. ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، مەھمۇت قەشقەرى تەپەككۇرىنى كەڭ-كۆلەمدە يورۇتۇپ بېرىش ئاسان بولمىغان مۇشكۈل ئىش. پەرھات بۇ مۇشكۈل ئىشقا جۈرئەت قىلغان. بۇ رومانىنى ھەر جەھەتتىن ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى زور بىر ئىلگىرىلەش دەپ قارايمەن. روماندا، ئۇنداق-مۇنداق سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

مەن بۇ رومانىنى ئۆزبېك تىلىنى ياخشى بىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىدىنمۇ خەۋىرى بار بىر چەت ئەللىك پروفېسسورغا ئەۋەتىپ بەرگەندىم، ئۇ، سىلەردىنمۇ مۇشۇنداق يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقتىمۇ، دەپ ھەيران قاپتۇ. يەنە بىر دوستۇمغا ئەۋەتىپ بېرىۋىدىم، مېنىڭ ئۇيغۇرچە سەۋىيەم كەملىك قىلىۋاتىدۇ، ئىنگلىزچە بىلىدىغان بىر ئۇيغۇر ياردەملەشسە، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلساق، دەپ خەت يېزىپتۇ. ياپونىيىدىن كەلگەن بىر پروفېسسور بىلەنمۇ سۆزلەشتىم، ئۇ، ياپونىيىدە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 200 نەچچە ئادەم بار، ياپونىيىدە چوقۇم بۇ رومانىنى نەشر قىلىمىز، دېدى. جەنۇبىي كورېيىلىك خاۋدۇن ئەپەندىمۇ خەت يېزىپ، بۇ رومانىنى جەنۇبىي كورېيە تىلىدا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دېمەك، بۇ رومانغا چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ ئىنكاسى، قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار، مېنىڭچە ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىنى مۇشۇنداق تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگىنىمىزدىن سۆيۈنگەن.

مەن ئەسەرنىڭ تىلى ھەققىدىمۇ ئاپتور بىلەن كۆپ پاراڭلاشقان. روماندا ئىشلىتىلگەن شەخسنىڭ دىئالوگى، ئۇلارنىڭ تىلى شۇ دەۋر تۈسىگە خاس بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە پەرھات كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇندىن باشقا، ئاپتور تارىخىي چىنلىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. مېنىڭ نەزىرىمدىكى، مەن بىلىدىغان قاراخانىلار تارىخى مۇپەسسەل، ئوبدان يېزىلغان.

بىزدە يېڭىلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇۋاتىدۇ، بىراق، ئۆزىمىزنى سىرتقا، چەت ئەللەرگە نىسبەتەن تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش كەمچىل. بىزدە يەنە باشقا تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىمۇ مۇشۇنداق تارىخىي رومانلارنى يېزىش كېرەك. ئالايلۇق، «تونيۇقۇق» ھەققىدىمۇ تارىخىي رومان يېزىش زۆرۈر. تونيۇقۇقتىن تارتىپ ھەربىر مەشھۇر شەخسلە-رىمىزگە ئاتاپ بىردىن تارىخىي رومان يېزىلىدىغان بولسا، شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ تارىخىمىز، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز خەلقىمىزگە بىرقەدەر تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولىدۇ ھەم يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**نەبىجان تۇرسۇن:** چەت ئەللەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تارىخىي رومان يازماقچى بولغان رۇس ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرىمۇ بار ئىكەن. تارىخىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئەسەر قىلىپ يېزىش شەكلى بىز ئۈچۈن ئىجتىمائىي قىممىتى يۇقىرى، ئەھمىيەتلىك ئىش. ئىبراھىم ئاكا ئېيتقاندەك، بىز بۇ رومانىنى ئورتاق تەشۋىق قىلساقلا خەلقئارالىق زور تەسىر قوزغاش تامامەن مۇمكىن.

**غەيرەتجان ئوسمان:** مەن پەرھات ئاكىنىڭ «ئالتۇن قاندىكى توي» ناملىق ئەسىرىنى داشۆدىكى چېغىمدا ئوقۇپ قاتتىق تەسىرلەن-گەن. بۇ رومانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەيدانغا كېلىپ داغدۇغا پەيدا قىلغاندىن كېيىنكى مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق داغدۇغىنىڭ قوزغىلىشى. بۇ يالغۇز دىۋانىنىڭ ئاپتورى ھەققىدىكى تارىخلا بولماستىن ئۇيغۇر تارىخى، جۇملىدىن مەدەنىيەت تارىخى بولۇپ قالدى.

مەھمۇت قەشقەرى بىر خەلقئارالىق تىما. بۇ تېمىنىڭ شىنجاڭدا ئۆزىمىزدە نەشر قىلىنغانلىقى قالتىس ۋەقە. قازاقىستاندىن چىققان ساۋۇتكامۇ بۇ رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشىدىن تەسىرلىنىپ تەرجىمە قىلىپ چىقىدىغىنىنى ئېيتتى. بۇ رومان ھەققەتەن پۈتكۈل تۈركىي خەلقلىرى ئۈچۈن زور ئىش.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئاپتورنىڭ ئۆزى تاللىۋالغان خاس يولى بار. ئۇنى كۆپچىلىك ئېيتقاندەك ئۇنداق يازماپسەن، بۇنداق يازماپ-سەن دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئۇنى باشقىچە يېزىشنى ئويلىغانلار بولسا، باشقا يوللار بىلەن يازسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، بۇ رومان ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان قالتىس رومان. بۇ رومان دەۋرىمىزدىلا ئەمەس، كەلگۈسىدىمۇ ئۇزاق ساقلىنىدۇ.

مەن داشۆ ئوقۇتقۇچىسى، ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىمىزدە مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز. بىز بالىلارغا سۆزلىگەندە «مەھمۇت كاشغەرى» دەپ بىرلىككە كەلتۈرۈپ سۆزلەيمىز. چۈنكى، كاشغەرى كىشلەر تەرىپىدىن «قەشقەرى» دەپ ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ئۆزبېكچە، ئىنگلىزچە ئاتالغۇلاردىمۇ، بىزنىڭ بەزى چوڭلىرىمىزمۇ قەشقەر ئەمەس، كاشغەر دەپ ئالىدۇ. رومانىنىڭ ئىسمىنى ئىلمىي، ياخشى ئالالمىدۇقمۇ، قانداق. كېيىنكى نەشرىدە ئىسمىنى توغرىلاپ ئېلىشنى ئويلىشىپ باقساق.

**ئىبراھىم مۇتىئى:** (ئىزاھات ئورنىدا قوشۇمچە قىلىپ) كاشغەرى «قاشتېشى شەھرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پەرھات جىلان:** مۇشۇ مەسىلىنى ۋاقتىدىلا ئويلاشماپتۇق، كېيىن باشقا بىر ماقالىنى ئوقۇپ ئاندىن ھېس قىلدىم.

**ماھمۇد زەيدى:** بۇ رومان مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر بۆسۈش ھادىسىسى، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. مەن ئۆزۈمگە ئەڭ تەسىر قىلغان ئىدىقۇت زېمىنى ھەققىدە توختىلاي. مەھمۇت قەشقەرى ئىدىقۇتقا كەلمىگەن.

**غەيرەتجان ئوسمان:** (گەپنى ئارىلاپ) كەلمەگەن دەپمۇ ئېيتالايمىز.

**ماھمۇد زەيدى:** ئەگەر كەلدى دېيىلگەندە، ئەينى يىللاردا ئوروپادا 17 خىل تىلدا كىتاب نەشر قىلىدىغان كىتابخانا بار ئىدى، ئاپتور مۇشۇنى ئەسكەرتمەي مەھمۇتنى ئاددىيغىنە بىر كۇتۇپخانىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

روماندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان ئېتنوگراپىيىلىك بىلىملەر ياخشى چۈشەندۈرۈلمىگەن، بۇ ھەقتە جانلىق بىلىم بېرىلىشى كېرەك ئىدى. دىۋاندا ھەربىي يۈرۈشلەردە ئىشلىتىلىدىغان قورال-ياراغ، كىيىم-كېچەك بىلىملىرى بار، روماندا بۇ نۇقتىلار ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا بولاتتى. دىۋاندا 200 نەچچە يېڭى ماقال-تەمسىللەر، ياخشى رىۋايەتلەر بار. دىۋاننى ھەممە ئادەمنىڭ ئوقۇشى ناتايىن، رومان بەدىئىي ئەسەر بولغاچقا ئۇنىڭ ئوقۇلۇش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ. شۇڭا، مۇشۇ ماقال-تەمسىل ۋە رىۋايەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى كونكرېت ئېلىنغان ئاساستا كۆپرەك كىرگۈزۈلگەن بولسا. رومانغا خەلق قوشاقلىرى خېلى كۆپ كىرگۈزۈلگەن، بىراق يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. مەسىلەن: مۇھەببەت قوشاقلىرى ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى قوشاقلار بار ئىدى.

**مەتتۇرسۇن ئېلى:** كۆپچىلىكنىڭ روماننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدىكى پىكرىگە قوشۇلىمەن. ئەمما، باشقىلار مەھمۇت قەشقەرى ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىكى ئۈستىدە كۆپ توختالمىدى. يازغۇچى پەرھات جىلان ئۆزىنىڭ بۇ تارىخىي روماندا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى مەركەزلىك تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتلەپ بەرگەن.

مەھمۇت كىتابخۇمار تالىپ، ئەمما كىتاب خالتىسى ئەمەس. ئاپتور كىچىك مەھمۇتنى كىتابخۇمار، تەتىل كۈنلىرىدىمۇ ئۇستازىنىڭ يېنىغا كۈندە بېرىپ كەلمىسە كۆڭلى [ئىنتايىن] ئىلىم خۇمار تالىپ قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. [ئابتور] ئۇنى ھەرگىزمۇ كىتابتىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، كىتاب ئوقۇشتىن باشقا ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان بىر كىتاب خالتىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، ھەر تەرەپلىمە تەربىيە كۆرگەن، خاقانىيە مەدرىسلىرىدىكى تالىپلار ئۇچۇن زۆرۈر بىلىملەردىن تاشقىرى قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش، چاۋگەن، ساز چېلىش قاتارلىق ھۈنەر-ماھارەتلەرگىمۇ پىشقان ماھارەت ئىگىسى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

مەھمۇت — ئىلىم-مەرىپەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئەمما ئىنسانىي مۇھەببەتنى تەرك ئەتمىگەن يىگىت. يازغۇچى مەھمۇت ئوبرازىنى سۈرەتلىگەندە، ئۇنىڭدىكى ئىلىم-مەرىپەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن ئۇنىڭ چولپانئايغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىۋالمىغان. مەھمۇت روماندا كەنت ئاقساقىلىنىڭ قىزى چولپانئاي بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ناھايىتى ياخشى قىلغان. ئەگەر مەھمۇت پۈتۈن ئىشقىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېغىشلىشۋەتكەن، قەلبىدە قىز بالا تائىپىسىگە ئورۇن يوق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئۇ چاغدا كىتابخان ئۇنىڭ گۆش-قېنى بار، ھايات، تىرىك ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىپ قالغان بولاتتى.

ئاپتور مانا مۇشۇ تەرىقىدە مەھمۇت خاراكتېرىنى بېيىتىپ ھەم نۇرلاندۇرۇپ بارىدۇ. روماندا يازغۇچى مەھمۇتنى يالغۇز بىر تىلشۇناس ئالىم سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگۈچى ھەم ئۇنى قوغدىغۇچى، ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى، يېتىم-يېسىرلارنى قانات ئاستىغا ئالغۇچى، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق ماجىرالىرىدىن بىزار بولغۇچى بىر دانىشمەن، مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ روماننىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ روماننىڭ مەزمۇن

سىنغمچانلىقى ئىنتايىن زور بولۇپ، يازغۇچى روماندا گەرچە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرىنى يېزىشنى مەركەز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رومانىنى يالغۇز مەھمۇت قەشقەرى ھاياتى بىلەنلا چەكلەپ، ئادەتتىكى تەرجىمھال خاراكتېرلىك رومان قىلىپ قويۇشتىن ساقلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور مەھمۇتنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرىنى شۇ دەۋردە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۇرۇپ يېزىشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى قوللانغان. نەتىجىدە ئەسەر مىلادى 844-يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمرىلىشى بىلەن غەربكە كۆچكەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلىگەن.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** (تىزىسقا قاراپ) ھەرقان-داق مىللەتنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى تىكلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق، تەرەققىپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ. لېكىن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان بەدىئىي ئەسەرلەر-نىڭ ئېستېتىك قىممىتى ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. بىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەر كەينى-كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىرى ناھايىتى ئاز.

تارىخىي تېمىدا، بولۇپمۇ مۇرەككەپ، چىگىش، زور تارىخىي تېمىلاردا يىرىك بەدىئىي ئەسەر يېزىش ئوڭاي ئەمەس. ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن تىل ھەم ئېتنوگرافىيىسىنى پىششىق ئىگىلىمەي ۋە يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپ، زور تارىخىي تېمىلاردا كىتابخانلارنى رازى قىلغۇدەك رومان يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ.

يازغۇچى پەرھات جىلان مۇشۇنداق شەرتلەر-نى ھازىرلىغاچقا «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ئارقىلىق قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرەلىگەن. مەھمۇت قەشقەرى-نىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى بىرقەدەر مۇكەممەل يارىتىپ، يۇقىرى ئېستېتىك ئۇنۇم ھاسىل قىلالىغان. رومانغا يازغۇچىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلەر-گە، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بولغان ئاجايىپ چوڭقۇر مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن.

روماندا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان پېرسو-ناژلار ئوبرازى كۆپ. مەھمۇتنىڭ ئانىسى بۇبىرابىيە ئالتۇن تارىم ئوبرازى ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەيسەرلىكى ھەم ئەقىل-پاراستى گەۋدى-لەندۈرۈلگەن. تۈركەن خاتۇننىڭ خاراكتېرى بىرقەدەر مۇرەككەپ. ئۇ ئەقىللىق، تەدبىرلىك، ئىرادىلىك، ئۆز سۆزلۈك، قەبىلۋاز، ھوقۇقخۇمار، ھىيلىگەر ھەم ئۆكتەم ئايال. مۇھەممەت بۇغراخان باتۇر، تەرسا، قىزىققان ئادەم بولسىمۇ، شاھلىق تەختىگە چىقىپلا كەمسۆز، غەمكىن بولۇپ قالىدۇ. رومانىدىكى ئۇلۇغ ئالتۇن تارىم، تورۇمتاي، چولپانئاي قاتارلىق ئوبرازلارمۇ جانلىق يارىتىلغان بولۇپ، كىتابخاننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. چىقىمچى شەيخۇلئىسلام ھېسامىددىن ئىبىن مۇسانىڭ قۇدرەتلىك خان ــ سۇلايمان ئارسلاننى قىلتاققا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى، خۇشامەتچى، ئىچى قوتۇر، ھەسەتخور، ئىككى يۈزلىمىچى، ئەمەلپەرەس ھەيدەر ئىبىن ياقۇپنىڭ تۈز مىجەز، قەھرىمان سەركەردە ئازاق بەگنى ئازدۇرۇشى؛ ئەمەلنى نەپسا-نىيەتچىلىك قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ياۋلاق سارىغنىڭ قىلمىشلىرى بۇ رومانىنى قويۇق چىنلىق پۇرىقىغا، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان.

روماندا يەنە مۇنداق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر بار: يازغۇچى ئالمىنى سەپەرگە ئاتلاندۇرۇش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئەينى دەۋرلەردىكى شەھەر ھەم تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ؛ ئېلتەمۇرنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى بەزىبىر زور تارىخىي ۋەقەلەرنى رومانغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈ-

www.uyghurkitap.com

رىۋېتىدۇ؛ گۈلپەرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە باغلاپ، سوغدىلارنىڭ گۈزەل رىۋايەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تارىخىنى سۆرەتلەپ بېرىدۇ... روماندىكى كىيىم-كېچەك، توي مۇراسىملىرى، دىنىي مۇراسىملار، ئوردا بەزمىسى، نورۇز سەيلىسى، چەۋگەن توپ تەسۋىرلىرى؛ قوشاق-بېيىتلار، ئەپسانە، رىۋايەتلەر كىتابخانلارغا يازغۇچىنىڭ بىلىمى مول ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئىسىللىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

**شەرىپىدىن ئۆمەر:** پېرىباخ: «ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت، باشقىلارنىڭ ئالدىدا قۇل مىللەت» دېگەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنى ناھايىتى قايىل قىلدى. بەدىئىي ئەسەر ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا مەدەنىيەت تارىخىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، تارىخىي تېما مىللەتنىڭ ئىپتىخارى، غۇرۇرى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ياخشى رول ئوينايدۇ. قايسى مىللەت ئۆز تارىخىنى بىلمەيدىكەن، شۇ مىللەت ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم، زۆرۈر تېمىنى تاللىۋالغىنى بەك ياخشى ئىش بولغان.

ئەدەبىياتتىكى بارلىق ئوبرازلار يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى توشۇيدۇ، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى توشۇمايدىغان بەدىئىي ئوبراز بولمايدۇ. بەدىئىي ئوبراز يارىتىش دېگەن سۆز ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. ھەرقانداق ئەسەردە ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلارنىڭ توقۇنۇشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئېچىلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى ئوبرازىمۇ ئەنە شۇنداق بەدىئىي قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن يارىتىلغان. ئۇ، كىشىنى ۋال قىلارلىق دەرىجىدىكى ئالىيجاناب ئىنسان بولۇپ كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرى روماندا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قۇلى ھېسابلانغان تورۇمتايغا ۋە ئۇنىڭ سۆيگىنى كۆمۈشكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، تورۇمتاينى ئازاد قىلىدۇ، كۆمۈشنى ياۋلاغ سارقىنىڭ خوتۇنلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تورۇمتاينىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. [illegible] دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىشىنىڭ قولىدىن تو[illegible] كېلىدىغان ئىش ئەمەس.

مەھمۇت قەشقەرى ماۋرائۇننەھرنى كېزىپ يۈرگەندە بىر توپ باندىتقا يولۇقۇپ قالىدۇ، باندىتلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنىڭ ئاتامىنى ئۇتتۇۋالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ بۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن باندىت بولۇپ قالغانلىقىدەك سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى قويۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ تېگىدە ئىجتىمائىي ماھىيەت يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بۇنى مەھمۇت قەشقەرىدىن باشقىسى بىلمەيدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى باسمىل قەبىلىسىدىن بولغان يېتىم بالا ئېلتەمۇرنى سودىگەر قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. قول سوغدى گۈلپەرىنى تۆركەن خاتۇن مەھمۇت قەشقەرىگە سوۋغا قىلغاندا ئۇنى ئۆز قىزى قاتارىدا تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاپ يۈرگەن ئېلتەمۇرغا نىكاھلاندۇرىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى چولپانئايغا ئىنتايىن ۋاپادار، سادىق. سادىقلىق مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى. چولپانئاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆمۈر بويى ئۇنى ئەسلەش، سېغىنىش ۋە ساداقەت بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ نۇقتىلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئالىيجاناب، چىن ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئاپتور بۇ روماندا رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەققىي، ئوبيېكتىپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەقەلەرنى چىن، جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. روماندىكى ۋەقەلەر ۋە ئادەملەر ھەم تېپىكلىككە ھەم ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولۇپ، تەسىرچانلىقى ناھايىتى زور. شۇڭا روماننى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئوقۇپ تۈگەتمىگۈچە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلار يازغۇچىمىزنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى تارىخنى، ئىجتىمائىي ھاياتنى خېلى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئۆگەنگەنلىكنى كۆرسەتسە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تالانتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.



# دەنچاڭخى ۋە ئالتاي ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى

(ئەدەبىي ئاخبارات)



## لوپەن، نيۇبوچاڭ

ئابدۇسالام ئابلىز، نىياز ئەمەت تەرجىمىسى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## سىرلىق زىيارەت

جاۋ خوجايىن ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك ئالىي كاستيۇم-بۇرۇلكا ئالماشتۇرغان بولۇپ، كىيىمگە ماسلاشتۇرۇپ ئالتۇنرەڭ تامغىلىق بېغىررەڭ گالستۇك تاقىغانىدى، ئۇ تاكسىغا ئولتۇرۇپ ساراي رايونىغا ئۆزى يالغۇز كەلدى. داچياۋمۇ تاكسى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جاۋ زىبىڭغا كۆز يەتكىدەك ئارلىق قالدۇرۇپ ئەگەشتى.

جاۋ خوجايىن تاكسىدىن چۈشۈپ، قارا كۆزەينەكنى تاقىدى-دە، كۆزلىرىنى قىسقىنچە يۇقىرىغا قارىدى، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز هالدا دېگۈدەك ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، بىر سارايىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

داچياۋ ئۇدۇلدىكى بىر قەهۋاخانىغا كىرىپ ئەڭ چەتتىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇر-دى. ئۇنىڭ هازىرقى ۋەزىپىسى ۋاقت

ئۆتكۈزۈش، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ھەممىدە ئاۋۇ سارايىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ چىقىۋاتقانلارغا زەن سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆپچۆرىسىدىكى ھەر-كەتلەرنى كۆزىتىش، ھەر ۋاقىت جاۋ خوجا-يىنىنىڭ سىگنال بېرىشىنى كۈتۈش، سىرتتىن ماسلىشىش ئىدى.

بۇ چاغدا جاۋ خوجايىن سارايىنىڭ 2-قەۋە-تىگە چىقىپ بولغانىدى، ئۇ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ بولۇپ، ئۆزى بەلگىلىۋالغان يېڭى ئادىتى بويىچە گالستۇكىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ ئالدىدا بىر ساھىبجامال پەيدا بولدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئايال ئۇنىڭغا قاراپ. جاۋ خوجايىن كۈلۈمسىرە-گەن ھالدا:

— سىز مى خانىم بولامسىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى مۆتىۋەرلەرچە سالاپەت بىلەن.

— سىز...

— مەن شاڭخەيدىن كەلدىم، سۇڭ خوجايىن ماڭا سىزنى ئىزدىشىمنى ئېيتقانىدى.

ئايال «ھە» دەپلا ئۇنىڭغا يول بېرىپ:

— مەرھەمەت، — دېدى.

مى خانىم چوڭ بىر يۈرۈشلۈك ياتاقتا تۇرۇۋاتقانىدى. دېرىزە پەردىسى يېپىق ھالەتتە بولۇپ، چىراغ نۇرى ياتاقنى يېقىملىق يورۇتۇپ تۇراتتى. ياتاقنى ئەتىرنىڭ خۇشبۇيى ھىدى بىر ئالغانىدى.

جاۋ خوجايىن ئىچكىگە تارتىپ ھىدلاپ قويدى.

— ياتاقنىڭ ھاۋاسى ناچارمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئايال. شۇنداقتىمۇ دېرىزە پەردىسىنى ئېچىۋەتمىدى. ئايال شامالدۇرغۇچنى ماڭغۇزۇپ قويۇۋىدى، ياتاقنىڭ ھاۋاسى ئاستا-ئاستا ساپلىنىشقا باشلىدى.

مى خانىم قارىماققا ئوتتۇز نەچچە ياشلاردا بولۇپ، ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، تۇرمىلەنگەن چاچلىرى شۇنداق يارىشىملىق ئىدى، ئېھتىمال سىرتقا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك، يۈزلىرىگە بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇپا سۈرتۈۋالغان-دى. ئۇ جاۋزىبىگىنىڭ باشقا ياققا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ جەزىبدارلىقىنى بىلمەكچىكە، كۆزلىرىنى سۈزۈپ قويدى-دە:

— ئەپەندى ئولتۇرۇڭ، نېمە ئىچىسىز؟ قەھۋەمۇ ياكى ۋىسكى؟ — دەپ سورىدى.

جاۋ زىبىك كۈلدى، ئۇ ئېگىكىنى سىلاپ قويۇپ:

— ئەمسە ۋىسكى ئىچەي، — دېدى-دە، نام-ئەمەل كارتوچكىسىنى سۇندى. ئايال:

— ۋاي-ۋۇي، جاۋ خوجايىنكەنغۇ بۇ، — دېدى-دە، ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ساختا خۇشامەت چىقىپ تۇراتتى. ئايال ئۆرۈلۈپلا ھاراق ئىشكابىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىشكابتىن ئېگىز پۇتلۇق ئىككى رومكا ئېلىپ ھاراق قۇيدى، ئۇلارغا مۇز پارچىسى سالدى، ئاندىن جاۋزىبىگىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇر-دى-دە، تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن:

— جاۋ خوجايىن، سىز ئۈرۈمچىگە قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

جاۋ زىبىك:

— بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، — دەپ جاۋاب بەردى، ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا ئۇ نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ۋاقتىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئورۇنلاشتىڭىزمۇ؟

— ئورۇنلاشتىم. مەن قەيەرگىلا بارسام، ئاۋۋال ياتاق ئىشىنى ھەل قىلىۋالىمەن، — دېدى جاۋ زىبىك. ئۇ بۇنداق سىپايىلىقنى ساقلاۋېرىشنى خالىمايتتى، سىپايىلىق قىلىش ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئىچى پۇشاتتى، ئۇ سىپايىلىق قىلىدىغانلار-دىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ سىپايە ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولالمايدۇ، دەپ قارايتتى.

ئايال كۈلدى، قارىماققا ئۇ تېخىمۇ تەپسىلىي بىلمەكچى بولغاندەك قىلاتتى، لېكىن ئۇ سوراش-نى توختاتتى، جاۋ زىبىكمۇ ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ نامىنى ئېيتمىدى.

— سۇڭ خوجايىن قانداقراق، ياخشى تۇرغاندۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى ئايال، ئۇ قولىغا كىچىك ئەينەكنى ئېلىپ چاچلىرىغا قارىدى.

ئۇ مۇنداقلا سوراپ قويغاندەك، سۈڭ خوجايىننى پىسەنتكە ئېلىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇ چەت ئەلگە ماڭدى، بىز خوشلاشقاندىن كېيىن ئۇ گۇاڭجۇغا كەتتى، ئېھتىمال ھازىر ئايروپىلان بىلەن كېتىۋاتىدىغاندۇ. بۇ جاۋ زىبىڭنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىرىپ سۈرۈشتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن تەييارلىۋالغان سۆزلىرى ئىدى.

مى خانىم يېنىككىنە «ھە» دەپلا قويۇپ، گەپنى يۆتكەپ:

— جاۋ خوجايىن، سىز ئۈرۈمچىدە قەيەرلەرنى تاماشا قىلاي دەۋاتسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئېنىق بىر قارارغا كەلمىدىم، سىزنىڭچە، قەيەرلەرنى تاماشا قىلسام بولار؟ — جاۋ زىبىڭ قايتۇرۇپ سورىدى.

— بۇ سىزنىڭ نېمىلەرنى تاماشا قىلىشنى خالايدىغانلىقىڭىزغا، ئۈرۈمچىدە قانچە كۈن تۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزغا باغلىق ئىش. ئەلۋەتتە، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بوغدا كۆلىگە بىر بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، شۈغىنىسى ئۇ يەرنىڭمۇ ئانچە ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، بىر قېتىم كۆرسىڭىزلا كۇپايە.

— مەن مەنزىرە كۆرۈشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن.

— ھە؟ — مى خانىمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. جاۋ خوجايىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، ئۇ سەرەڭگىنى ئۈينىتىپ قويۇپ:

— بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىشنى، سىزدەكلەردىن بىرنەچچىسى بىلەن دوست بولۇشنىلا ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

جاۋ زىبىڭ سۆزىنى تۈگىتىپ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغانىدى.

مى خانىم جاۋ خوجايىندەك شەھۋەتپەرەس ئەرلەرنى كۆپ كۆرگەنىدى، جاۋ خوجايىننىڭ مۇنداق قىلىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى، مى خانىمنى تۈنجى قېتىم كۆرۈپلا ۋەسۋەسىگە چۈشىدىغان ئەرلەر ئاز ئەمەس. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، مى خانىم ئۆزىنىڭ ھۆسن-جامالىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلەيتتى. ئەر دېگەن نېمە؟ ئەر دېگەن ھاۋايى-ھەۋەس ۋە پۇلدىن باشقىنى بىلمەيدىغان چوشقا، ئاياللار بولسا ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى كېرىپ تۇرغان بۈركۈت، ئۇلار ئالدىدىكى ئەرنى ھەرقاچان يەر چىشلىتەلەيدۇ. مانا بۇ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقلىنىدىغان يېرى. مى خانىمنىڭ نەزەرىيىسى ئەرلەرنى تىزگىنلىۋېلىش، ئەرلەرنى تىز پۈكتۈرۈش بىر خىل خۇشاللىق، سېنىڭ قىلتاققا چۈشمەسلىكىڭدىن قورقمايمەن، سەن ماڭا ئازراق سۈركەشسەڭلا مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

مى خانىم ئۆزىگە ئىشىنەتتى، مەيلى تىجارەت سورۇنىدا بولسۇن، ياكى ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولغان ئالتۇن كان ئۆۋىلىرىدا بولسۇن، ئۇ ئەرلەر ئالدىدا مەغلۇپ بولۇپ باققىنى يوق. مۇنۇ جاۋ خوجايىنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، مى خانىمنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

ھەر ئىككىسى ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېغىز ئاچمىدى، مى خانىم سورىمىدى. جاۋ خوجايىنمۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئولتۇراتتى، ئۇ ھەم بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېمىدى.

ئايال باشقىچە ھېيلە ئىشلەتمەكچى بولدى، بۇ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى.

مى خانىم ئاۋاز ياڭراتقۇنى ئاچتى-دە، كېلىپ قولىنى جاۋ زىبىڭنىڭ مۈرىسىگە ئالدى. بۇ چۈشىنىشلىك بولۇپ سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى. جاۋ زىبىڭ ئورنىدىن تۇردى، ئۆي تولىمۇ كەڭتاشا ئىدى. نەچچە ئادەم تانسا ئويناسىمۇ تارلىق قىلمايتتى. ئىككىسى يېنىك پىرقىرايتتى. جاۋ زىبىڭ مى خانىمنىڭ يۇمشاق، ئەۋرىشىم قول-بەللىرىدىن تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇيان-بۇيان تەۋرىنىپ شەھۋەتپەرەس نوچىلاردەك كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا چىرايىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ قارايتتى. مى خانىم يۈزىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغان (جاۋ زىبىڭنىڭ بويى ئېگىزرەك ئىدى) بولۇپ، بەدىنىنى ئاستاغىنە تەگكۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇلار مانا مۇشۇ ھالدا تەۋرىنەتتى، ھەر

ئىككىسى ئۇندىمەيتتى.

بۇ چاغدا داچىۋاق قەھۋەخانىدا ئولتۇراتتى، قەھۋە ئىچكەچ قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇۋېرىپ ئۇنىڭ ئىچى پۇشتى، ئۇ سىرتقا چىقىپ ھاۋا يېگەچ، ئۇدۇلدىكى ماگىزىن ئىچىدە بىر ئاز ئايلاندى، سېتىۋالغۇدەك تۈزۈكرەك نەرسە يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن يىراقلىشىپ كېتىشكە بولمايتتى. ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ، بىر كىچىك ئاشپۇزۇلغا كىردى، ئۇ ئۆزىنى نامرات كۆرسىتىپ، ئىككى تەخسە زاكۇسكا، بىر بوتۇلكا پىۋا ئېلىپ، پەرىشانلىق بىلەن پىۋا ئىچىشكە باشلىدى.

— شاڭخەيلىك قىزلار چىرايلىق كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئايال. جاۋ زىبىڭ بېشىنى چايقاپ قويۇپ:

— گەپ ئۇلارنى كىمگە سېلىشتۇرۇشتا، — دېدى.

— جاۋ خوجايىن، سىز گەپكە بەك ئۇستىكەن، نىسىز جۇمۇ، — ئايال قانائەتلەنگەن ھالدا كۈلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سىقتى. مۇزىكا ئاۋازى پەسلەشكە باشلىدى.

— ئاپلا، چاتاق بولدى، ئەدىي كەتمىسەم بولمايدۇ، مەن قايتىپ كېتەي، — دېدى جاۋ زىبىڭ.

بۇ گەپ ئۇشتۇمتۇت ئېيتىلدى، مى خانىم ئەسلى ئىككىنچى ئويۇننى باشلاي دەپ تۇراتتى. ئۇ بۇنى كاللىسىدا پىشۇرۇپمۇ بولغانىدى، ئۇ مەستخۇشلۇق ئىچىدە جاۋ زىبىڭنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى يەنە سوراپ باقماقچى ئىدى. لېكىن جاۋ زىبىڭ كېتىمەن دەپ قوپتى. ئۇ ھېچنەرسىنى بىلەلمىدى. پەقەتلا جاۋ زىبىڭ بىلەن پاراڭلاشقان، تونۇشقان بولدى شۇ.

— نېمىگە شۇنچىلىك ئالدىرايسىز؟ كېتىمەن دەپلا كېتەمسىز؟ — ئايال خاپا بولغاندەك قىلاتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، سىزنىڭ چۈشتىن كېيىنكى يېرىم كۈن ۋاقتىڭىزنى ئالدىم. ئىنتايىن خىجىلمەن، — ئۇنىڭ سۆزى تەكەللۇپ چىقىپ تۇراتتى.

— كەچلىك تاماقتىن كېيىن كەتسىڭىز بولىدىغۇ، ئوڭايسىزلانغۇدەك ئىشمۇ يوق، — دېدى مى خانىم.

لېكىن جاۋ زىبىڭ قايتىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بولدى، ھېلىمۇ سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، پۇرسەت تاپسام مەن سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلاي، — دېدى.

ئۇ نېمە ئالدىراش ئىشى بارلىقىنى ئېيتمىدى، ئۇنىڭ بۇنى قەستەن ئېيتماسلىقى مى خانىمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش، يەنى ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەس، بەلكى تىجارەت جەھەتتىكى ئىشتىھاسىنى قوزغاش ئۈچۈن ئىدى. مى خانىم جاۋ زىبىڭ جەزمەن پۇرسەت تېپىپ مۇددىئاسىنى دەيدۇ، دەپ قارايتتى. جاۋ زىبىڭنىڭ ئۇ جەھەتتە سۆز ئاچماي تۇرۇۋېلىشىنىڭ قارىماققا قىلچە نەتىجىسى بولمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەڭ زور نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى.

جاۋ زىبىڭ قايتىش ئالدىدا تەكەللۇپ بىلەن رەھمەت ئېيتقاچ، چەت ئەلچە قائىدە-يوسۇندا قولىنى مى خانىمنىڭ قولىغا تەگكۈزۈپ قويدى. ئۇ تاكسىدا كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى كاللىسىدا يەكۈنلىدى. بۈگۈنكى ئېپادىسىنىڭ ئومۇمەن يامان ئەمەس بولغانلىقىنى، ئۇسۇل، تاكتىكىسىنىڭ جايىدا بولغانلىقتى ھېس قىلدى. ئۇ مى خانىمنىڭ ئامال قىلىپ ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ پۇتۇنلەي تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى جەزم قىلدى. لېكىن ئۇ ھەممە ئىشنىڭ بۇنچىلىك تېز تەرەققىي قىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا مى خانىمنىڭ ئۇنىڭغا يېشىش قىيىن بولغان بىر سوئالنى قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئېھتىياتچان ۋە ئەتراپلىق ئىش قىلىدىغانلىقىدىن، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋال داچىۋاق بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى ئۈچۈن قاتتىق تۈزۈم بەلگىلىۋالغانلىقىدىن سۆيۈندى، ئۇنداق

بولمىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

جاۋ زىبىڭ مېھمانخانىغا قايتقاندىن كېيىن مېھمانخانا رېستورانىدا غىزالاندى، يالغۇز ئۆزىلا بولسىمۇ ئانچە بېخىللىق قىلىپ كەتمىدى، كەچتە بەزمىخانىغا بېرىپ كۆڭۈل ئاچتى، ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئويۇنخۇمار بولۇپ كېتىشى بەزى ئىشلاردا چاندۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىرسىنىڭ نازارەت قىلمايۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا شۇنداق قىلىشى، قىلچە بىخەستەلىك قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىرسى ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، ئىشىكتىن كىرگىنى بىر ناتونۇش ئەر ئىدى. ئۇ ئەر ئۆزىنىڭ مى فامىلىلىك بىر ئايالنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كەلگەنلىكىنى، مى خانىمنىڭ جاۋ خوجايىننى ئۆز ياتىقىغا كەچ سائەت سەككىزگە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ھېلىقى ئەر ئۇچۇقلا مى خانىمنىڭ جاۋ خوجايىن بىلەن بىر كېچە بىللە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

### ئاجايىپ-غارايىپ كېچە ۋە 7 مىڭ گرام كېيىك ئالتۇن

بۇ بىر چۈشىنىش قىيىن بولغان مەسىلە.

مى خانىمنىڭ جاۋ زىبىڭ چۈشكەن مېھمانخانىنى قانداق ئېپىۋالغانلىقىنى، تاشقى قىياپىتىدىن نازۇك كۆرۈنىدىغان مى خانىمنىڭ ئۆپچۆرىسىدە لەببەي دەپ يۈرىدىغان زادى قانچىلىك ئەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ جاۋ زىبىڭنىڭ ئىزىغا چۈشكەن-چۈشمىگەنلىكىنى، كۆزەتكەن-كۆزەتمىگەنلىكىنى، قارشى تەرەپنىڭ ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ قارشى تەرەپنىڭ چاڭگىلى ۋە تىزگىنلىشىگە قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنى دېمىگەندىمۇ بۇ تەكلىپنىڭ ئۆزىلا ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

ئۇ مى خانىم بىلەن بىللە كوچا ئايلانسا، تانسا ئويناسا ھەتتا ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلسا بولاتتى. بۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنداق سورۇندا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايتتى. ئەمما مى خانىمنىڭ تەكلىپ قىلىشىدىكى مۇددىئا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇ، بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمەتچىسىنىڭ ھەرىكەت مىزانىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

بۇ جاۋ زىبىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خەتەرلىك سىناق، شۇنىڭدەك ئۇنى تەڭلىكتە قويىدىغان بىر تەجرىبە دورىسى ئىدى.

مۇبادا بارمىسا قارشى تەرەپ ئۇنىڭ سالاھىيىتىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ؛ ئۇنداقتا ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمايدۇ. مىڭبىر مۇشەققەتتە قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك يىپ ئۇچى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئەتكەسچىلەر گورۇھىدىكىلەر قېچىپ كېتىدۇ؛ ناۋادا بارسا، ئۇنى مى خانىمنىڭ سىنىقى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

جاۋ زىبىڭ ئاخىر نائىلاج سۇنئىي ھەمرا بىلەن تارقىتىلىدىغان تېلېفون ئارقىلىق يۇقىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى تەپسىلىي دوكلات قىلماقچى بولدى.

جاۋ زىبىڭ تېلېفون ئارقىلىق:

— مەن خەتەردىن قورقۇۋاتقىنىم يوق، ھاياتىمغا خەۋپ يېتىدىغان ئىش بولسىمۇ قورقمايمەن، لېكىن ئۇ ئايالنىڭ ياتىقىدا بىر كېچە قونسام، ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن، شۇڭا رەھبەرلىكنىڭ كۆرسەتمە بېرىشىنى سورايمەن، — دەپ يوليورۇق سورىدى.

تېلېفوندىن:

— تەشكىل سىزگە ئىشىنىدۇ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى. جاۋ زىبىڭ:

— رەھبەرلىكنىڭ ماڭا ئىشىنىدىغانلىقى ماڭا ئايان. ئەمما، ئەگەر مەن ئۇنىڭكىگە بارساملا، ئۇ ئايال بىلەن بىر كېچە بىللە بولىدىغانلىقىم تۇرغانلا گەپ. ئۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن، سىز مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ — دېدى. تېلېفوندىن:

— بۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، خىزمەت ئۈچۈن مۇبادا شەخسىي قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسە، ئازراق قۇربان بېرىش كېرەك، — دېگەن يوليورۇق بېرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جاۋ زىبىڭ چۈشەندى، رەھبەرلىك ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ئۇلار جاۋ زىبىڭغا ئېنىق جاۋاب بەرگەنىدى. تېلېفوندىن يەنە:

— بىز ئالاھىدە شەخس بىلەن ئالاھىدە كۆرەش قىلىۋاتىمىز، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز لازىم. بىز سىزگە مەسئۇل بولىمىز، سىزگە ئۇتۇق تىلەيمىز، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئىككىنچى كۈنى كەچتە جاۋ خوجايىن مى خانىمنىڭ ياتىقىغا دېگەن ۋاقتىدا باردى. داچياۋ سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ساراي رايونىدىكى باشقا بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپ، سىرتتىن ماسلىشىش ئۈچۈن تەق بولۇپ تۇردى. جاۋ زىبىڭ ئۆيۈنى تېخىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئۆيناش ئۈچۈن مى خانىمغا بىر دەستە گۈل ئالغاچ باردى.

مى خانىم ئۆزى تەكلىپ قىلغان مېھمان — جاۋ زىبىڭنى لاتاپەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ پەس ئاۋازدا:

— ھەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى بىلىمىز، لېكىن بۇ دۇنيا ئانچە تىنچ ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، مەن بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىكى ئادەملەر ياتىقىمدا ماڭا بىر كېچە ھەمراھ بولۇشى كېرەك. مەن لۈكچەكلەر ۋە ئالدامچىلار بىلەن ئارىلىشىشتىن قورقمايمەن. پەسكەش ئەرلەردىنمۇ قورقمايمەن. جاۋ خوجايىن، مەن سىزنى كۆزدە تۇتمىدىم، ئەلۋەتتە. سىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس، لېكىن مېنىڭ ئەڭ بىزار بولىدىغىنىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ پايلاقچىلىرى. مەن ئۇلارنىڭ تۈزۈمىنى بىلمەيمەن. ئۇلار مەندەك بويتاق ئايال بىلەن كېچىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دېدى.

مى خانىم بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا نومۇس قىلمىدى.

— سىز دېسەم-دېمىسەم ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ باقمىغان، شۇنداقمۇ؟ — دېدى جاۋ زىبىڭ.

— ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنى چىشلەپ تارتىشىدىن قورقىدۇ، شۇڭا، بۇ يەرگە كېلىشكە ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى جۈرئەت قىلالمايدۇ. — دېدى مى خانىم.

جاۋ زىبىڭ كۈلۈپ كەتتى، مى خانىممۇ كۈلۈۋەتتى. جاۋ زىبىڭ قاقاقلاپ كۈلەتتى، مى خانىم:

— نېمە بولدىڭىز؟ سۆزۈم خاتامۇ-يا؟ — دېدى.

— سىز ناۋادا ئىككىلا تەرەپتىن زىيان تارتىسىزچۇ؟ — دېدى جاۋ زىبىڭ.

— مۇمكىن ئەمەس، — دېدى مى خانىم، — مەن نېمە قىلىدىغان ئادەم، ئۇلار مەن بىلەن يېتىشقا جۈرئەت قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن شۇئان ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىمەن.

— سىز كىنودا رول ئېلىۋاتقاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ — دېدى جاۋ زىبىڭ چاقچاق قىلغان ھالدا، — كىنودا ھەمىشە مۇشۇنداق كۆرۈنۈشلەر بولىدۇ.

ئادەمنىڭ يۈرىكى تاش ئەمەس، قانداقمۇ رەھىمسىزلىك قىلغىلى بولسۇن؟ جاۋ زىبىڭنىڭ ھېسسىياتى راستىنلا تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى، ئۇ ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋېلىشى، ھېسسىياتقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئەتكەسچىلەرگە ئۆگىنىۋالغان جىنايەتچى بىلەن بىۋ كارىۋاتتا يېتىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈشى ھەمدە «قايناق ھېسسىيات» تا ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە پەيزە سۈرۈشى كېرەك ئىدى. مى خانىم بولسا دەل ئۇنىڭ دۈشمىنى، ئۇنىڭ تۇتۇش ئوبيېكتى. جاۋ زىبىڭ بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن ئىشق كەيپىنى سۈرسە، ئەتە ئۇنى تۈرمىگە قامىشى كېرەك. بۇ، ئەڭ قەيسەر ئادەم ئۈچۈنمۇ بىر روھىي ئازاب ئىدى. مى خانىمنىڭ بۇنداق غەلىتە چارە ئارقىلىق ئۆز رەقىبىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈشى بىكار ئەمەسكەن-دە! بۇ قىسقىغىنە ۋاقىتتا سىز تولەيدىغان

بەدەل ئەمەلىيەتتە تولىمۇ زور، ئازراق بىخەستەلىك قىلىپ قويسىڭىزلا ھەقىقىي سالاھىيىتىڭىز سېزىلىپ قېلىشى مۇمكىن، ھەقىقىي سالاھىيىتىڭىز سېزىلىپ قالغان ھامان سىز جېنىڭىزدىن جۇدا بولۇشىڭىز تۇرغان گەپ.

مى خانىمنىڭ ئەسلىدىكى مۇددىئاسىدىن ۋاز كەچكەن-كەچمىگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ بۇ چاغدا بىر ھەقىقىي ئايالغا ئايلانغانىدى.

بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەنزىرىنى بىز بەلكىم ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر كىنوسى « 007 » دە كۆرگەن بولساق كېرەك، لېكىن ئۇ كىنودىكىسى بىرئاز بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن ۋە ئادىمىيلەشتۈرۈلگەن رازۋېتكا ۋەقەلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئايرىيالمايدىغان ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر خىل ئاتالمىش ئەر-ئاياللار مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىزەپ كۆرسىتىش، بىر خىل ئارزۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىي تۇرمۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ساددا خىيال، بىر خىل توقۇلما. جاۋ زىبىڭنىڭ بېشىغا كەلگىنى بولسا تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي رېئاللىق، ئەمەلىيەتتە ئۇ رەھىمسىز بولىدۇ. بۇ قىلمىشنىڭ ئۆزى بىر رەھىمسىزلىكتۇر. ئىنسانىي ئەخلاقتىن خالىي بولغان ياكى دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئايرىش ئېڭىدىن ھالقىغان ھېسسىيات ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جاۋ زىبىڭ تۈن بويى دېگۈدەك ياخشى ئۇخلىيالمىدى، ئۇ تۈن يېرىملىشىپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا خىيالغا پاتتى. يەنىلا ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئېتىقادى ئۇنىڭغا شۇ تاپتىكى جاۋ زىبىڭنىڭ ئىككىنچى سالاھىيىتى بولماسلىق، جاۋ زىبىڭلىق سالاھىيىتىدە بولۇش، ئۇنىڭ بارلىق كەچۈرمىشى مەۋجۇت بولمىغان بىر كىشىگە مەنسۇپ بولۇش، ئۆزىگە ھېساب بولماسلىق كېرەكلىكىگە تۈرتكە بولۇۋاتاتتى... ئۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى، ھەممە ئىش قىلچە چانىماي ئىۋەنسىز تاماملاندى.

ئەتىسى، سەھەر قۇياشى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ مى خانىم بىلەن تۇنجى

تىجارەتنى — قاراڭغۇ بازار باھاسىدا ئاۋال 7 گرام ئالتۇن سودىسى قىلىشنى كېلىشىپ بولدى. جاۋ زىبىڭنىڭ پۇلى كۆپ، كىبىرى ئۈستۈن بولۇپ، ئالدى بىلەن 7 مىڭ گرام ئالتۇن سېتىۋالىدىغانلىقىدىن ئېغىز ئاچتى.

ئۇلار ئالتۇن سودىسى قىلىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى كېلىشتى. جاۋ زىبىڭ نەق پۇل سېلىنغان چامادانني كۆتۈرگىنىچە دېيىشكەن جايغا ۋاقتىدا كەلدى. مى خانىم نەق مەيداندا پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالتۇننى بەردى. سودا ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى، كۈتۈلمىگەن بىرەر كاشىلا يۈز بەرمىدى.

### ھوسۇل يېسىلى

ئوۋچى ئوۋ ئوۋلاشتا يەمچۈككە ئىچ ئاغرىتمايدۇ. ئوۋچى ئىشلەتكەن يەمچۈك ھامان بىكار كەتمەيدۇ، ئوۋچى ئىشلەتكەن يەمچۈك قانچە چوڭ بولسا، بۇ ئوۋچى ئىشتىھاسىنىڭ شۇنچە چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تېخىمۇ زور ئولجىغا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جاۋ خوجايىن مى خانىم بىلەن تونۇشۇپ ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالغانىدى، چۈنكى ئۇلار خېلى چوڭ سودا قىلغان، بىر-بىرى بىلەن كونا خېرىدار، « كونا دوست » لاردىن بولۇپ قالغانىدى.

جاۋ زىبىڭ مۆلچەرلىگەندەك، بۇ يەر دەرۋەقە ئالتۇن ئەتكەسچىلىك قىلىدىغان ئارىلىق پونكىت ئىدى.

جاۋ زىبىڭ مى خانىمنىڭ ئۆيپچۆرىسىدىكى خېرىدارلاردىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشتى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا سىرتتىن كەلگەن ئەتكەسچى سودىگەرلەرمۇ، مەخسۇس تاغدىن ئالتۇن توشۇپ ئەكىلىشكە مەسئۇل كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مى خانىمنىڭ جاۋ زىبىڭغا ئىشەنگەنلىكىدىن كېلىشكەنىدى. مى خانىم جاۋ زىبىڭنى تامامەن ئۆز ئادىمىم دەپ بىلىدىغان بولدى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى سودىسىنىڭ ئوتۇقلۇق بولغانلىقىدىن باشقا، مى خانىمنىڭ جاۋ زىبىڭنى ئۆزى تونۇيدىغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ھېس قىلغانلىقى،

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك جاۋ خوجايىنىنىڭ مجەزىنىڭ خۇش خۇي، پۇلىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئىدى.

جاۋ زىبىگىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن، تورنى يىغىدىغان ھوسۇل پەسلى يېتىپ كەلگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن جاۋ زىبىك ئۇرۇمچىگە يەنە كەلدى.

چىڭقى چۈشتە مى خانىم ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. جاۋ زىبىك ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى، ئۇ بۇ نۆۋەت ئالتۇندىن كۆپرەك سېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇ نەق پۇل بىلەن كەلگەنىدى. مى خانىم بۇنى چۈشىنىپ يېتىپ، بۇ قېتىم 8 مىڭ گىرامدىن كۆپرەك ئالتۇننى ئېلىپ چىقتى.

ھەرقانداق قىزىق ئويۇننىڭمۇ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا بۇ كاتتا ئويۇنمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى.

مى خانىم ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇ جاۋ خوجايىن بىلەن قانۇنسىز ئالتۇن سودىسى قىلىپ دەل ئاچقۇچلۇق پەيتكە يەتكەندە، داچياۋ جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى باشلاپ بېسىپ كىردى. بارلىق قارشىلىق ۋە ئۆزىنى ئاقلاشلار بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىدى، پارقىراپ تۇرغان كويزا مى خانىمنىڭ قولىغا سېلىنىپ بولغانىدى.

— سىلەرنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆزىتىپ يۈرەتتىم، — دېدى داچياۋ. مى خانىم كويزا سېلىنغان جاۋ خوجايىنغا قاراپ:

— مەن سىزنىڭ قۇيرۇقىڭىزنىڭ بۇنچىلىك پاسكىنا ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن! — دېدى.

مى خانىم ئېلىپ كېتىلدى. ناھايىتى تېزلا مى خانىم بىلەن تىلى بىر ھەممە ئەتكەسچى سودىگەر ۋە ئالتۇن يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەر بىراقلا تورغا چۈشتى، تولىمۇ چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئەتكەسچىلەر گۇرۇھى مانا مۇشۇنداق تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. بۇ چاغدا جاۋ خوجايىنمۇ ئۈن-تىنسىز غايىب بولدى.

## سەككىزىنچى باب

### قان ۋە مەدھىيە

#### قەھرىمان ھەققىدە ھېكايە

مەن دەنچاڭ ھەمىشە تىلغا ئالىدىغان بىرسىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا كۆرۈنمىگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم، بۇ كىشى شياۋۋاڭ — ۋاڭ ۋېنجىڭ ئىدى. مەن دەنچاڭغا:

— سىز ئۇنى يۇتتۇرۇپ قويدىڭىزمۇ-نېمە؟ — دېدىم.

دەنچاڭ بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمدى، بىرھازادىن كېيىنلا:

— ئۇ قۇربان بولدى، — دېدى.

مەن ئۈندىمىدىم.

مەندە خېلى ئىلگىرىلا دەنچاڭ تولىمۇ سۆزمەن، ھەرقانداق سەپدىشىنىڭ تۆھپىسىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا رايى بارمايدىغان ئادەم، ئۇ بىرەر ئىشنى سۆزلىمىگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ جەزمەن سەۋەبى بار، دېگەن بىر خىل خىيال بار ئىدى. مېنىڭ سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن يەنىلا سورىدۇم. مېنىڭ شياۋۋاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىشلىرىنى، ئۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگۈم كەلدى.

ۋاڭ ۋېنجىڭ قۇربان بولۇپ كەتكەچكە، بىز دەنچاڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، بۇ ئەسىرىمىزدە ئۇنىڭ راست ئىسمىنى ئىشلەتتۇق. بۇ بىز مەزكۇر ئەسىرىمىزدە ئىشلەتكەن بىردىنبىر راست ئىسىم ئىدى.

دەنچاڭ ماڭا:

— ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشتىن كەچۈرمىگەن كىشىنىڭ بىز دائىم ئېيتىدىغان خەتەرنىڭ نېمىلىكىنى، بىز ھەپىلىشىدىغان ئوبيېكتنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، — دېدى.

ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملىرىمىز بىلەن ئەستايىدىل سۆزلەشمىسىڭىز، ھەر بىرىنىڭ خەۋپ-خەتەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، ھەتتا ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قېلىشتەك دەھشەتلىك ئىشلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، كۆپىنچىسىنىڭ جېنىدىن تويغان ئەبلەخلەرنىڭ تەقىپ قىلىشى، تەھدىت سېلىشى، دۇمبالىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى، يارىلانغانلىقىنى، بۇنداق ئىشلارنىڭ سانىنىمۇ ئېلىپ

تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىسىز. ئالتايدا ئەتكەسچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا قۇربان بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-جەڭچىلىرى بىر شىياۋۋاڭلا ئەمەس...

## ئىسسىق قان بىلەن يۇغۇرۇلغان ناخشا

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، كەچ سائەت توققۇز بولغان چاغ. ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بەزىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى 10-دىۋىزىيەسىنىڭ مەلۇم پولكىدىكى بىر خىزمەتچىنىڭ ئۆيىدە قانۇنسىز ئالتۇن سودىسى قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ۋاڭ ۋېنجېك بىلەن ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ يەنە بىر خادىمى دەررۇ ئاتلاندى.

بۇ ئىككى جەڭچى ناھايىتى ياش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ياتاق رايونىغا كەلگەندىن كېيىن ئەتكەسچىلەرنى چۆچۈتۈۋەتمەي، يېقىن ئەتراپتا مۆكۈپ يېتىپ ئەھۋالنى كۆزەتتى ۋە ھۇجۇم قىلىش پەيتىنى كۈتتى.

بۇ ھالقىلىق پەيت ئىدى. قانۇنسىز سودا قىلىۋاتقانلار ھەقىقىي مالنى ئېلىپ چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بېسىپ كىرگەندە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. تەجرىبىلىك ئەتكەسچى جىنايەتچىلەر شۇئان ھارام مالنى يۆتكىۋېتىپ، ئولتۇرۇش قىلىۋاتقان، قۇرۇق پاراڭ سېلىشىۋاتقان، ئادەتتىكى ئېلىم-سېتىم توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقان ياكى قارت-ماجاڭ ئويناۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئانچە-مۇنچە تىكىشىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتىمىز دەپ تۇرۇۋالاتتى.

قولىڭىزدا دەلىل بولمىسا ھېچنەرسە دېيەلمەي، ئۇلارنى تۇتۇشقا ئامالسىز قالىسىز.

ۋاڭ ۋېنجېك بىلەن شىياۋلى قارشى تەرەپنى چۆچۈتۈۋەتمەي، كەچ سائەت 11 دىن ئاشقىچە كۈتتى، بۇ چاغدا ئۆينىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ دەل ئەتكەسچىلەر سودىلىشىۋاتقان چاغ ئىدى.

ۋاڭ ۋېنجېك بىلەن شىياۋلى ئۇشتۇمتۇت ئىشىكنى قۇمۇرۇپ كىرىپ، 160 گىرام ئالتۇننى قولغا چۈشۈردى.

بۇنىڭ بىلەن ئالتۇن ۋە پۇلغا ھېرىس بۇ ئەتكەسچىلەر قوللىرىغا ئەمدىلا كىرگەن ئالتۇن بىلەن نەق پۇللارنىڭ مۇسادىرە بولۇپ كېتىشىگە تەن بەرمەي، كۆزلىرىگە قان تولۇپ ئۆچمەنلىكى ئىچىگە پاتماي، ئاخىر غالجىرلاشقان ھالدا ئېتىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا ۋاڭ ۋېنجېك بىلەن شىياۋلى دەللالنى سوراققا تارتىپ، ئۇنىڭدىن قانۇنسىز سودىنىڭ جەريانى ۋە چېتىلىدىغانلارنى سوراۋاتاتتى. شۇنداقلا يىپ ئۇچىنى قانداق قىلغاندا يەنىمۇ كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىشىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۆينىڭ ئىشىكى جالاقىدە ئېچىلىپ، ئاۋۋال بەش-ئالتە ئايال ئېتىلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا قولىغا كالتەك، پىچاق ئالغان بىر توپ ئەر تاپ بېسىپ كىردى. ئاياللار نەق پۇل ۋە ئالتۇنغا، ئەرلەر ۋاڭ ۋېنجېك ۋە شىياۋلىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

ۋاڭ ۋېنجېك ۋە شىياۋلى ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى، ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، لېكىن بۇلار كار قىلمىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋاڭ ۋېنجېك يان قورالىنى ئېلىپ ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇردى، كىشىلەر بىرئازلا تىنچلاندى. شاۋلىمۇ قولىغا تاپانچا ئالدى، بۇ ئىككىسى ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن بۇ چاغدا بىرسى «ئۇلارنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋالايلى!» دەپ ۋارقىرىدى.

تاپانچا ئارقىلىق ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ بۇنداق ۋاقىتتا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئاياللار ئاۋۋال ئۇلارنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ ئىش تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى گەمىدە ئەمەس، بەلكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتىقىدا يۈز بېرىۋاتاتتى.

شىياۋۋاڭ بىلەن شىياۋلى ئۆزىنى قاچۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇلار ئۇق چىقارسا بولمايتتى. ئۇق چىقارسا ئادەم يارىلىنىدىغان گەپ، ئۇلار بۇنداق قىلىشنى زادىلا خالىمايتتى.

ئۇلار ئىككىسى ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— تارقىلىڭلار، تارقىلىپ كېتىڭلار، سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلار ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش خىزمىتىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ ئەسنادا قولىغا پىچاق ئالغان بىر ئەر قولىدىكى پىچاقنىڭ ئۇچىنى شياۋۋاڭنىڭ بويىنىغا تىرەپ، شياۋۋاڭغا قولىدىكى تاپانچىسىنى تاشلاشنى بۇيرۇدى، شياۋۋاڭ ھەققانىي سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلدى. شياۋلىمۇ ئوخشاش ئەھۋالدا ئىدى. كىشىلەر توپىدىن بىرسى «ئۇرۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىۋىدى، ئەقلى-ھوشىنى يوقاتقان بۇ زوراۋان ئەبلەخلەر ھېچنېمىگە قارىماي كالتەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ شياۋۋاڭ بىلەن شياۋلىنىڭ باش-كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. ھېلىقى قارا نىيەت ئەبلەخ بىردىنلا پىچاقنى كۆتۈرۈپ شياۋۋاڭنىڭ باش-كۆزى بولۇپ ئالتە يېرىگە تىقتى. شياۋۋاڭ يىقىلىپ چۈشۈپ قانغا مىلەنگەن ھالدا ھوشىدىن كەتتى. شياۋلىنىڭ بېشى، قولىنىڭ دۈمبىلىرى پىچاق زەربىسىدىن يارىلاندى. بۇ بىر توپ زوراۋان ئەبلەخلەر قاتىللىقتىن كېيىن، ئالتۇن ۋە نەق پۇللارنى تارتىۋېلىپ قېچىپ كەتتى.

يېزا ئىگىلىك 10-دۈيىزىيىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى شياۋلىنىڭ مۇشكۈل ئەھۋالدا بەرگەن ياردەم سوراش تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇ زامات يولغا چىقتى. ئۇلار ۋاڭ ۋېنجيك بىلەن شياۋلىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئەڭ ياخشى ماشىنىغا سېلىپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپاردى. يەنە بىر تەرەپتىن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇنسىز ئالتۇن سودىسىنى تەكشۈرۈشكە قارشىلىق كۆرسەتكەن، ساقچى خادىملىرىنى قانغا بويىغان جىنايەتچىلەرنى بىراقلا قولغا چۈشۈردى.

ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ ۋاقتىدا قۇتقۇزۇشى، ئاقىلانە كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن ئۇلار خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ئاخىر سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.

## ئۇ ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلدى

ۋاڭ ۋېنجيكنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش داۋامىدا جاسارەتلىك ۋە قەيسەر بولۇپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھقا ئىگە ئىدى. ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى ياخشى كۆرەتتى. قىيىنچىلىققا زادى باش ئەگمەيتتى.

ھەممەيلەن ۋاڭ ۋېنجيكنى باتۇر جەڭچى، ھاياتى كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم دېيىشىدۇ، شۇڭلاشقا، باتۇر جەڭچى ئەڭ ئاسان يارىلىنىدۇ، ئەڭ ئاسان قۇربان بولىدۇ.

ئوق يامغۇرى ئىچىدە شۇنداق بولىدۇ، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش كۈرىشىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى ۋەزىپە ۋاڭ ۋېنجيك ئۈچۈن ئېيتقاندا «چوڭ دولقۇن» ھېسابلانماستىن، بەلكى «كىچىك دولقۇن» دىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ بەلكىم بىر خىل قانۇنىيەت بولسا كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش جەڭچىسىگە نىسبەتەن، ھەرقانداق بىر كۆرەشتە، قان تۆكۈلۈش ۋە قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ. بۇمۇ دەنچاڭنىڭ ئادەت سۆزى ئىدى. بۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ئاشۇ قېتىم، يولداش ۋاڭ ۋېنجيك يول ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ماڭدى. ئۇ بىرقانچە سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە ئالتۇن كان رايونىدىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان تاش يول بويىدا مۆكۈپ ياتتى. ئىشتىن بۇرۇن، ئۇلار تاغدىكى ئەتكەسچىلەرنىڭ ماشىنا بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، مەلۇماتتا كونكرېت ۋاقتى ئېنىق دېيىلمىگەنىدى. ماشىنىنىڭ تىپى ۋە ماشىنا نومۇرى توغرىسىدىمۇ گەپ يوق ئىدى. بۇنداق ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش نىسبەتەن مۈشكۈل بولاتتى. چۈنكى بىرىنچىدىن، يول

چازىسىنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كېتەتتى؛ ئىككىنچىدىن، يولدىن ئۆتكەنلىكى ماشىنىلارنى توختىتىپ بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ۋاڭ ۋېنجيڭ بۇ قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا، ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەكلا قىلچە بىخەستەلىك قىلمىدى. ئىلگىرىكىدەك ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. تاغدىن چۈشكەن ماشىنىلارنى قول ئىشارىسى بىلەن توختىتىپ تەكشۈرەتتى، بۇ قارىماققا بەكلا ئاددىي خىزمەتتەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ خىزمەتكە زور خەۋپ-خەتەر يوشۇرۇنغانىدى.

دائىم تاغقا قاتنايدىغان ئاپتوموبىللار، ئەتكەسچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ماشىنىلار ئۆتكەندە قوماندىغا ئەلۋەتتە بويسۇناتتى. لېكىن ئەتكەس مال قاچىلانغان ماشىنا بولۇپ قالسا (تەكشۈرۈلىدىغىنىمۇ دەل ئەتكەس مال قاچىلانغان ماشىنا ئىدى) ئۇ ماشىنا شوپۇرىنىڭ جېنىدىن تويغان ئەبلەخ ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايتتى.

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا. ياۋاشلىق بىلەن قولغا چۈشىدىغان بىرمۇ ئەتكەسچى يوق ئىدى. زەررىچە ئىمكانىيەت بولسىلا، ئۇلار جېنىنىڭ بېرىچە قېچىپ كەتمەكچى بولاتتى ياكى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەتتى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە توقۇنۇش يۈز بېرەتتى ۋە قان تۆكۈلەتتى. بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەنىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە، «بېيجىڭ — 212» تىپلىق بىر جىپ تاغدىن كەلدى.

ۋاڭ ۋېنجيڭ قائىدە بويىچە تاشيولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرۇپ، شوپۇرغا ماشىنىنى توختىتىپ تەكشۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشارەت قىلدى.

جىپ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، ۋاڭ ۋېنجيڭ كېلىۋاتقان جىپقا روبىرو تۇرۇۋەردى، شوپۇر تورمۇز قىلدى، ماشىنا چازىغا يېقىنلاشقاندا، شوپۇر بىردىنلا ماي كىلاپىنىنى چوڭ ئېچىۋەتتى. جىپ ئۈركىگەن ياۋا ئاتتەك ۋاڭ ۋېنجيڭغا قاراپ ئېتىلدى.

ۋاڭ ۋېنجيڭ ئۆزىنى چەتكە ئالمىدى، ئۆزىنى چەتكە ئالىمەن دېگەن بىلەنمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى. قىسقىسى، ۋەقە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە يۈز بەردى. جىپ ۋاڭ ۋېنجيڭنى سوقۇۋەتتى، ۋاڭ ۋېنجيڭنىڭ سەپداشلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆردى. جىپ ۋاڭ ۋېنجيڭنى يەتتە-سەككىز مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بېشى يول بويىدىكى تاشقا تېگىپ، باش سۆڭىكى ئۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. ۋاڭ ۋېنجيڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىۋېتىپ يولدا جان ئۈزدى.

ۋەقە تۇغدۇرغان جىنايەتچى ۋە جىپتىكى ئەتكەسچىلەر قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، ئۇلار مەنپەئەتنى دەپ ئەقلى-ھوشىنى يوقاتقانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىچە ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملارنى سوقۇۋېتىپلا زەربىدىن قۇتۇلۇپ قالىمىز دەپ قاراپ، چۆچۈرىنى خام سانىغانىدى. ئەمما يولداش ۋاڭ ۋېنجيڭ بىزدىن مەڭگۈگە ئايرىلدى.

دەنچاڭ ۋاڭ ۋېنجيڭنى ئىنتايىن ياد ئېتەتتى، دەنچاڭ ۋاڭ ۋېنجيڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنى يېتەكلىگەنىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ۋاڭ ۋېنجيڭ دەنچاڭغا ئەگىشىپ نۇرغۇن كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇ دەنچاڭنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئادەتتە ۋاڭ ۋېنجيڭ كەم سۆز بولسىمۇ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتلەردە، ئۇ بىر جەسۇر پالۋان ئىدى. سەپداشلىرى ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالاتتى، رەقىبلىرى قورققىنىدىن دىر-دىر تىترەيتتى.

دەنچاڭنىڭ ئەلبومىدا ئۇنىڭ ۋاڭ ۋېنجيڭ بىلەن چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى، دەنچاڭ بۇ سۈرەتنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، سۈرەتكە قاراپ ئۇنى ياد ئېتەتتى، جاسارىتىنى ئاشۇراتتى. قانداق دەبدەبىلىك سۆزلەرنى دېيىش ئانچە مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ئۇنىڭ سەپدىشى قۇربان بولدى، سەپدىشى ئۆز ھاياتى ئارقىلىق ئۈلگە تىكلىدى. بىر خىل روھنى نامايان قىلدى. بۇ خىل روھ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ـــ ئىككىزگە قارشى بىر

ھەقىقەتەن — ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى جەڭچىلەرنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماسلىقتەك جاسارىتىنىڭ مەنبەسى.

نويابىر ئايلىرىدا ئالتاي تاغلىرىنى ئاپئاق قېلىن قار قاپلاپ، شىمالنىڭ ئىزغىرىن سوغۇق شامىلى ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ئىسسىق ئۆيلىرىدە مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، قويۇق دەملەنگەن چاي بىلەن ماي تېمىپ تۇرغان كاۋاپلارنى يېيىشىدۇ. ئەمما ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى جەڭچىلىرىمىز بولسا ئورمانلىق، چۆللۈك، دەشت-باياۋانلاردىكى دەريا بويلىرىدا كېچە-كۈندۈز چارلاپ، ئالتۇن ئەتكەسچىلىرى بىلەن ھەپىلىشىدۇ.

بۇ ئىنتايىن سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، يەنە سوغۇق ھاۋا ئېقىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى كۆك ئاغاش يېزىسىدىكى ۋاڭ XX قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، دەنچاڭ ئەترەت ئەزاسى شىياۋۋېننى رازۋېدكا قىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

شىياۋۋېن 30 نەچچە ياشلاردا بولۇپ، كىران دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان. ئۇ بەستلىك، زېھنى ئۆتكۈر، يۈرەكلىك ھەم پاراسەتلىك يىگىت بولۇپ، دەنچاڭنىڭ يارامىلىق ياردەمچىسى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ ماشىنا ھەيدەپ بىرەر ۋەقە سادىر قىلغان ئەمەس، ئۇنى ئەۋەتسە دەنچاڭ خاتىرجەم بولاتتى.

شىياۋۋېن ماشىنا بىلەن كۆك ئاغاش يېزىسىغا كەلدى، لېكىن ئۇ يېتىپ كەلگۈچە ۋاڭ XX قاتارلىقلار ماشىنا بىلەن يېزىدىن ئاللىقاچان كېتىپ بولغانىدى، شىياۋۋېن توغرا ھۆكۈم قىلىپ، شۇئان ئۇلارنى قوغلاش نىيىتىگە كەلدى.

بېيجۈندىن بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 40 كىلومېتىرلىق يولدا، شىياۋۋېن ماي كلاپاننى قولاقچە دەسسەپ ماشىنىنى يۇقىرى سۈرئەتتە ھەيدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە بىرەر خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ جىپنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، سوغۇق شامالنىڭ ئۇدۇلدىن نەشتەردەك ئۇرۇلۇشىغا قارىماي، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ھوشيارلىق بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ يۈز-مەڭزىلىرى بىردەمدىلا مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ، چۆلنىڭ سوغۇق شامىلىدىن نەپەس ئالالماي قالدى، ئەمما ئۇ قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بېرەتتى.

ئۇ ئاخىر يول بويىدىكى ئورمانلىقتا توختىلىپ قويۇلغان ماشىنىنى كۆردى.

ئۇ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، ماشىنا چىرىغىنى ئۆچۈردى-دە، ماشىنىنى ئايلاندۇردى.

ئۇنىڭ ئىزدىمەكچى بولغىنى دەل مۇشۇ ماشىنا ئىدى، ئۇ ماشىنىنىڭ تىپى، نومۇرى ئۇ كۆك ئاغاش يېزىسىدا ئىگىلىگەن ئەھۋالدىكى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى.

ئىككىنچى خىل ئېھتىماللىققا ئورۇن قالمىغانىدى. شىياۋۋېن شۇئان قانۇنسىز سودىنىڭ ئاشۇ ماشىنىدا بولۇۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدى.

ئەھۋال تولىمۇ جىددىي بولۇپ، دەنچاڭغا دوكلات قىلىشقا ئۈلگۈرمەيتتى. لېكىن يالغۇز ئېتىلىپ بېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك. شىياۋۋېن يالغۇز، قارشى تەرەپ ئاز دېگەندىمۇ يەتتە-سەككىزدىن كەم ئەمەس. قەبىھلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەتكەسچىلەر غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئۆزى يالغۇز بۇ بىر توپ ئەبلەخقە تەڭ كېلەلمەي قالسىچۇ؟ لېكىن دەرھال قايتىپ بېرىپ ئادەم باشلاپ كەلگىچە پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشى تۇرغان گەپ، ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئەتكەسچىلەر-

نىڭ كۆز ئالدىدىن قېچىپ كېتىشىگە يول قويسا بولمايتتى.

ئىككىلىنىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى ئۇلار بىلەن ھەققانىيەت ئۈچۈن ئېلىشىشى كېرەك.

شياۋۋەن ئۇلارغا يېقىنلاشتى-دە، تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئوقلىدى.

ماشىنىنىڭ ئىچى ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان بولۇپ، غۇۋا يورۇپ تۇرغان چىراغ دەرۋەقە سەككىز ئادەمنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇلار باھا تالاشماقتا ئىدى.

ئەتكەسچىلەر ھەرىكىتىمىز ئىنتايىن مەخپىي بولدى دەپ قارىغاچقا شياۋۋەننىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، ئۆزلىرىگە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغانلىقى خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمىغانىدى. قانۇنسىز ئالتۇن سودىسى ھالقىلىق پەيتكە يەتكەندە، كېپەك ئالتۇن ۋە نەق پۇللار ئوتتۇرىغا چىقتى. شياۋۋەن ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

قارشى تەرەپتىكىلەر سەككىز قاۋۇل كىشى ئىدى. بىز تەرەپتىن پەقەت شياۋۋەن ئۆزى يالغۇز ئىدى. شياۋۋەن قەيسىرانە روھ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەكرەپ بېرىپ، تاپانچىسىنى قوش قوللاپ چىڭ تۇتۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە تەڭلەپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ھەممىڭ قىمىرلاشما، بىز ئالتۇن ئەتكەسچىلىرنى تۇتۇش ئەترىتىدىن، سىلەر قورشىۋېلىندىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى قارشى تەرەپنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى، شياۋۋەن بۇ تاكتىكىنى ئىنتايىن جايىدا ئىشلەتكەنىدى.

قارشى تەرەپ بىرپەس ئالاقزادە بولۇپ نائىلاج تەسلىم بولدى. شياۋۋەن نەق مەيداندىلا ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىدىن قانۇنسىز سودا قىلىنغان 659.9 گرام كېپەك ئالتۇننى قولغا چۈشۈردى.

جىنايەتچىلەر ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى شياۋۋەننىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ئاللىقاچان كېچىككەنىدى. بۇ چاغدا شياۋۋەن ئۇلجىنى قولغا كىرگۈزۈپلا قالماستىن، يەنە قانۇنسىز سودا قىلغان ئەتكەسچىلەرنىڭ كاتتىبېشىنىڭ قولغا كويىزىمۇ سېلىپ بولغانىدى.

بىر جەڭچى سەككىز ئەتكەسچى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. پەم-پاراسەتلىك ۋە باتۇر شياۋۋەن يۇقىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. دەنجاڭ ناھايىتى قايىل بولغان ھالدا ئۇنىڭ دولىسىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ياراپسەن، تولىمۇ جايىدا ئىش قىلدىڭ، — دېدى. شياۋۋەن سەبىيلەرچە كۈلۈپ قويدى. ئۇ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— ماختىغۇچىلىكى يوق، ئاشۇ ئەھۋالدا ھەرقانداق كىشى شۇنداق قىلغان بولاتتى. بىز ئۇلارنى قاراپ تۇرۇپ قاچۇرۇپ قويساق بولمايدۇ-دە، — دېدى.

### ئېزىتقۇ تۇمان

ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن تۇتۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش جەڭ مەيدانىنى ھەمىشە ئېزىتقۇ تۇمان قاپلاپ تۇرىدۇ. ئەتكەسچىلەر ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، گاھىدا ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ جەڭچىلىرىنى پۇل ۋە ساھىبجامال قىزلار ئارقىلىق ئېزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇغۇ كونىراپ كەتكەن ئۇسۇل، لېكىن كان رايونىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئالاھىدىلىكى بار-دە!

ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتى ئەتكەسچى جىنايەتچىلەر بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان، گۇۋاھنامىسى بار ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھەرىكىتىگە ئارىلاشمايدۇ، ئۇلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ. لېكىن بەزى قانۇنسىز ئالتۇن چايقىغۇچىلار ھەمىشە بۇ كاۋاكتىن پايدىلىنىپ، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرگە شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن بوتۇغلىرىنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىدىكىلەرنى ئۆزىگە تارتىشتىكى ۋاستىلىرىدىن بىرى پۇل كۆزۈرىدىن ئىبارەت.

مۇنداق ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خادىملىرى تاغقا تەكشۈرۈشكە كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالتۇن بوتۇغلىرى ئۇلارنى بىر چەتكە تارتىپ يانچۇقلىرىدىن بىر-ئىككى مىڭ يۈەن ھەتتا ئۈچ-تۆت مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى خادىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ-دە، پەس ئاۋازدا: « بۇ ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، سىز ئىشلىتەرسىز » ، « سىلەر ھەمىشە تاغمۇ-تاغ قاتراپ، كۆپ جاپا چېكىسلەر » ، « بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز نېمىلا دېگەن بىلەن سىلەرنىڭكىدىن باياشات » ، « ھەممىز دوست، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاڭلىماققا شۇنچە قىزغىن ۋە يېقىملىق، سىزدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. يەنە كېلىپ سىزدىن ئىلتىپات تەلەپ قىلىپمۇ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن بارچە مەنە دەل يانچۇقىڭىزغا چۈشكەن ئاشۇ پۇلغا يوشۇرۇنغان.

ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملار « پۇل ھەقىقەتەن ياخشى نەرسە، مەنمۇ بېيىشنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن مەن ھارام پۇل بىلەن بېيىشنى ياقتۇرمايمەن » دەپ توغرا ئېيتقان. بەزى خادىملار ئوخشاش ئۇسۇلدا قارشى تەرەپنى ئاگاھلاندۇرۇپ: « سېنىڭ مەقسىتىڭ ماڭا ئايان، شۇڭا مەنمۇ ساڭا گەپنى ئوچۇق ئېيتاي، سەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىساڭلا، ماڭا پۇل سوۋغا قىلغىنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى، مۇبادا قانۇنغا خىلاپلىق قىلساڭ، پۇلۇڭ سېنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. شۇڭا سەن پۇلۇڭنى يەنىلا ئېلىپ قال » دەيدۇ.

ئالتۇن بوتۇغلىرىنىڭ يەنە بىر خىل ۋاستىسى ئەترەت خادىملىرىغا ئالتۇن سوۋغا قىلىشتىن ئىبارەت. « بۇنى ئالسىڭىز نېمە بولاتتى، ئالتۇن كانىمىزدىن باشقا نەرسە چىقمايدىكەن، مۇشۇنچىلىكلا يەرلىك مەھسۇلاتىمىز بار » ، « بۇ ياكى سودا-سېتىق بولسا ئەتكەسچىلىك قىلىش ھېسابلانماس؟ » « ئېلىپ كېتىپ ئۆزۈڭ ياستىپ تاقىۋېلىڭ » دېگەندەك ياغلىما سۆزلەرگىمۇ ئوخشاشلا يامان غەرەز يوشۇرۇنغان. بۇ يىللاردا ئالتۇن بوتۇغلىرىنىڭ كۆپى ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن دەككىسىنى يېگەن ھەمدە ئەترەتنىڭ يۈز-خاتىرە قىلماي قاتتىق زەربە بېرىشى بىلەن قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئۇلارنى كۆرسىلا لاغىلداپ تىترەيدىغان بولۇپ قالغان. ئەتكەسچىلەر زەربىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ھامان بەزى ئۇششاق ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار « سەن مېنىڭ كۈكۈلامدىن نۇرۋالماقچى بولساڭ، مەن ساڭا مەقسەتلىك ھالدا كۈكۈلامدىن ئازراق تۇتقۇزۇپ قويىمەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تەگلىكتە قالسام، ماڭا ھامان ئازراق كەڭچىلىك قىلارسەن؟ » دەپ ئويلىشىدۇ.

ئەتكەسچىلەرنىڭ يەنە بىر خىل ۋاستىسى ئاياللاردىن پايدىلىنىش. ئاياللارنىڭ ئالتۇن كانلىرىدىكى ئورنى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلار پۇل ۋە ئالتۇن ئالدىدا، ئالتۇن بوتۇغلىرىنىڭ ئالدىدا، ھەتتا ئالتۇن چايقىغۇچىلار ئالدىدىمۇ چۈشكۈنلىشىپ قىلچە ئاياللىق سالاپىتى بولمىغان خىلمۇ خىل ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەيلى ئۇلار ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان ۋاستە، مەيلى ئەتكەسچىلىك ۋاستىسى ۋە ياكى چىرىكلەشكەن كادىرلارنى ئۆزىگە تارتىش ۋاستىسى بولسۇن، سېتىلىش، مەجبۇرلىنىش، پايدىلىنىپ كېتىش جەھەتتە ھەممىسى ئوخشاش.

ئالتۇن بوتۇغلىرىنىڭ بۇ ئۇسۇللىرى ھەقىقەتەن ئانچە ئاقىلانە ئۇسۇل ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇللىرىنىمۇ ئاقىلانىراق ئۇسۇللارنى ئىپىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئالتۇن كان بوتۇغلىرى ئۆزىگە خاس ھەق-ناھەق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ دائىم ئۆتكۈزىدىغان بىر چوڭ خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ چىرىك، ئىپلاس ئارزۇ-ھەۋىسى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئۆلچەيدۇ، نەتىجىدە بۇرنىغا يېمەي قالمايدۇ.

ئۇلار ئىشقا سالغان بۇ چىرىتىش دورىلىرىنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملارغا كار قىلمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ.

تەھدىت سېلىش كۆپىنچە ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈشنىڭ تولۇقلىمىسى، ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈشنىڭ يەنە بىر تەرىپى؛ ئەكسىچە ئېيتقاندا، ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈش تەھدىت سېلىشنىڭ تولۇقلىمىسى، بۇ ئىككىسى ھامان ئوخشاش بىر مۇددىئانى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئوخشاش بىر مەقسەتكە يېتىشنى نىشان قىلىدۇ.

قانۇنسىز ئالتۇن بوتۇگلىرى ۋە ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ «يۇمشاق ۋاستە»سى كارغا كەلمەي قالسا، ئۇلار ئۇچىغا چىققان ياۋۇز قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ. بولۇپمۇ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئەمما توردىن چۈشۈپ قالغان ئەتكەسچىلەر گۇرۇھىنىڭ قالدۇقلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر ۋە مەنپەئەتدارلار ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش خادىملىرىغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ.

1992-يىلى ئاۋغۇستتا، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خادىمى لاۋجياڭ قارىمۇتۇق كەلگەن بەستلىك، ناتونۇش بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ھەمىشە ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى بايقايدۇ. لاۋجياڭ مەيلى ئۆيدىن چىقسۇن، ئۆيىگە قايتسۇن، كوچا ئارىلىسۇن، ياكى دوستلىرىنى يوقلىسۇن، بۇ قارىمۇتۇق كىشى مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەگىشىپ يۈرەتتى. لاۋجياڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، قارىمۇتۇق كىشى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ، ئۇنى يېقىن يولاتمايتتى. لاۋجياڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسا، ئۇ يەنە ئەگىشەتتى. لاۋجياڭغا دائىم چىرايىنى تۈرگەن ھالدا ھومىيىپ قارايتتى.

بۇ ئوچۇق-ئاشكارىلا تەھدىت سېلىش ھەمدە بىر خىل ھەيۋەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

لاۋجياڭ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، ئۇ خىزمەتتە ئىلگىرىكىدەكلا باشقۇرۇشقا تېگىشلىكنى باشقۇردى. بېجىرىشكە تېگىشلىكنى بېجىردى، ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىشتە قىلچە يۇمشاق قوللۇق قىلمىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي قارىمۇتۇق كىشى غايىب بولدى. لېكىن ناھىيە بازىرىدىكى ئاشپۇزۇلنىڭ ئاساسىي تېمىدا «بۇ يىل ئىچىدە جياڭ X نى جايلىۋېتىمىز!» دەپ يېزىلغان تەھدىت خاراكتېرىدىكى بىر پارچە شوئار پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار لاۋجياڭنى ئۆلتۈرىمىز، دەپ داۋراڭ سېلىشقانىدى. تەھدىت شوئارى زەر رەڭلىك مېتال ئۇۋىقى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ شوئارنى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ يازغانلىقى ئېنىق ئىدى.

دەرۋەقە لاۋجياڭ دىجورنىلىق قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىشتى ھەمدە بىر خىل ساختا ئەلپازى بىلەن بۇيرۇق ئاھاڭىدا لاۋجياڭنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، ئوغلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى، بۇنىدىن كېيىن ئاقىۋىتىنى ئويلاپراق ئىش قىلىشنى، خالتا كوچىغا كىرىپ قالماسلىقنى ئېيتىپ پوپوزا قىلىشتى.

ئالتۇن كان نۇقتىسىدا بىر ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا لاۋجياڭغا ھۆرپىيىپ تۇرۇپ:

— ئاڭلىسام ئەتىۋارلىق قىزىڭىز تولىمۇ ئوماق چوڭ بولۇۋېتىپتۇ، ئۇنى جېنىڭىزدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەنسىز، سىز ئەجەبا ئۇنىڭ بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقمامسىز؟ — دەپ سىرلىق قىلىپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

لاۋجياڭ ئۇلارنىڭ بۇنداق ئوچۇق ۋە يوشۇرۇن تەھدىت سېلىشلىرىدىن قورقۇپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى قەيسەر، ئېگىلمەس-سۇنماس جەڭچى ئىدى. لېكىن دۈشمەنلىشىۋاتقان ئەتكەسچىلەر قورغىنىنىڭ كاشىلىلىرى ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەي قالمىدى. لاۋجياڭ مۇنداق دېدى:

— مەن ئۆزۈمنىڭ خەۋپسىزلىكىدىن ئەندىشە قىلىپمۇ كەتمەيمەن، بىزنىڭ زىممىمىزدىكى خىزمەتنىڭ خاراكتېرى مۇشۇنداق. لېكىن

www.uyghurkitap.com

لېكىن گېپىنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ناھايىتى ئەنسىرەيمەن. ئاتا-ئانام ياشىنىپ قالدى، بالام تېخى كىچىك، مۇبادا راستىنلا مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئۇلارغا خېيىم-خەتەر يېتىپ قالسا مەن روھىي جەھەتتە بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمەن، دەپ ئويلايمەن. راستىنلا خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىشىمىزنى تىلغا ئالمايلا قوياي، ئىش چىقمىغان تەقدىردىمۇ ئۇلار خىزمىتىمىز سەۋەبىدىن، روھىي جەھەتتە بېسىمغا ۋە تەسىرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەنمۇ بىئارام بولىمەن، ئۇلار ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلىمەن.

بۇ ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بۇ قورقماس جەڭچىلىرى دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن زور قۇربان بەردى.

يۇقىرىقىدەك كەچۈرمىشلەرنى يالغۇز لاۋجياڭلا ئەمەس، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ھەر بىر جەڭچى دېگۈدەك باشتىن كەچۈرگەن. بۇنداق ئىشلارغا يالغۇز ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرلا ئەمەس، ھەتتا ئارقا سەپتىكى خادىملار ۋە ئايال ساقچىلارمۇ دۇچ كەلگەن.

دەنچاڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر ئەزىمەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇ جايدا ئەمەس ئىدى. بەزى جىنايەتچىلەر ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەرەپ-تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ ئاخىر ئۇنىڭ بۇ يەردىن بىر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئائىلىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى پاراكەندە قىلىشقاندى.

دەنچاڭ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئەر ئىدى. ئۇ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئائىلىسىنى — ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى سېغىناتتى. ئۇ ئايالىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ خەت ئارقىلىق بىر تەرەپتىن خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشنى، جىنايەتچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشنى تاپىلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، خىزمىتىنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، خوتۇنىنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى...

مانا بۇلار شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى يىقىتالمايدىغان، قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىشلار كار قىلمايدىغان جەڭچىلىرىمىز. ئۇلارمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش نورمال ئىللىق ئائىلە ھاياتى ۋە دوستلۇققا مۇھتاج، لېكىن ئۇلار كۆپ ھاللاردا بۇنداق تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. كۈرەش ئوتى ئۇلارنى تاۋلاپ تەڭداشسىز قەيسەر جەڭچىلەرگە ئايلاندۇرغان.

بىر تەرەپتە چىرىكلىك، بىر تەرەپتە پاكلىق-دىيانەت تۇرۇپتۇ.

بۇ سېلىشتۇرما تولىمۇ كۈچلۈك ۋە روشەن، چىرىكلىكنى توسۇپ، پاك-دىيانەتلىك بولۇشنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۇلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

## توققۇزىنچى باب

## ئالتاي تېغى ھەققىدە مۇلاھىزە

گەپنى يەنىلا ئۆزىمىزنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان ئاشۇ مەسىلىگە، يەنى خۇسۇسىيلارنىڭ ئالتۇن قېزىشىغا يول قويۇش زادى ياخشى ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ؟ ھازىرقى ئەڭ مردا گەپ بىلەن ئېيتساق، پايدىسى زىيىنىدىن چوڭمۇ ياكى زىيىنى پايدىسىدىن چوڭمۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە يۆتكەيلى.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا بۇ مەسىلىنى بىر مەزگىل ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئۇنى شەرھلەش ئۈچۈن نۇرغۇن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ھادىسە نۇقتىسىدىن، بىز كۆرەلەيدىغان ئاشۇ كارتىنىدىن بىز تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ھەرقايسى يان تەرەپلەردىن قارىغاندا، سىز قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

ئالتۇن قېزىش كان نۇقتىلىرى شاھمات

ئۇرۇقىدەك يېيىلغان بولۇپ، ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئىزلىرىنى ئالتاي تاغلىرى ۋە دەريالىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ، بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى رېئاللىق. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ مەۋجۇت ئەھۋال.

ئالتاي ۋىلايىتى شەخسلەرنىڭ ئالتۇن قېزىشىغا يول قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا، ئۆز ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆز ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، لېكىن شەخسلەرنىڭ ئالتۇن قېزىشىغا يول قويۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەندىن بۇيان، باشقۇرۇش جەھەتتىكى كونتروللىسىزلىق، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى (بۇ بەلكىم مۇقەررەرلىكتۇر) تۈپەيلىدىن، بىرقانچە قېتىم شەخسىي ئالتۇن كان نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قېلىشتەك قالايمىقان ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى.

ئالتاي تېغىدا شەخسلەرنىڭ ئالتۇن قېزىشى ئەمەلىيەتتە ئىككى چوڭ ئەگرى-توقاي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، بۇ تەرەققىيات جەريانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن تەرتىپكە سېلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى باشتىن-ئاياغ توختاپ قالمىدى.

تەرتىپكە سېلىش مۇقەررەرلىك. مۇبادا چەكلەش فاكچىنى قوللىنىلمىسا، ئۇ ھالدا تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا تىنچلىقنىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

### ئالتۇن چايقاش دولقۇنى

ئالتاي ۋىلايىتى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ زېمىن ئەسلىدە قازاق خەلقى ناتۇرال ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايون ئىدى. شەخسلەر ئالتۇن قېزىش كان نۇقتىلىرى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، بۇ يەرنىڭ ئورمان يېپىنچىسى ۋە ئوتلاق يېپىنچىسى مۇكەممەل ساقلانغانىدى. بۇ يەر ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىللىق، نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ رايون ئىچىدىكى دەريالار بۇ رايوننى ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاناس كۆلى قاتارلىق تەبىئىي كۆللەر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم بولۇپ، يەرلەرنىڭ قۇملىشىپ كېتىش ھادىسى ئېغىر ئەمەس ئىدى. تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقمۇ ئاساسەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى مەزگىلدىن تاكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە، بۇ يەردە باشتىن-ئاياغ بېكىنمىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ كەلدى، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى چېگرا رايونغا كىرىدىغان خادىملارنى قاتتىق كونترول قىلدى. ئالتاي ۋىلايىتىمۇ باشتىن-ئاياغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن-سىياسەتلىرىنى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداپ، گۇۋاھنامىسىز خادىملارنىڭ «چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش رايونىغا كىرىپ ھەرىكەت قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نىغا ئەمەل قىلىپ كەلدى.

«ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»تىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەر خېلى كەسكىن بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش رايونىغا تەۋە بولمىغانلار چېگرا رايونىغا تۇغقان يوقلاش، دوست-بۇرادەرلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە باشقا نورمال پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن چېگرا رايونغا كىرىشتە ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئىمزا قويۇپ تارقىتىپ بەرگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى باشقۇرۇش رايونىنىڭ يول خېتى»نى ئېلىش، ھەمدە چېگرا رايون تەۋەلىكىگە كىرىپ 48 سائەت ئىچىدە يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسىغا بېرىپ ۋاقىتلىق تۇرغۇچىلارنى تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك ئىدى.

«ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»تا چېگرا مۇداپىئەسى-

www.uyghurkitap.com

نى باشقۇرۇش رايونىغا تەۋە بولمىغانلارنىڭ باشقۇرۇش رايونىغا كىرىپ دورا ئۆسۈملۈكى كولاش، ئالتۇن قېزىش، ئوۋ ئوۋلاش، بۇغا مۈڭگۈزى يىغىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش رايونىدىكىلەرنىڭ باشقۇرۇش رايونى سىرتىدىكى گۇۋاھنامىسىز كىشىلەرنى چېگرا رايونىغا كىرىپ، بۇ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا قىزىقتۇرۇشى، ئۆتكۈزۈپ قويۇشى مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

« ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش » تا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، گۇۋاھنامىسىز چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش رايونىغا كىرگەن كىشىلەرنى جامائەت خەۋپسىزلىكى — چېگرا مۇداپىئە تارماقلىرىنىڭ بۇيرۇق بىلەن مۆھلەت ئىچىدە قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقى، مۆھلەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەتمىگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى، ھەمدە مەجبۇرىي قايتۇرۇۋېتىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. يەنە گۇۋاھنامىسىز كىشىلەر چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش رايونىغا كىرىپ دورا ئۆسۈملۈكلىرى كولاش، بۇغا مۈڭگۈزى يىغىش، ئالتۇن قېزىشقا قىزىقتۇرغان، ئۇلارنى تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلىگەنلەرگە قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ بەش يۈز يۈەندىن ئۈچ مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى، ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ ماشىنىسى تەكشۈرۈلۈپ تۇتۇپ قېلىنىدىغانلىقى، پىراۋىسى ئېلىۋېلىنىدىغانلىقى، ئاشخانا-مېھمانخانا قاتارلىقلار پېچەتلىنىدىغانلىقى؛ چېگرىدىن قانۇنسىز كىرىپ دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغقان، ئالتۇن قازغانلارغا يىغىۋېلىنىپ تەربىيە بېرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بارلىق دورا ماتېرىياللىرى ۋە ئالتۇنلىرى مۇسادىرە قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئۇلارغا بەش يۈز يۈەندىن بەش مىڭ يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى، قىلمىشى ئېغىرلارغا ئەدلىيە تارماقلىرى « جىنايى ئىشلار قانۇنى » دىكى ئالاقىدار ماددىلار بويىچە جازا بېرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

بۇ بەلگىلىمىلەردە، ئەسلىدىلا كونكرېت ماددىلار، ئېنىق بەلگىلىمە، قاتتىق جازالاش چارىلىرى بار ئىدى. لېكىن شەخسلەرنىڭ ئالتۇن قېزىشقا يول قويۇلغاندىن كېيىن، ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن باشقا جايلاردىن بەس-بەس بىلەن كەلگەن زور كۆلەمدىكى ئالتۇن قازغۇچىلار ئالدىدا، بۇ بەلگىلىمىلەر ئىنتايىن ئاجىز ۋە زەئىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

گۇۋاھنامىسىز توپ-توپ كىشىلەر ئۈرۈمچىدىن ئالتاي ۋىلايىتىگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلارغا قىستىلىشىپ چىقىدۇ. ئاپتوبۇس ئىچى قىستا-قىستاڭ بولۇپ كېتىدۇ، شوپۇر، كوندۇكتورلار تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى كۆزلەپ يولۇچىلارغا ئانچە چەكلىمە قويۇپ كەتمەيدۇ. باشقىلارمۇ توسۇپ كەتمەيدۇ. گۇۋاھنامىسىز ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ شەخسىي جىپ، قورال-سايمان ئاپتوموبىلى، چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ھەتتا ئىككى-تۆت تونىلىق توپا قېزىش ماشىنىسى بار. گۇۋاھنامىسىز ئالتۇن قازغۇچىلار شوپۇرلارغا پارا بېرىپ، ھەرقانداق بىر ئۇزۇن يوللۇق يۈك ماشىنىسى بىلەن بىمالال ئالتاي رايونىغا كىرەلەيدۇ. گەرچە جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا تەكشۈرۈش خادىملىرى چازا قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئالتۇن قازغۇچىلار كۆرمىڭ ئامال-چارىلەر بىلەن چازىدىكى تەكشۈرۈشتىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. شەخسلەر ئالتۇن قېزىش تازا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن چاغلاردا، ھەممە چازىلار ئىسمى بار جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ، گۇۋاھنامىسىز كىشىلەر چېگرا رايون بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇق ئارىسىدا ئەيمەنمەستىن بەخىرامان قاتنىيالايدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتى 1980-يىلى تاغنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ شەخسلەرنىڭ ئالتۇن قېزىشىغا رۇخسەت قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئالتۇن قېزىش دولقۇنى بىرنەچچە قېتىم پەسلەپ بىرقانچە قېتىم ئۆرلىدى.

ئۆز ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە « كان ئېچىپ، ئالتۇن ئېلىش » فاڭجېننى بەلگىلىگەنىدى. بۇ فاڭجېن يولغا قويۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دۆلەت ئىگىلىكى، يېزا بازار، كوللېكتىپ كان ئېچىش كارخانىلىرى ناھايىتى تېز ۋە كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. شەخسىي ئالتۇن

قازغۇچىلار 1981-يىلى ئاران ئۈچ يۈزدىن ئاشاتتى. 1988-يىلغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ 30 مىڭدىن ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن جىمجىت ئۇيقۇدا ياتقان تاغ ۋە ئورمانلار تۈنجى قېتىم قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئالتاي تاغلىرىدىكى يايپېشىل تاغ-ئورمانلارمۇ تۈنجى قېتىم ۋەھشىيلەرچە دەپسەندە قىلىشقا ئۇچرىدى. بۇ ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپى چالا ساۋات دېھقانلار ئىدى. زور كۆلەمدىكى ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ بەس-بەستە كېلىشى بىلەن ئىپتىدائىي ئورمانلار ھەش-پەش دېگۈچە كېسىلىپ، دەريا بويلىرىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، ئوتلاقلار يالىڭاچلىنىپ، تېگىدىكى سېرىق تۇپراق ئېچىلىپ قالدى؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. سۇ بىلەن تۇپراق ئېقىپ كەتتى، ئەسلىدىكى سۈيى سۈزۈك ۋە زۇمرەتتەك جىياۋلىت دەرياسى، قارا ئېرتىش دەرياسى ئېغىر دەرىجىدە لېيىپ مەينەتلىشىپ كەتتى؛ ئالتۇن قازغۇچىلار تاماق ئېتىش ئۈچۈن ياققان ئوتلار پات-پات ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىپ، ئورمانلىقتىكى ئوت ئاپىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئاق كۆڭۈل ۋە مېھماندوست قازاق چارۋىچىلارنىڭ قوي، كالىلىرىمۇ ئوغرىلىنىشقا باشلىدى... يىراقتىن كەلگەن بۇ ئالتۇن قازغۇچىلار كىرىم-پايدىسى تۆۋەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالتۇن قازغاچقا، تەبىئىي بايلىقنىڭ زور مىقداردا ئىسراپ بولۇشى كېلىپ چىقتى. ھەتتا ئالتۇن قازىدىغان جايىنى تارتىۋېلىش، باشقىلارنىڭ تاپاۋىتىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشنى كۆزلەپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى ئورمانغا تاشلىۋېتىدىغان... ئىشلار يۈز بېرىپ تۇردى. 1987-يىلى ئالتاي تېغىدا ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئارتۇق بولسىمۇ، دۆلەت ئەمەلىي سېتىۋالغان ئالتۇن ئاران 3394 گرام بولغان، كۆپ مىقداردىكى ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق قانۇنسىز ۋاستىلەر بىلەن چەتئەلگە تارقىلىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئالتاي تېغىدىكى ئالتۇن كانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش تەخىرسىز باسقۇچقا يېتىپ قالدى.

1990-يىلى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە گوۋۇيۈەننىڭ 75-نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە دۆلەتلىك ئالتۇن باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتۇن قېزىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قول ئەمگىكى بىلەن ئالتۇن قېزىشنى قەتئىي مەنئىي قىلىش؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوراللىق ساقچى تارماقلىرى قاتناش تۈگۈنلىرىدە چازا قۇرۇپ، ئۆتكەن-كەچكەن ماشىنىلارنى تەكشۈرۈپ، قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش، باشقا يەردىن كەلگەنلەرنى توسۇش ۋە يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىش؛ ئالتاي ۋىلايىتىگە كېلىۋالغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى تارماقلىرى ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېتىشكە مەسئۇل بولۇش؛ سودا، ئاشلىق، ماددىي ئەشيا تارماقلىرى تاغلىق رايونغا ئۆز مەيلىچە كىرگەن باشقا يەرلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىش، نەسىھەتكە قۇلاق سالمىغانلارغا ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسىلىرىنى بۇزۇۋېتىش، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى مۇسادىرە قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى چىڭىتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ماشىنىلاشقان ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشىنى «ئالتە تۈرلۈك ئۆلچىمى» بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، يۇقىرىغا يوللىنىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئالتۇن ئىشلەپچىقارسا بولىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

بۇنىڭ بىلەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئۆزگە قاراشلىق رايوندىكى كانلارغا قارىتا بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئېنىقلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. مۇئاۋىن ۋالىينىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى خۇسۇسىي ئالتۇن كانلىرى بىر قېتىم پۈتۈنلەي رەتكە سېلىنىپ، گوۋاھنامىسىز ئالتۇن قازغۇچىلار تاغدىن ھەيدەلدى. بۇ قېتىمقى ئېنىقلاش-تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئالتۇن تېغىدا ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ سانى بىردىنلا 8 مىڭ نەچچە يۈزگە چۈشۈپ، ئالتۇن كانلىرىنىڭ تەرتىپى ياخشىلىنىپ، ئالتۇن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

تاغلىرى يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى.

لېكىن بۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئۇزاققا بارمىدى. يەنە تېخىمۇ زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئالتۇن كانلىرى رايونىنىڭ گېئولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ چوڭ تىپتىكى ماشىنىلار بىلەنلا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشىدا ھامان قولايسىزلىقلاردىن خالىي بولماق تەس ئىدى. چوڭ تىپتىكى ماشىنىلار بارالمايدىغان بەزى رايونلاردا، يەنىلا كىچىك كۆلەمدىكى قول ئەمگىكى بىلەن كان ئېچىش ۋە ئالتۇن قېزىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ ۋەجىدىن 1992-يىلى، ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئالتۇن ئىشلىرى ئىدارىسىغا دوكلات يوللاپ، قول ئەمگىكى بىلەن ئالتۇن قېزىشقا روخسەت قىلىشنى يەنە تەلەپ قىلدى، بۇ تەلەپ ئالتۇن ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىشىش ئارقىلىق، ئالتۇن ئىشلىرى ئىدارىسى ھەر بىر ئالتۇن قېزىش ئەترىتىدىكى ئادەم سانىنىڭ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بەلگىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز يۈرگۈزۈۋاتقان نۇرغۇن سىياسەتلەرگە ئوخشاش، «بىرلىككە كەلتۈرگەن ھامان تىنجىپ كېتىش، قويۇپ بەرگەن ھامان قالايمىقانلىشىپ كېتىش» تەك ئەھۋال ئالتاي تېغىدىكى ئالتۇن قېزىش رايونىدا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەندى. شەخسلەرنىڭ قول ئەمگىكى ئارقىلىق ئالتۇن قېزىشقا يول قويۇلۇشى بىلەن ۋەزىيەت بىردىنلا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

شەخسلەرنىڭ ئالتۇن قېزىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا ھەر خىل كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئالتۇن قازغۇچىلار ئەترەتلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ئالتاي ۋىلايىتىگە يېتىپ كېلىشتىن توپلىنىپ، ئالتۇن قېزىشنى باشلىۋەتتى. 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1994-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ، ئالتۇن قازغۇچىلار ئەترەتلىرى چەكسىز زورىيىشتەك يۈزلىنىش شەكىللەندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئالتۇن ئىشلىرى ئىدارىسى ئالتۇن قازغۇچى ھەر بىر ئەترەتتىكى ئادەم سانىنىڭ ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەزى ئالتۇن قازغۇچى ئەترەتلەردىكى ئادەم سانى 4 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن تاغ قامال قىلىنغاچقا، ئۇ يەردىكى كۆپ قىسىم ئالتۇن قازغۇچىلار ئالتاي تېغىغا كەلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە ئالتاي تاغلىرىدا ئالتۇن قېزىشقا رۇخسەت قىلىنىپتۇ، ئەمدى ھېچكىم باشقۇرمايدىكەن، ئالتاينىڭ ئالتۇن كانلىرىدىن ئالتۇن كۆپ چىقىدىكەن، بىر كىشى بىر كۈندە ئاز دېگەندە تۆت گرامدىن جىق ئالتۇن ئالالايدىكەن، دېگەندەك يالغان-ياۋىداق گەپ سۆزلەر تارقالغانىدى. غايەت زور پايدا-مەنپەئەت، قولنى ئۇزاتسىلا ئالغىلى بولىدىغان خەزىنە-بايلىق توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقىنى ئەۋجىگە كۆتەردى. قىسقىغىنە بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يالغۇز لۇڭخۇي ناھىيىسىدىنلا ئالتايغا بىرقانچە مىڭ ئادەم كەلدى، ھەتتا شەرقىي شىمالدا ئالتۇن قېزىۋاتقانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن قېزىش سايمانلىرىنى ئېلىپ، تۈمەن چاقىرىم يولنى بېسىپ ئالتاي تېغىغا كەلدى... 1994-يىلىغا كەلگەندە ئالتاي تېغىغا ئالتۇن-گۆھەر ئىزدەپ كەلگەن ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 100 مىڭ كىشىگە يېقىنلاشتى. ئالتاي تاغلىرى يەنە بىر قېتىم مىسلىسىز تالان-تاراج ۋە بالا-قازاغا دۇچ كەلدى.

## كاڭ كۆلەملىك تەرتىپكە سېلىش

ئىنقىلاش-تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارماي بولمايتتى.

ئىنقىلاش-تەرتىپكە سېلىش — ئالتۇن كانلىرىدىكى تەرتىپنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىنى ئوڭشاشتىكى بىر خىل تولۇقلىما تەدبىردىن ئىبارەت.

1994-يىلى ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، كانلارنى تەرتىپكە سېلىش بىرلەشمە يىغىنى چاقىردى. ھەرقايسى ناھىيىلەردىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى

تەلەپ قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدە كانلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ باردى.

ئۇلار يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يىگىرمىدىن ئارتۇق ماشىنىنى سېلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم كانلارنى كەڭ كۆلەملىك تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى.

كانلارنى تەرتىپكە سېلىشتا، گۇۋاھنامىسىز ئالتۇن قازغۇچىلارنى ئېنىقلاش ئاساس قىلىندى، خىزمەت ئەترىتى ئېقىنغا قارشى مېڭىپ، ئېرىتىش دەرياسىنى بويلاپ ھەر بىر كان نۇقتىسىغا يەتكەندە، يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى يېڭى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئالماشتۇرۇپ بەردى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك كان باشقۇرۇش تارماقلىرى بىرلەشمە ھەرىكەت ئېلىپ باردى، ئۇلار فوتو ئاپپارات ۋە پولات تامغىنى ئېلىپ يۈرۈپ، ئالتۇن قازغۇچىلارنى نەق مەيداندا تىزىملاپ، گۇۋاھنامە بېرىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىردى، نەق مەيداندا تارتقان سۈرەتلەرنى كېچىلەپ يۇيۇپ چىقاردى.

كانلارنى تەرتىپكە سېلىش ئەترىتى قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى بەزى قانۇنسىز ئالتۇن قازغۇچىلار ئورمانلىققا مۆكۈنۈۋېلىپ، ئېنىقلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، بەزىلىرى كانلارنى تەرتىپكە سېلىش ئەترىتى بىلەن قارشىلىشىپ تۇردى. كۆكتوقاي ناھىيىلىك كان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياۋلىت دەرياسى ئۈستىدە ئېنىقلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، كالتەك كۆتۈرۈۋالغان سەكسەندىن ئارتۇق قانۇنسىز ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، قانلىق ۋەقە يۈز بېرىشكە قىل قالغانىدى.

كانلارنى ئېنىقلاش ئەترىتى گۇۋاھنامىسىز ئالتۇن قازغۇچىلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى، تەكرار-تەكرار تەشۋىق قىلىش ئاساسىدا، ھۆكۈمەتنىڭ كانلارنى تەرتىپكە سېلىش سىياسىتىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن گۇۋاھنامىسىز ئالتۇن قازغۇچىلارغا كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ تاغقا ئېلىپ كىرگەن ئۈن، دىزېلىن، ئالتۇن قېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېل-ماتور ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى مۇسادىرە قىلدى، ئۇلارنىڭ تاغ يانباغرىغا كولانغان گەمە ئۆيلىرىنى بۇزۇپ چىقۋەتتى، ئالتۇن چايقاشتا ئىشلىتىدىغان ياغاچ نو ۋە ئۇنىڭغا سەپلىنىدىغان ئەسلىھەلەرنى كۆيدۈردى، قانۇنسىز ئالتۇن قازغۇچىلارنى بولسا يىغىۋېلىپ يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتتى...

بەزى فوتو سۈرەتلەردە كولىنىپ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن دەريا ساھىلىدا ئەخلەتكە ئوخشاپ قالغان دۆۋە-دۆۋە ياغاچ تاختاي، ياغاچ نو، قول ھارۋىلىرى قويۇق ئىس چىقىرىپ كۆيگەن، تەرتىپسىز چېچىلىپ ياتقان دىزېل--ماتور، سۇ پومپىسىنىڭ زاپچاسلىرى ئاپتوموبىلغا قاچىلانغان جەريانلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بەزى سۈرەتلەردە چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىغا قاچىلىنىۋاتقان ئەسكى-تۈسكى كىيىم-كېچەكلەر، چىرايىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان گۇۋاھنامىسىز ئالتۇن چايقىغۇچىلار تارتىلغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايى سارغايغان، خاپا ۋە سۇلغۇن كۆرۈنەتتى، شۇنداقلا قانۇنسىز ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ تاغ باغرىنى كولاپ سېلىۋالغان بۇ گەمىلىرى ۋەيرانە تۇرماقتا ئىدى...

قوغدالغان بۇ ئالتۇن چايقىغۇچىلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ بۇ ئالتۇن كانلىرىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنىڭ مۇشۇنداق تەرىزدە ئاياغلىشىدىغانلىقىنى، يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىلىدىغانلىقىنى، ئالتۇن چايقاپ بېيىش خىيالىنىڭ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتە بەربات بولىدىغانلىقىنى بەلكىم ئويلىمىغان بولغىيتتى. ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئالتۇن كاندا ھارام يول بىلەن بېيىشى مۇمكىن ئەمەس. يىراقتىكى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى خام خىياللىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى سەزگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئەسلىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، پاي قوشۇش شەكلى بىلەن ئالتۇن قازغۇچىلار

ئەترىتى تەشكىللىگەن، ھەر بىرى 3 مىڭ يۈەندىن 5 مىڭ يۈەنگىچە پۇل چىقارغان. ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئاخىردا پايدىغا ئېرىشىدىغىنى كان خوجايىنلىرى، ئۇلار ئۆزلىرى بولسا كۆپ دېگەندە تۇرمۇش خىراجىتىگىلا ئېرىشەلىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار سالغان دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ، گاڭسا-جىسا بولۇپ پەقەت تاغقا قاراپ ئاھ ئۇرۇپ، پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالغاندى. ئۇلار ياپپېشىل ئالتاي تېغىدىكى ئەڭ ئېچىنارلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلار.

كانلارنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى نەتىجىگە ئېرىشتى. لېكىن، تۈزەشنى ئۈزۈپ قويمىغاندىلا ئاندىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

كانلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئالتۇن قېزىش كان رايونىغا بارىدىغان ياكى ئۇ يەردىن كەلگەن ماشىنىلارغا قارىتا، ئاپتوموبىللارنى توسۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى بىر تۇتاش بېجىرىشنى يولغا قويدى ھەمدە يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق چىقىرىپ، كان رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئالتۇنلارنى جۇڭگو خەلق بانكىسى ئالتۇن باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن نەق مەيداندا سېتىۋالىدىغانلىقى، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالتۇنلارنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق چىقاردى. ۋىلايەتلىك ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كانلارنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى ۋە ئالتۇن قېزىش كانلىرى رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئائىت ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشقا ماسلىشىپ، ھەيۋەتنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ، ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بېرىش خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشكە بەل باغلىدى.

ئالتاي ۋىلايىتىدە قارامىل، شىچاخې، قىزجار، خۇڭدۇن، قىرىن، ئورتونساي...

قاتارلىق مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالتۇن رودىسى يېقىندىن بايقالغاندىن كېيىن ئالتۇننى زامانىۋى ئۇسۇلدا قېزىش-چايقاشنىڭ سەھىپىسى ئېچىلدى. دۆلەت مەبلەغ سېلىپ، دولاناساي، سار بۇلاق — ئاقتاس، مارالبېت، قاشتوق قاتارلىق بىر تۈركۈم زامانىۋى كانلارنى قۇرۇشقا كىرىشتى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى زامانىۋى ئۇسۇلدا كان قېزىشقا كىرىشتى.

شىنجاڭدىكى يىللىق ئالتۇن مەھسۇلاتى 10 مىڭ سەردىن ئاشىدىغان تۇنجى ناھىيە كۆكتوقاي ناھىيىسى بولۇپ، ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسەن دۆلەت ئىلكىدىكى ئالتۇن كانلىرىغا تايانغان. دەل مۇشۇ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن، كۆكتوقاي ناھىيىسى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتا بىراقلا 10 مىڭ سەرلىك - ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتەلىگەن. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا ناھىيىسى يىللىق ئالتۇن مەھسۇلاتىنى 10 مىڭ سەردىن ئاشۇرغان ئىككىنچى ناھىيە بولۇپ، ئۇلار ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسەن مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچىنى توپلاپ، قوشنا ۋىلايەتلەر بىلەن كەڭ ھەمكارلىشىپ، ئىلغار تېخنىكا قوللىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان ئالتۇن قېزىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ شانلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئالتايدا كۆپلىگەن زامانىۋى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى بارلىققا كېلىپ، ماشىنىلاشقان ئالتۇن قېزىش-چايقاش دەۋرى باشلاندى. شۇنداقلا نۇرغۇن مۆجىزىلەر يارىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي شەھىرى بەنچاڭگو ئالتۇن كانىدىكى 30 ئىشچى بىر دانە ئالتۇن چايقاش نورى، 0.6 كۇب مېترلىق بىر دانە ئېرپا قېزىش ماشىنىسى، ھەر بىرى 120 ئات كۈچىگە ئىگە ئۈچ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، بىر گېنېراتور ئارقىلىق كۈنىگە 2531 گرام كېپەك ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوخشاش شارائىت ئاستىدىكى بىر كۈندە 2501.5 گرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتەك مەملىكەتلىك ئەڭ يۇقىرى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

*ئاخىرلاشمىغان خاتىمە*

بىز ئالتاي تېغىدىكى ئالتۇن كانلار توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقاندا، دەنچاك ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى.

مەن ئىلگىرى ئۇلارنى مەدھىيلىگەنىدىم، مەن يەنىلا ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ بەزى مەسىلىلەر، ئالايلۇق: ئېكولوگىيە، ئىنسانلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىكى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانلارغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقى ۋەھاكازالار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى توغرا تاپتىم. دەنچاك بۇ مەسىلىلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن مەن ئۇلار ھەقىقەتەن بىر خىل مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىۋاتىدۇ، بىر خىل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان دەپ قارايمەن. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ساغلام كۈچى، تەبىئەت دۇنياسىنى قوغداۋاتقان ساغلام كۈچ.

دەنچاك ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى ھامان كونكرېت دېلولار، كونكرېت ئوبيېكتلار، كونكرېت كۈرەش تاكتىكىسى، كونكرېت غەلىبە-مەغلۇبىيەتلەر.

مەن بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى — ئالتۇن سودىگىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان دەنچاك بىلەن ئالتۇن سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشقا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن ئۇچرىشىشقا بىۋاسىتە قاتنىشقا ئەمەس، بەلكى يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرۇپ ھەقىقىي، كىشىنى دەككە-دۈككىگە سالىدىغان بۇ ئۇچرىشىشنىڭ جەريانىنى كۆرۈشكە رۇخسەت ئالغانىدىم.

ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىمقىسى بىر ئۇچرىشىشلا ئىدى، شۇنداقتىمۇ مەن بۇنىڭدىن دەنچاكنىڭ قەيسەرلىكى ھەققىدە بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. ئۇچرىشىدىغان جاي بىر بەزمىخانا ئىدى، بۇ بىر ئادەتتىكە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. كىشىلەر بەزمىخانىدا ئولتۇرۇپ سودىلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. مەخپىي تىجارەت ئۈستىدە يوشۇرۇن پۈتۈشىدىغانلارمۇ شۇنداق قىلىشاتتى.

مەن دەنچاكنىڭ ياردەمچىسى بىلەن ئايرىم بىر ئۈستەلنى زاكاس قىلدۇرۇپ ئولتۇراتتۇق. دەنچاك يان تەرىپىمىزدە، كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان جايغا قويۇلغان ئۇزۇن كرېسلودا ئىككى بىلىكىنى كرېسلونىڭ ئىككى چېتىگە قويغىنىچە كېرىلىپ يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ رول ئېلىشنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مۇلايىملىق ۋە خۇش خۇيلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتىگە قاراپ ئۇنى خوجايىن دېسىمۇ لۈكچەك دېسىمۇ بولىۋېرەتتى. ئۇ تاماكىسىنى چېكىپ بولمايلا يەرگە تاشلاپ دەسسىۋېتەتتى.

بەزمىخانىنىڭ ئىچى گۈڭگا بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قارا كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتمىگەنىدى.

بارماقلىرىغا سەككىز دانە چوڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغانىدى.

شۇ ئەسنادا ياردەمچىسى مېنىڭ بىلىكىمنى يېنىككىنە تۇرتۇپ قويۇپ «كەلدى» دېدى.

بېشىمنى بۇراپ قارىسام بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى، «مېھمان» نىڭ دەنچاكنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئورۇق بىر ئادەم دەنچاكنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ بىر خوجايىننى باشلاپ كەلگەنىدى، بۇ خوجايىن ياۋروپاچە پوزۇر كىيىنگەن بولسىمۇ، لېكىن دەنچاكقا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا چۆكۈنەم كۆرۈنەتتى. دەنچاك ئورنىدىن تۇرمىدى، ئۇ يەنىلا كرېسلوغا يۆلەنگىنىچە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— كەپسىز-دە! — دېدى ئۇ ۋە ئىككى ئالقىنىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ بەزمىخانا خوجايىنىنى چاقىردى.

— سۆڭەك خوجايىن، نېمە تاپشۇرۇقىڭىز باركىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېھتىرام بىلەن.

— بېرىپ بەزمىخاناڭلاردىكى ئەڭ گۈزەل خانقىزلارنى باشلاپ كەل.

بەزمىخانا خوجايىنى كېتىپ، ھايال بولمايلا ئىككى خانقىزنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى.

دەنچاك قىزلاردىن بىرىنى يېنىغا تارتىپ سەپسالغاندىن كېيىن «مېھمان» غا:

— ھوي، بۇ قانداقراق؟ بولغىدەكمۇ؟ — دېدى-دە، مېھماننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا،

www.uyghurkitap.com

قىزغا قاراپ:

— هوي، سەن مۇنۇ خوجايىننى ياخشى كۆت، ياخشى كۆتسەڭ مۇكاپات ئالىسەن، — دېدى.

دەنچاڭ ئۆزىنىڭ ئۇزۇك سېلىنغان بارماقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۇۋۇلىدى. مەن باشقا بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئۇ شۇ تاپتا ھەرقانداق رولنى قاملاشتۇرۇپ ئويناپ چىقالايدىغان، كامالەتكە يەتكەن، رول ئېلىشىپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان ئۇستا ئارتىسنىڭ ئۆزىلا ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قول قويدۇم.

ئۇ ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ ھېلىقى خوجايىن بىلەن ئۆزىنى قاراڭغۇلۇقتا ئېلىپ پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى. ئۇ چاقىرتقان خانىقىز «مېھمان» نىڭ يېنىدا بولۇپ، «مېھمان» ئۇنى يانچە قاتتىق قۇچاقلىۋالغانىدى. دەنچاڭ بولسا قىز چاقىرماي، گويا بۇ ئىككىسىدىن ھۇزۇرلانغاندەك ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتى.

«مېھمان» قىزچاق بىلەن بىرنەچچە ناخشا ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ناخشىسىنىڭ ماختىغۇچىلىكى يوق ئىدى.

دەنچاڭمۇ ناخشا ئېيتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى بوم چىقاتتى. ناخشىنى مەردانە ئېيتتى، ئۇ ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ «مېھمان» ۋە قىزدىن «قانداقراق؟ قانداقراق؟» دەپ ئۈنلۈك سورىدى-دە، خۇش خۇيلۇق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بەزمىخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ كەتتى.

ئۇ كۈنى بىز ناھايىتى ئۇزۇنغىچە بەزمىخانىدا بولدۇق. بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى دەنچاڭنىڭ ياردەمچىسى ماڭا خوجايىن كەتمەي تۇرۇپ، بىزنىڭ كېتىشىمىزگە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىز ئاخىرغىچە ساقلاپ ئولتۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى.

بىز ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكى، نېمىنى پۈتۈشكەنلىكى ياكى قانچىلىك دەرىجىدە ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى قىلچە بىلمەيتتۇق. لېكىن، دەنچاڭنىڭ «مېھمان» بىلەن بىللە ئورنىدىن قوزغالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ نۆۋەت يەنە ئىشنى پۈتتۈرگەنلىكىنى جەزم قىلدۇق.

— ها، ها، — دەنچاڭ قىزنىڭ مەڭزىگە يېنىككە ئۇرۇپ قويۇپ، — سەن بەكمۇ خېلى ئوبدان كۈتتۈڭ، جۇمۇ، مەن بۇنىڭدىن خۇشال، مە، بۇنى ئالە، — دېدى-دە، بارمىقىدىن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ قىزغا تاشلاپ بەردى.

قىز ھەيرانلىقتا چۆچۈپ كەتتى، «مېھمان»-مۇ ھاڭ-تاڭ قالدى، ھەتتا بەزمىخانا خوجايىنىمۇ داڭقېتىپ قالدى. دەنچاڭ مېڭىۋىدى، بەزمىخانا خوجايىنى ھەممە ياللانما خادىملىرىنى دېگۈدەك ئەگەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بىز يىراقتا تۇرۇپمۇ دەنچاڭنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىدۇق...

مەن دەنچاڭنىڭ ۋەزىپىسى تاماملانغىچە كۈتۈپ تۇرالمىدىم. پەمىمچە ئۇ بۇ قېتىممۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان بىر خىل جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەيلى دوستلىرى ياكى دۈشمەنلىرى بولسۇن، ھەرقانداقى ئۇنىڭغا قول قوياتتى.

دەنچاڭ بىلەن خوشلىشىش ئالتاي تېغىدىكى ئاشۇ ئالتۇن كانلىرىدىن ئايرىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. مېنىڭچە بۇنى خاتىمە دېگىلى بولمايتتى. ئالتاي تېغى يەنىلا ئېگىزلىمەكتە، ئالتۇن كانلىرىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن رەزىللىكلەر يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالماقتا. قاباھەتلىك چۈش تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، شۇ تاپتا مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟

ئىنسان ھامىنى رەزىل مەخلۇق، دېيىشكە بولامدۇ-يوق؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ئىنسانلار ناۋادا ئۆزىنىڭ نەپسىنى باسالمىسا، ئاخىر بېرىپ ئۆزىنى-ئۆزى نابۇت قىلىدۇ. بەلكىم ئۈنلۈك ئاۋازدا: ئەي، ئىنسانلار، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىڭلار، كېلەچەكتىكىلەر ئۈچۈن بۇنداق ياۋايىلارچە تالان-تاراج قىلىش شەكلىدىكى ئالتۇن قېزىش-چايقاشنى توختىتىپ، تەبىئىي بايلىقلارنى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغدايلى! — دەپ قاتتىق خىتاب قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندۇ.

(خەنزۇچە «جۇڭگو يازغۇچىلىرى» 1995-يىللىق 5-سانىدىن قىسمەن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# ھالقىش

(ھېكايە)

ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)

سورۇن بارغانچە قىزىماقتا، كەيپىيات يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئەتراپتىكى دوستلىرىم قىزغىن چاقچاقتا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر كەيپىياتىم ياخشى بولمايۋاتاتتى. ئاچچىق ھاراق مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. مەن ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقان ماختاش ۋە مەدھىيىلەر گويا ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى ئېچىلىپ-يۇمۇلۇۋاتقان ئېغىزلاردىن، قىيسىيىۋاتقان، كىرىشىپ يېيىلىۋاتقان چىرايلاردىن تۆكۈلۈۋاتقان مۇز پارچىلىرىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يالغۇز، يەككە-يېگانە ھېس قىلدىم. ئالدىمدا ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرغان ئوماق سۆيگىنىم، ئۇنىڭ مېھرىلىك چىرايى بىردىنلا ناھايىتى يات ۋە ناتونۇش بىلىندى. ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك يۈز تېرىسى بىردىنلا سۇلياۋغا ئوخشاش يىرتىلىپ، ئەينەككە ئوخشاش چېقىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىن ناتونۇش، مەسخىرە ئويناپ تۇرغان كۆزلەر پەيدا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن؟ دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. مېنى ئىچ-ئىچىمدىن يىغا قاپلاشقا باشلىدى. كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلدى. زادى نېمە ئۈچۈن يىغلايمەن، نېمە ئۈچۈن ھەسرەت چېكىمەن؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بىر چاغدا ئاغىنەم كىرىپ كەلدى:

— ھوي ئۆمەر، سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈۋاتساق بۇ يەردە مۈكۈنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، يۈرە...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قولۇمدىن تارتىپ سورۇنغا ئېلىپ كىردى. كۆز ئالدىم خىرەلىشىشكە، تۇمانلىشىشقا باشلىدى. تەخسىدىكى بېلىقلا بىردىنلا جان كىرىپ ئېغىزىنى يۇمۇپ-ئاچقىنىچە پىلتىڭلىغىلى تۇردى. لېگەندىكى قوي گۆشمۇ تۇيۇقسىز بىر پۈتۈن قويغا ئايلىنىپ، جوزا ئۈستىدىكى سەيلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. دوستلىرىم 24 تال شام سانجىلغان تورتنى ئېلىپ كىردى ۋە مېنى پۈۋلەشكە، بۇ شاملارنى ئۆچۈرۈشكە ئۈندەشتى. مەن ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ بىمەجەت تۇرۇپ قالدىم. «ئاھ، خۇدا، مەن نېمىشقا ئۆز ھايات شامىمنى ئۆزۈم ئۆچۈرىدىكەنمەن؟ ئۇلار نېمىشقا مېنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىدىغاندۇ؟» ئۇلار مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ھەدەپ چۇرقىراشقىلى تۇردى:

— تېز بولە!

— تېز پۈۋلىمەمسىز...

ئۇلار مېنىڭ شامىمنىڭ ئۆچۈشىگە تەقەززا بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ مۇشۇ ئارقىلىق خۇشاللىنامدىغاندۇ؟ چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بار كۈچۈمنى يىغىپ قاتتىق پۈۋلىدىم. ئۆي، ئۆيلا ئەمەس قەلبىممۇ بىردىنلا زۇلمەتكە چۆكتى. ئۆلۈم... ئۆلۈم... ئۆلۈم... كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇلار چۇرقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى. خۇددى سوغۇق لەھەت ئىچىدە مۇنكىر-نەكىرلارنىڭ قىيىن-قىستاققا دۇچ كېلىۋاتقاندەك سىقىلىشقا باشلىدىم. مانا، ئۇلار تورتنى پارچىلاشقا، مېنىڭ تېنىمنى، مېنىڭ ھاياتىمنى پارچە-پارچە قىلىشقا كىرىشتى. تورتنىڭ كىچىككىنە قىپقىزىل گۈل قوندۇرۇلغان بىر پارچىسىنى مېنىڭ ئالدىمغا، شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر پارچىسىنى سۆيگىنىمنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. سۆيگىنىم پەخىرلىنىش، ئىپتىخارلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈيغۇسى بىلەن يۇمران لەۋلىرىدە — مەن تالاي قېتىم سۆيگەن نازۇك، ھارارەتلىك لەۋلىرىدە تورتىنىڭ بىر پارچىسىنى — ھاياتىمنىڭ، تېنىمنىڭ بىر پارچىسىنى پاك-پاكىز يەۋەتتى. ئۇنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرى ماڭا قان تامچىلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ پارچىلانغان تېنىمنى بىر پارچىدىن يېيىشتى. مېنىڭ ئالدىمدىكى بىر پارچە تورت قېپقالدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىچىككىنە گۈل بارغانچە قىزىرىشقا، بارغانچە جۇلالىنىشقا باشلىدى. ئۇلار مېنى تورتنى يەۋېتىشكە مەجبۇرلايتتى. قارىغاندا، ئۇلار مېنى يەپ تۈگەتمىگۈچە توختىمايدىغاندەك قىلاتتى. بولدىلا يەۋېتەي، ئۆزۈمنىڭ تەمى قانداقكىن؟ ئۆز بۆلىكىمنىڭ ئۆزۈمگە قوشۇلۇشى بىلەن تەسەۋۋۇرۇمنى تېخىمۇ غەلىتە خىياللار قاپلاشقا باشلىدى. سۆيگىنىمنى ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. يول بويىدىكى قاتار كەتكەن بوتىكىلار چوقچىيىپ تۇرغان قەبرىلەردەك، سۇس قىزىرىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن قانلىق يۈرەكتەك، چىراغ نۇرىدا يالىلداپ نۇرغان ئاسفالت يول كۆز يېشى بىلەن تولغان ئېقىندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ۋېلسىپىت مىنىپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا سۆيگىنىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھازىرقى ئورنى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. مەن داۋاملىق ئۇنى ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ بىرياقلارغا ئېلىپ ماڭاتتىم. ئۇنداقتا ۋېلسىپىتنى تەقدىرنىڭ ھارۋىسىغا ئوخشاتساق، ئۇ بۇ ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان خوجايىنغا، مەن ھارۋىنى سۆرىگۈچى ئېشەككە ئايلىنىپ قالامدىمەن؟ ئۇ مېنىڭ تەقدىرىمنى باشقۇرۇۋاتامدۇ ياكى مەن ئۇنىڭ تەقدىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتىمەنمۇ؟ بىر ھارۋىدا ئولتۇرۇپ بىر يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقان، بىر-بىرىگە مەھكەم باغلىنىپ قالغان بۇ ئىككى جانلىقنىڭ روھىي دۇنياسى، ئوي-خىيالى، مىجەز-خاراكتېرى باشقا-باشقا بولسا-ھە! خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ دوقمۇشتىن قايرىلىشىمغا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ئاپتوموبىل يېنىمدا قاتتىق تورمۇز قىلىپ توختىدى.

— ۋاي، ئۆمەر... — سۆيگىنىم كەينىمدە ۋارقىرىۋەتتى. مەن ماشىنىغا قاراپ پىچىرلىدىم: «ئەخمەق، مېنى نېمە ئۈچۈن بەختىمنى مەھرۇم قىلىسەن؟» ئاۋازىم ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟ — ئۇ ۋېلسىپىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ مەندىن سورىدى. مەن «ھېچنېمە» دەپ قويۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. خىيالىمدا مېنى ئاپتوموبىل بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن كۆرۈنۈش گەۋدىلەندى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانغا مىلەنگىنىمچە سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدىم. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر كۆرۈپ: «ۋاي ئىست، ئەجەب ساغلام ئېشەككەنتۇق، كىمنىڭ ئېشىكىدۇ؟» دەپ ئىچ ئاغرىتىشتى. سۆيگىنىم «ۋاپادار ئېشىكىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئەمدى باشقا ئېشەك تاپاي» دەپ ماڭچىيىپ كەتكەن تەقدىر ھارۋىسىنى سۆرىگىنىچە مېڭىپ كەتتى...

سۆيگىنىمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋېلسىپىتتىن چۈشتۈم ۋە ۋېلسىپىتنى ئۇنىڭغا بېرىپ ئۈنسىز تۇرۇپ قالدىم. يەنە شۇ قاپقارا چاقناۋاتقان بىر جۈپ كۆز، سۈپسۈزۈك، سۆيۈملۈك چىراي... ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئاستا قولۇمنى قويدۇم.

— مېھراي، جېنىم مېھراي، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق، بىراق سىز مېنى چۈشەنمەيسىز... ئاھ خۇدا... بولدى خوش...

كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا مېڭىپ كەتتىم.

— ئۆمەر، نېمە بولدىڭىز... — ئۇنىڭ ئېلتىجالىق ئاۋازى قايغۇلۇق ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ قۇلىقىمغا ئۇرۇلدى. «قىزىق، مېنى چۈشەنمەيسىز؟ دۇنيادا زادى كىم بىر-بىرىنى چۈشىنىدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سەن ئۆز-ئۆزۈڭنى قىلچە چۈشەنمەيۋاتقان يەردە، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟» كوچا سوغۇق، چىراغلار سوغۇق، يۈرىكىم سوغۇق، ھەممە نەرسە سوغۇق ئىدى. سوغۇق مۇھىتتا چاپىنىمغا مەھكەم ئورىلىپ يالغۇز كېتىۋاتىمەن. پىيادىلەر يولىدا يېيىلىپ ياتقان سارغۇچ خازانلارنىڭ سۇس ئىڭراشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولدى. بىر تال يوپۇرماقنى قولۇمغا ئېلىپ يۈزۈمگە، كېيىن كۆكسۈمگە باستىم. مۇزدەك يوپۇرماق خۇددى مېنىڭ مۇزدەك يۈرىكىمگە ئوخشاش ئاجىز

تىترەيتتى. ئالدىمدىن بەش-ئالتە مەست چىقىپ كەلدى، ئۇلار ھەدەپ ۋارقىرايتتى. تويۇقسىز ئۇلار مىسكىن يۈرىكىمنى كوچىدىكى خازانلارنى دەسسىگەندەك دەسسەپ چەيلەۋاتقاندەك، يۈرىكىم شۇ ياپراقلارغا ئوخشاش پەرياد لىق ئىڭراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يۈرىكىمنى دەسسەۋاتقان زادى كىم؟ ئۇلارمۇ، مەنمۇ ياكى مېھرايمۇ؟

ئۆزۈمنى يۈرەكسىز تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئەپسۇس تاشقى دۇنيانى ھېس قىلىۋاتقان كۆزۈم، بۇرنۇم، قۇلىقىم ھېلىھەم ئازابنى سۇمۇرمەكتە. توغرا، ئەگەر باشسىز بولسامچۇ؟ كاستۇمىنى كىيىپ، باشسىز بوينۇمغا گالىستۇكنى تاقاپ كوچىغا چىقتىم. خەقلەر قانداق ئويلاپ قالار؟ ئەگەر ھەممە كىشى مۇشۇنداق بولسىچۇ؟ ھېچنەرسىنى كۆرمىسەم، ھېچنەرسىنى سەزمىسەم، ھېچنەرسىنى ھېس قىلمىسام... ئاھ خۇدا، بۇ يەنە ئۆلۈمدىن ئىبارەتقۇ؟! ئۆلۈم... ئۆلۈم... ئۆلۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس، لېكىن ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئاقىۋەت بەك قورقۇنچلۇق بولامدۇ-قانداق؟ جانسىز مۇردىنى ئايلىنىپ دوراخ ئوتىدا كۆيسەك، قۇرت-قوڭغۇزلارغا يەم بولساق، ياق، ياق... ھېلىمۇ كۆيۈۋاتقىنىمىز ئازمۇ؟ ھېلىمۇ كۈندە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتىمەنغۇ؟! دۇنيادىكى مەن ئۇچۇن ئەڭ ئىللىق جاي بولغان كارىۋىتىمغا قايتىپ كەلدىم. مەن ئىسسىق يوتقان ئىچىدە قىپيالىڭاچ ياتماقتىمەن. تويۇقسىز تېنىمنىڭ ھەر بىر پارچىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزۈلۈپ قالايمىقان ئۇچۇشقا باشلىدى. مانا قولۇم، پۇتۇم، سۆڭەكچىم ئۇچماقتا. توغرا، ئەگەر كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان قۇشقا ئايلىنىپ قالسامچۇ؟ قۇشلارنىڭ دەردى يوقمىدۇ؟ بىپايان ئاسماندا غەمسىز ھالدا ئۇياقتىن-بۇياققا ئۇچۇپ يۈرسەم. ياق، ياق، قۇشلارمۇ خاتىرجەم مۇھىتقا، ئىللىق ئۇۋىغا، دائىملىق يېمەكلىككە مۇھتاج بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرمايدۇ-دە! توغرا، بىرەر ھايۋانغا ئايلىنىپ قالسامچۇ؟ مەسىلەن، بىرەر موزاي ياكى كۈچۈككە. موزاي بولسام، ئىگەم مېنى ئىللىق ئېغىلغا سولاپ قويۇپ ئەتىدىن-كەچكىچە باقسا، يېگەن نەرسىلىرىمنى كۆشەپ ھېچقانداق ئىش قىلماي ياتسام... ئاندىن سەمرىپ كەتسەم... ئاھ خۇدا، بۇ چاغدا ئۇلار چوقۇم مېنى ئۆلتۈرۈشىدۇ. پۇت-قولۇم مەھكەم باغلىنىپ، يۈزۈم قىبلىگە قارىتىلدى-دە، قاسساپنىڭ يوغان پىچىقى بوينۇمغا رەھىمسىزلەرچە سۈرۈلۈپ كەلدى. قېنىم شارىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. كۆزۈم ھەرىكەتسىز ھالدا دۇنياغا نەپرەت بىلەن تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈشكەندىن كېيىن تېرەمنى سويۇپ ئەيلەپ ناغرا ياساشتى. مېنىڭ تېرەم سۆپسۆزۈك بولغاچقا شۇنداق كۆركەم، چىرايلىق ناغرا پۈتۈپ چىقتى. ناغرا توقمىقى ھەر قېتىم ناغرا گەردىشىگە يېپىلغان تېرەمگە ئۇرۇلغاندا، مەن «ۋايجان، ۋايىەي» دەپ ۋايساپ چىقاتتىم. كىشىلەر «بۇ ئاۋازى بەك ساز ناغرا ئىكەن» دەپ ماختاپ كېتىشتى. ئەگەر مېنىڭ تېرەمدىن خۇرۇم چاپان ئىشلەنسىچۇ؟ مېنىڭ تېرەمدىن ئەڭ سۈپەتلىك بىر ئايالچە خۇرۇم چاپان ئىشلەندى. بۇ چاپاننى كىيىمگە ئامراق سۆيگىنىم مېھراي قىممەت باھادا سېتىۋالدى. مېھراي مېنىڭ تېرەمدىن ئىشلەنگەن خۇرۇم چاپاننى كىيىپ، كەچلىكلىرى باشقا يىگىتلەر بىلەن بىرگە بولسا... ئاھ خۇدا، بۇ ئازابقا مەن قانداق چىدايمەن. قانداق چىدايمەن... ياق، ياق، مەن ھەرگىز موزاي بولمايمەن، ئۇ چاغدا مەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە مەڭگۈ ئازابلىنىۋېرىدىكەنمەن. دوزاخ ئازابى دېگەن مۇشۇمىدۇ؟

يەنە كارىۋىتىمغا قايتىپ كەلدىم. مانا ئىسسىق يوتقان ئىچىدە قىپيالىڭاچ ياتماقتىمەن. ۋۇجۇدۇمدىكى ھەر بىر ئەزانى، ھەر بىر ھۈجەيرىنى ئاستا-ئاستا، تەپسىلىي سىلاپ چىقتىم. نېمىدېگەن راھەت-ھە! يالغۇز ھالدا ئۆز تېنىدىن ھۇزۇرلىنىش نەقەدەر راھەت! بولدى، يۈرەكسىزمۇ بولماي، باشسىزمۇ بولماي، قۇشمۇ بولماي، موزايمۇ بولماي، پەقەت ئۆز-ئۆزۈمگە ھەمراھ بولۇپ، ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ ئىسسىق كارىۋىتىمدا گىرىمسەن خىياللارغا ھەمراھ بولاي، مەڭگۈ چۈش دۇنياسىدا ياشاي، مەڭگۈ تۇغۇلغان كۈنۈمدە ياشاي...

**(«ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى»نىڭ 1995-يىلى 9-دېكابر سانىدىن ئېلىندى).**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ھالقىش ئۈچۈن ھالقىش

—« ھالقىش » ناملىق ھېكايە ھەققىدە

ئەكبەر داۋۇت تەنھا

بىز ماھىيەتنىڭ ئېنىقلىقىنى ھەققەتەن چۈشەنمىسەك كېرەك. لېكىن بىزگە نىسبەتەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش ۋە شەرھىنامىسىگە ئۆز سەپسەتىلىرىمىزنى بايان قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ توغرىدا توختالغىنىمىزدا، يەنىلا پەرىشتىلەرچە ئالاھىدە ئېتىقادلىرىمىز — چوڭقۇر تەپەككۇرىمىز، يەنى نېرۋانىغا تۇتاشقان ئارقانغا مەھكەم ئېسىلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

ھاياتنىڭ شادلىق پەللىسىدىكى بەخت گۈلى بەلكى نۇرغۇنلىغان تراگېدىيە پەسىللىرى ئارا ئېچىلغان بولىدۇ. بۇ كۆرۈنمەس تراگېدىيە ئۇچقۇنلىرى سېنىڭ ئۆزۈڭدىن ھالقىغان ۋە « ئۆز » ۈڭنى تېپىشمۇ كونكرېت ھالەتتە كۆرەلىگەن ئەقىل كۆزۈڭدە يېلىنجىسا، شۇ چاغدا سەن قايتا تۇغۇلۇشۇڭ مۇمكىن...

توغرا! تۇغۇلغان كۈنۈڭدە سەن راستىنلا ئىنكار قىلغۇسىز ھالەتتە قايتا « تۇغۇلدۇڭ ». بۇ تۇغۇلۇشنى پەقەت سەنلا ھېس قىلدىڭ، بۇ تۇغۇلۇش سېنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئەسەبىلىرىڭگىمۇ قايتا جان بەردى. « سەن » ساڭا ۋە سېنىڭ ماكانىڭغا ھەققىي زەن سالدىڭ... چىڭقىلىۋاتقان يۈزلەر، تۇزۇۋاتقان كۆلكىلەر سېنىڭ تېخى مەۋھۇم ماھىيىتىڭنىڭ تۇساقلىرىنى بۇزۇپ، « ئۆز » ھاياتىڭنىڭ قىممىتىنى گاللىشىپ كەتكەن تەپەككۇر بىسىغا تەكرار سۈركەشتىن ئىبارەت تاللاش جەريانىغا باشلىدى. سېنىڭ دەقىقە بويلاپ تۇغۇلۇشلىرىڭ چۆچەكلەر ئارىسىغا « ھالقىش » نىڭغا سەۋەبكار.

بېلىق تىرىلدى-يۇ، ئۇققا ئايلاندى، خۇددى كوپىدو ① نىڭ يا ئوقىدەك سېنىڭ ئىجتىمائىي پەزىلىتىڭنى ئۆلتۈرۈپ، سېنى ئۆز دۇنيارىڭغا ئاپىرىدە قىلدى.

قوي پۈتۈنلەندى — سەن پارچىلاندىڭ. دېمەك، ھايات بىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىرنى يوقىتىشتۇر.

« بولدىلا يەۋېتەي، ئۆزۈمنىڭ تەمى قانداقكىن؟ » بۇ سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ جەريانىغا تۈنجى قېتىم ئىككىلىنىش ئىچىدە قەدەم بېسىشىڭ ئىدى.

سەۋەب شۇكى، بىمەنىلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىيلىق سېنى مەجبۇرىي ئۈمىدسىزلەندۈردى، ئەمەلىيەتتە ئۈمىدسىزلىنىش — بارلىق ئۈمىدلەردىن ۋاز كەچتۈرەلىگۈدەك ئاداققى بىر مۇقەددەس ئۈمىدنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سەن شامنى ئۆچۈردۈڭ، ھەممە ياق زۇلمەت! راستىمدۇ؟... ئىشتەي نەغمىسىگە چۆمگەن بۇ جايدا ئۆچمىگەن سەنلا قالدىڭ، سېنىڭ يالقۇنۇڭ سېنى قايتا شائىرلىق تۇغۇمى بىلەن قىيىندى، سەن زۇلمەت باسقان سورۇندىن زۇلمەت باسقان كوچىلارغا، بىنالارنىڭ ئارىسىغا يېپىلدىڭ، ئۆلۈم پەرىشتىلىرى كۆيۈڭگە جۆر بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى گۈلۈڭنىمۇ تېنىڭگە دەپنە قىلىۋەتتى.

ئويلان! بۇ جەرياندا ئۆزۈڭنىمۇ سەزمىگەن

ھالدا نىرۋاناغا تىۋىنغان زاھىدقا ئايلىنىشىنىڭ ياكى مىستىتزىمنىڭ ئەڭ سادىق مۇخلىسى بولۇشىنىڭ شەرتىنى ھازىرلىدىڭمۇ-قانداق؟

ھالبۇكى، «ئۆلۈش پۈتۈن ئۆمۈردىكى پەقەت قىلمىسا بولمايدىغان بىر قېتىملىق ھەشىمەتلىك ھەرىكەت» ②.

تۇغۇلۇشلىرىڭ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇغۇم بىلەن ئۆلۈم ئاللانىڭ ئىرادىسى بولسىمۇ، لېكىن «ئۆز»گە مەنسۇپ «تۇغۇلۇش» ۋە «ئۆلۈش» ئۆمۈردىن ئىبارەت شەكىلسىز ئوقنىڭ مۇئەييەن نۇقتىلىرىدا ھەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

«قاتار كەتكەن بوتكىلار قەبرىلەرگە» ئايلىنىپ، «كوچا چىراغلىرى ئۆچۈپ كەتكەن قانلىق يۈرەك» بولۇپ، «ئاسفالت يول كۆز يېشى بىلەن تولغان ئېقىندەك» ھاياتىنى پارا ئېلىپ چىرىكلىشىپ كەتكەن سەزگۈلىرىڭگە توختاۋسىز زەربە بېرىپ، سېنى ئۆزۈڭنى سوئاللار بىلەن بوغۇشقا يۈزلەندۈرىدۇ، سۆرەپ ماڭغان بەخت ھارۋاڭدىن گۇمانلاندۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئىجتىمائىي ئورنۇڭ ۋە ئادەمىيلىك قىممىتىڭنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئېچىدىكى مۇقەددەس ئۈمىد ساڭا ئۆزۈڭنى غايىۋى، نۇقسانسىز بىر پەللىگە كۆتۈرۈش، يەنى ئۆزۈڭنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

خىياللىرىڭ ئارىسىغا شۇنى قىستۇراي: ماكچايىغان تەقدىر ھارۋىسى ھەرقاچان ساڭا قوشۇقلۇق، ھايۋانىيلىقنىڭ ئەزەلدىنلا ياشاشنىڭ ئۆزگەرمەس بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن، «مەن» دەپ سۆزلەۋاتقان سىلەرمۇ بۇ نۇقتىغا باش لىڭشىتماي ئامالسىز؟! بۇ خۇددى ئۆزۈڭدىن ئەجەبلىنىپ «قىزىق، مېنى چۈشەنمەيسىز؟ دۇنيادا كىم مېنى چۈشىنىدۇ؟ زادى كىم مېنى چۈشىنىدۇ؟ زادى كىم بىر-بىرىنى چۈشىنىدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دېگىنىڭدەكلا بىر ئىش.

ھالبۇكى، ئەسەبلىرىڭ يۇقىرىقى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتقان چاغ ھايۋانىيلىقنىڭ يوقىلىشى، ئادەمىيلىكنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىپ چىقىشىدۇر. ئاتالمىش «ئىنسان قىممىتى»مۇ دەل شۇنىڭدا بولسا كېرەك...

ئەگەر سەن راستتىنلا خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك كېيىككە ئايلىنىپ قالغان بولساڭ، پەقەت ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىڭلا ئىپادەڭ بولۇپ قالاتتى. سەن ئاشۇ كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ قارا! شۇ چاغدا سەن ھەممىدىن ۋاز كېچەتتىڭ، چۈنكى ھەسرەتلىك كۆزلىرىڭ قىممىتىڭنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىگە كۆتۈرەتتى.

بۇ نۇقتىغا كەلگەندە سەن چۆچەكلەرنىڭ سېھىرلىك ئىشىكىنى چېكىپ بېقىپ ئاچالمىغان چۆچەكچى.

كېيىنكى مىسالدا سېنى فرانىزكافكانىڭ ئىككىنچى ئۆزى — گىئورگى سامشاغا ③ غا ئەسلا يېقىنلاشتۇرغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ؛ چۈنكى گىئورگى سامشا ئۆزىنىڭ قۇللارچە سادىقلىقىغا قايتا تۇغۇلالماي ئۆلۈپ كەتتى. سەن بولساڭ ھازىرچە كارىۋاتىڭنىڭ زاكىغا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلسەن، ئەپسۇس، سەن ھالقىيالمىدىڭ ياكى ھالقىشىڭ سىجىللىقىنى يوقاتتى. بەس! بىر كۈنلەر كۈندە تۇغۇلۇپ زاكىغا يۆگىلىشىڭ، مەڭگۈ «تۇغۇلغان كۈن»دە تۇرۇپ «چۈش دۇنياسىدا ياشاش»نىڭمۇ ئازابىنى ھېس قىلىپ قالسەن! خەيرىيەت سېنى قارا باسمىغاي!...

---

① كوپىدو — قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى سۆيگۈ ئىلاھى.

② گىئورگى سامشا — كافكانىڭ «شەكىل ئۆزگەرتىش خاتىرىسى» ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمان.

③ بۇ جۈملە يازغۇچى جاڭ شەنلياڭنىڭ «ئۆلۈمگە ئادەتلىنىش» رومانىدىن ئېلىنغان.

**(«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1996-يىل 31-يانۋار سانىدىن ئېلىندى).**

# مەرھۇم شائىر ۋە تەقرىزچى دىلشات

ماھمۇد زەيدى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىمىز 1984-يىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىشنى پىلانلىغان مەزگىللەردە، مەن 30-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي ھاياتىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ماتېرىياللار بۆلۈمىدە گېزىت-ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ چىقتىم. بۇ جەرياندا ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر يېزىلغان نەرسىلەرنى ئۆزۈم ياقتۇرغان ۋە ياخشى دېگەنلىرىمنى رەتلەپ چىقتىم. كېيىن ئوقۇسام ئىچىدە دولانى، چاقماق، دىلشات، زېرەك، قىزىق... قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى، جۈملىدىن دىلشاتنىڭ ماقالە، شېئىرلىرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى، مېنى زوقلاندۇردى. دىلشات دېگەن زادى كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن پېشقەدەملەردىن سوراپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا مەدەنىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا خىزمەت قىلغان ئابلىتىپ راخمان ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى يىغىش ئۈچۈن 43 — 44- يىللارنىڭ گېزىتلىرىنى كۆرمەكچى بولغانىدىم. لېكىن شۇ يىللارنىڭ توپلاملىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالغانىكەن، بارلىرى پەقەت بىرنەچچە ئاينىڭلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇرۇنقى توپلىغانلىرىمنى تەكرار ئۆگىنىپ بۇ ماقالە بىلەن ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ چىقتىم.

## دىلشاتنىڭ ئىجادىي ھاياتى

دىلشات (ئابلىتىپ راخمان) 1921-يىلى كورلىدا تۇغۇلغان. 30-يىللاردىكى يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئاما ئىچىدە تونۇلغان. 1939-يىلى ھەرقايسى جايلاردىن ئىلغار ياشلار تاللىنىپ ئۈرۈمچىدە «ئۆلكىلىك مەدەنىي كادىرلار كۇرسى» (بىر يىللىق) تەشكىل قىلىنغاندا ئابلىتىپ راخمان بۇ مەكتەپكە تاللىنىپ تەربىيىلەنگەن. كۇرسنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەچكە، 1940-يىلى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان ھەمدە ئۆتكۈر خاراكتېرىدىكى تەقرىزلەر يېزىپ سانايى نەفىسە ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. شۇ يىللاردا 20 ياشلىق بۇ زىيالىي خىزمەت ئىقتىدارى ۋە مۇئامىلىدىكى چىۋەرلىكى بىلەن جامائەت ئەربابى بولۇپ تونۇلغان، ھەمدە دىلشات ۋە خالىس دېگەن تەخەللۇسلاردا گېزىت-ژۇرناللارغا ھەر خىل ژانىردا ماقالىلەر يېزىپ ئېلان قىلغان. 40-يىللارنىڭ ئاخىرىدا سالامەتلىكى ناچارلىشىپ مۇۋاپىق ھاۋا شارائىتى ئىزدەپ، ئۆز يۇرتى كورلىغا قايتىپ كەلگەن.

ياش شائىر كورلىغا بارغاندىن كېيىنمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان. گېزىتلەرگە داۋاملىق ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇنىڭ يازغان «پېرىخون» ناملىق درامىسى سەھنىلەشتۈرۈلگەندە ئاما ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. بۇ دراما بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ يادىدا يېقىنقى زامانلارغىچە ساقلانغان. دىلشاتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1943-يىلىدىن باشلانغان. «تەقدىر بىلەن تەنقىدنىڭ كۆتكىنى بىر» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىسى

ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان. ئۇ «شەيتان خەلپەت» ناملىق ھېكايىسىدىن باشقا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. «مەھبۇب پىراقىدا»، «11 بېتىم» ۋە «يار ئىشقىدا»، «گۈلگە ئەرز»، «پىغان» ۋە «جانان ئۈچۈن» قاتارلىق شېئىرلىرى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 40-يىللىرىدىكى ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىنغان.

دىلشات كىچىكىدىنلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلاپ، شېئىر يېزىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ھەۋەس قىلىپ، غەزەل شەكلىدە ياخشى غەزەللەرنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خوراپاتلىققا ئوت ئېچىش، يېڭى مەدەنىيەتكە ئىنتىلىش، خەلقىمىزنىڭ ھۆرلۈك-ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلەرگە بولغان ھېسداشلىقى يارقىن ئىپادە قىلىنغان. شائىر بېتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن «11 بېتىم» ھەققىدە مەخسۇس شېئىرلارنى يېزىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى بىلدۈرگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا سادىق يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ بېتىمنىڭ ئىجرا بولۇشى ئۈچۈن ۋە خەلقىمىزنىڭ ھۆر-ئەركىن ھاياتقا ئېرىشىش يولىدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش لازىملىقىنى ئىپادىلەپ: «يار ئىشقىدا» ناملىق شېئىرنى ئېلان قىلغان. ئۇ شېئىرىدا:

يولۇمدۇر مۇشەققەت، مەنزىل بەك ئۇزاق،
بىلمەن: ياۋ قەستى، يول ئۈستى تۇزاق.
قەست قىلغان پەس بولۇر، بېسىپ شۇم ئاياغ،
بولسۇنلەر خارابە دۈشمەن ھەر زامان.

دەپ يازىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ جەسۇر ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىز دىلشات شېئىرلىرىدىن دېئالىستىك مېتود بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ رومانتىزملىق روھ چاقناپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دىلشات 40-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇسۇپ چىققان تالانت ئىگىسى ئىدى. بىراق ئۇ ئۇزۇن ياشىيالمىدى. زىيادە نامراتلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن 1950-يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

تالانتلىق شائىر دىلشات ئاز ياشىغان (ئۇ 30 ياشلارچە) بولسىمۇ، ساز ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوپتىمىستىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەرلىرى ۋاقىت ئۇزارغانچە شۇنچە يارقىن نۇر چاچىدۇ. تارىخ ئۇنى ئەسلەيدۇ.

دىلشات 40-يىللاردا تەقرىزچىلىك بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ «تەقدىر بىلەن تەنقىدنىڭ كۈتكىنى بىر» ناملىق تەقرىزى ۋەكىللىك خاراكتېردىكى مۇھىم ماقالىسىدۇر (ماقالە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1943-يىلىدىكى ئەدەبىيات گۈلزارى بېتىدە: 129-، 130-، 131-، 132-، 133-، 134-سانلىرىدا بېسىلىپ چىققان).

بۇ ماقالىدە ئاپتور ئۆلكىلىك سانايى نەفسە ئۆمىكىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە كونكرېت، چوڭقۇر تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەنئەت كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. سەنئەتنىڭ خەلقچىللىقى بىلەن سەنئەتنىڭ يېڭىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دېئالېكتىك مۇناسىۋەت ھەققىدە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن غايەت ئاكتىۋال كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاپتور كەڭ سەنئەتچىلەردىن «مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئومۇمەن سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، سەنئەت تارىخى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ، سەنئەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق يولغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەۋسىيە قىلار ئىدىم» دېگەن سەممىي ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆز مىللىي سەنئىتىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش لازىملىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۇقىرىدىكى، مەزمۇنلار دىلشاتنىڭ ماقالىسىنى تەكرار ئوقۇغاندىن كېيىنكى يۈزەكى ھېس قىلغانلىرىم. ئۇ چوڭ ھەجىملىك ماقالە بولغانلىقتىن، بۇ تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلار ئۇنىڭ ئومۇمىي روھىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلىگەن بولۇشى ناتايىن. شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەككى، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر سەنئىتىنى بىلىشىمىزدە چوڭ بىر ئەيىنەك بولۇشقا مۇناسىپ.

ياش شائىرىمىز — مەرھۇم دىلشاتنىڭ ھاياتلىق گۈلى بالدۇر ھەم ئېچىنىشلىق توزۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى شائىر ھاياتىدىن كۆپ ئۇزاق ياشىماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇنتۇلغىنى يوق. شائىر ئەينى زاماندا كىتابخانلارنىڭ شېرىن ئۈمىدىنى، خەلقنىڭ ئەتكى ھاياتىنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە بۇ روھ شېئىرىي مىسراسىغا سىڭدۈرۈلگەن.

ياش شائىر ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، قەلىمىنى سىنىغاندى. قولىمىزدا ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا بېسىلغان بىرقانچە پارچە ئەسىرىلا بار. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىن 100 دىن ئارتۇق شېئىرىي مەخسۇس بىر چوڭ دەپتەردە ساقلانغانىكەن. شائىرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئېيتىشىچە مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا ئاتالمىش «قىزىل قوغدىغۇچىلار» بۇلاپ ئېلىپ كېتىپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرگەن. شۇڭا تۆۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىمىزدە بار بولغان بىر قەدەر ياخشىراق بىرقانچە شېئىرىنى بەردۇق.

## دىلشات شېئىرلىرىدىن

## جانان ئۈچۈن

كۆزلىرىم تالدى يولدا ـ مېھرىبان جانان ئۈچۈن،
كەلسە بىر قاشمىغا دەپ، كۆكسۈمدىكى ئارمان ئۈچۈن.

نەچچە دەۋرانلار ئۆتۈپ، دەۋران تاپالماي تەلمۈرۈپ،
سەن سىزىن كەلمەس بۇ دەۋران، سەن بىلەن دەۋران ئۈچۈن.

لەيلى دەپ مەجنۇن سۈپەت، ئالەم كېزىپ سەرسان بولۇپ،
يۈرگىنىمدە مەئنا كۆپ، كۆڭلۈمدىكى رەيھان ئۈچۈن.

مەر كېنۇك يۈز يىلغا تەڭ بولدى سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
بىر كېلىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىل، تەلمۈرەم جەۋلان ئۈچۈن.

تا ھاياتىم بارىدا جان قاقشىتىپ بىر كەلمەسەڭ،
جان چىقار چاغدا كەلگىل، بىر يۇتۇم ئېھسان ئۈچۈن.

رەھىمسىز ئىشق ئەھلىگە قىلماق جەفا ئادەتمىدۇر؟
تاشلا نازىڭ بولسا گەرچە، ھەر سەھەر نالەم ئۈچۈن.

ۋەسلىگە يەتمەكنى مەقسەت ئەيلىسەم مۈشكۈل دېدى،
مەيلى مۈشكۈل بولسا، بولسۇن ئەمگىكىم سەن جان ئۈچۈن.

تىلغا نامىڭنى ئېلىپ زىكرى ئەيلىمەك كەسپىم ئىرۇر،
ھەر دەم جىسمىمغا ھالاللىق سالغىلى دەرمان ئۈچۈن.

ناز قىلىپ ئويناپ كۈلۈپ، سېھرىلە كۆز ئويناتىپ،
سۆيۈپ «كۆڭلۈڭدە مەھكەم تۇت» دېگەن پەرمان ئۈچۈن.

نەقىلۇرمەن كاج پەلەك بەختىمگە يار ئەتمىسە،
تا ئەزەل بەختىم قارا، دىل غەمدە سەرگەردان ئۈچۈن.

تان كېچەرمەن ئىشقىدىن ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئەغيار ئىلە،
بىلكى مىڭ جان بولسا تۇتتۇم بىر كۈرەش مەيدان ئۈچۈن.

قانچە كۈلپەتلەردە قالسام يانمىغاي ھەرگىز بېشىم،
دىلرەباغا يەتمىسەم دەپ...! ئەھدە ئىلە پەيمان ئۈچۈن.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1949-يىلى 21-ماي «ئەدەبىيات گۈلزارى» 12-ساندىن).

## مەھبۇب يۇراقىدا

ئىشت ئەرزىمنى ئەي دىلبەر، سېنى دەپ خاكسار بولدۇم،
گۈزەل ۋەسلىڭگە ھەجەپمۇ، بىتاقەت ئىنتىزار بولدۇم.

قارامۇ بەختىمە بول كۈن، نېچۈك ھالىمغا باقمايسەن،
سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆپ يىغلاپ، يىلاندەك تولغۇنار بولدۇم.

ئېگىز تاغ باشىغا چىقسام كى شېرىن ئىزى ئۈچقاچتى،
شۇڭا تاغلار كېسىشكە پەرھاد بولۇپ بەر قارار بولدۇم.

قاچانكىم باغ ئارا كۆردۇم، تولۇن ئايدەك جامالىڭنى،
تونۇرغا ئوتنى ياققاندەك يۇراقىڭدا كۆيەر بولدۇم.

سەھەرلەر نالىلەر قىلسام، بولۇپ بىر بۇلبۇلى شەيدا،
بۇ كۆڭۈل گۈلزارىدىن سەن سەنەمگە گۈل تىزار بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uygurkitap.com

كېچىلەر ئۇيقۇ يوق كۆزۈمدىن ئاقتى قان ياشلار،
قىلىپ زىكرىڭنى ھەر سائەت بۈيۈك بىر ھەفزىدار بولدۇم.

رەقىبىم قىلسىمۇ قەستلەر، يولۇمدىن داجىماي ھەرگىز،
رەپىققا جان پىدا ئەيلەپ، ئۆلۈشكە ئىختىيار بولدۇم.

رەقىبلەر قەست قىلالمايدۇ، ئىرادەم بولسىلا مەھكەم،
شۇڭا جاق-جاق قەدەم تاشلاپ، نىشانغا ئاتلىنار بولدۇم.

بۈگۈن دىلشاد پۇراقىڭدا بولۇپ مەجنۇنى بىر شەيدا،
سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتمەككە، يولۇڭدا تېز چاپار بولدۇم.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1946-يىلى 7-دېكابىر سانىدا).

## گۈلگە ئەرز

رەنا گۈلۈم قۇلاق سالغىل،
سەندىن سورار سوئالىم بار.
سوئال ئىچرە ساڭا ئەيتار،
دەردۇ-ئەلەم، مۇڭ-زارىم بار.

نېچۈك سەندىن جۇدا بولدۇم،
ئىشقىڭدا مەن سەۋدا بولدۇم.
يۈرەك زەرداپ، قانغا تولدۇم،
بۇ يۈرەكتە چوڭ داغىم بار.

ۋۇجۇدۇمغا ئوت تۇتاشتى،
پىغان — زارىم كۆكتىن ئاشتى.
بەخت قۇشۇم قايان قاچتى،
ھەر يان كۈچلۈك سادايىم بار.

ۋەسلىڭ ئىزدەپ چۆللەر كەزدىم،
رەقىبلەرنىڭ قەستىن سەزدىم.
پىراقىڭدا جاندىن بەزدىم،
ساڭا سالام يازارىم بار.

ئالدىم توستى ياۋلار چىقىپ،
ۋۇجۇدىدىن زەھەر چېچىپ.
توسالمىدى يولۇم رەقىپ،
قوللىرىمدا ئوقيارىم بار.

سۆيگۈنۈم سەن پەقەت بىر گۈل،
يولۇڭدا مەن مىندىم دۇلدۇل.
يىراق ئىكەن ئەجەب بۇ يول،
دۇلدۇلۇمنى چاپارىم بار.

رەقىبلەرنىڭ ئوقى تېگىپ،
ئۆلسەم ئەگەر ئەجەل يېتىپ.
زىيارەت قىل دۇئا قىلىپ،
يول ئۈستىدە مازارىم بار.

سېنى تاپماي تۇرالماسمەن،
سەنسىز تىرىك يۈرەلمەسمەن.
كۆزۈم ئوچۇق كۆرەلمەسمەن،
دىدار ئىزدەش قارارىم بار!

رەھىم قىلغىل ئايا دىلبەر،
سىلىپ ماڭا بىر ئاز نەزەر.
بۇ بەختىمنى قىل مۇنەۋۋەر،
چوغدەك يېنىق خۇمارىم بار.

دىلشات دەرلەر يارنى تاپسام،
يار كۆكسىگە گۈللەر تاقسام.
قۇلى بولۇپ خىزمەت قىلسام،
شۇ چاغ مەڭگۈ باھارىم بار...

(«شىنجاڭ گېزىت» نىڭ 1947-يىلى
17-ماي سانىدىن).

قىلچىنىڭ بىسىدا ئېچىلغان رەيھان،
بەرگىدىن تامچىتىپ تۇرار سۇزۇك قان.
— **مۇختار ئابدۇراخماننىڭ «شائىر» ناملىق شېئىرىدىن**

يانىدۇ كۆڭلۈمدەك ئازاب مەۋسۇمى.
— **مۇختار ئابدۇراخماننىڭ «جەنۇب مەكتۇپلىرى» ناملىق شېئىرىدىن**

موخوركىنىڭ ئىسىدەك گويا،
ئاچچىق-ئاچچىق ئازابلىق كۆز ياش.
ھەسرەت ئوتى يېلىنجايدۇ سۇس،
جۈت-قىشتىكى قۇياشقا ئوخشاش.
— **ئابدۇراخمان تۇردىنىڭ «مۇساپىرمەن تەنھا كوچىدا» ناملىق شېئىرىدىن**

باشلايمەن دەشتىلەرگە يېڭىدىن سەپەر،
تەنھالىق ئۆزۈمگە ئاشكارا دۇنيا.
يېتىمەن ئۈپۈقنىڭ چېكىگە ئاخىر،
مەن ئۇچۇن ھاجەتسىز كۈتۈلۈش قايتا.
— **ئابدۇراخمان تۇردىنىڭ «كۈتۈلۈش ھاجەتسىز قايتا» ناملىق شېئىرىدىن**

گۆرگۈمدا جىسمىدىن ئايرىلغان روھىم.
— **ئابدۇراخمان تۇردىنىڭ «ئىككىنچى چۈش» ناملىق شېئىرىدىن**

يىغلىماقچى بولدۇم چىرايلىق،
كۈلمەكچىمۇ بولدۇم نەچچە رەت.
ئاھ، رەھىمسىز قانخور ئالىمىم،
تەكرارلىدى ئازابنى پەقەت.
— **مۇھەممەت تىياسىن ئوسماننىڭ «مۇڭلىنىش» ناملىق شېئىرىدىن**

ئەقىدەمنى بۇزغۇم كېلەر ئۆزۈمنىڭ،
كەتكۈم كېلەر يىراقلارغا تۇيدۇرماي.
كىم كۆرسەتتى قېنى ماڭا ساداقەت،
ئۆتسەمۇ گەر قەلبىمگە چاڭ قوندۇرماي.
— **مۇھەممەت تىياسىن ئوسماننىڭ «ئەسلەشنى ئۆتۈنسەڭ» ناملىق شېئىرىدىن**

جانىمۇ ۋەتەندە، تەنىمۇ ۋەتەندە،
ۋەتەنسىزلەرنىڭ جېنى يوق تەندە.
— **ئابدۇغىنى ئاقموللىنىڭ «ۋەتەن» ناملىق شېئىرىدىن**

ھايات ئۆزى خەتەرلىك دېڭىز،
كۆكسۈم بىلەن ئۈپۈقلار يارايې.
— **ئابدۇغېنى ئاقموللىنىڭ «ئىلتىجا» ناملىق شېئىرىدىن**

قەسىدەمدە بىر سەنلا ئۆلۈم،
جىغان ئۆسكەن ئەڭ گۈزەل باغرىڭ
ئوخشار گويا ئىللىق قەبرىگە...
— **زۆھرەگۈل ئەخەتنىڭ «كۈتۈش» ناملىق شېئىرىدىن**

ۋەيرانە بەختىنىڭ كۈلەڭگىسىدە،
ئاقماقتا دەريادەك ئازاب كەۋسىرى.
— **زۆھرەگۈل ئەخەتنىڭ «ئۈچىنچى شەخسكە مەرسىيە» ناملىق شېئىرىدىن**

قۇمدەك چەكسىز خىياللىرىمدا
دەريا-دەريا ئاقتىم بىر ساڭا.
— **زۆھرەگۈل ئەخەتنىڭ «جەزىرە» ناملىق شېئىرىدىن**

ھېچكىم بىلمەس قاتقان جەسەتنىڭ،
كەتكىنىنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن
ئەۋلىياغا بىردىن ئۆزگىرىپ...
— **جاپپار شەمشىدىننىڭ «مەست كېچە» ناملىق شېئىرىدىن**

قەلبىمدىكى ئازاب گۈللىرى
بەرق ئۇرۇپ كەتتى ئېچىلىپ،
تەنھالىقنىڭ خىرە نۇرىدا.
— غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «يانۋار،
كېچە سائەت ئىككىدە» ناملىق شېئىرىدىن

قارىغانچە كۆزىگە ئۇنىڭ
ئىچكىرىلەپ كىردىم ئازابقا.
— غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «ئازاب»
ناملىق شېئىرىدىن

مەن بىر شېئىر مۇئەللىپى يوق،
مەن ئۆزۈمنى يازغان روھىمغا؛
ئوقۇمىدى مېنى ھېچ كىشى،
ئوقۇيالماس ئەبەدىي شۇنداق.
— ئابدۇقادىر ئابدۇخالىق شەۋقىنىڭ «مەن
بىر ئىلاھ» ناملىق شېئىرىدىن

روھىڭ گويا كەلكۈندەك كېلىپ
ئىگىللىدى تېنىمنى بىردىن.
— ئەخەت كەلپىن ئىنساننىڭ «روھلار تويى،
بىزنىڭ تويىمىز» ناملىق شېئىرىدىن

مەيلى قۇياش تاغلارغا پاتسۇن
يا دېڭىزغا، نېمە پەرۋايىم؟
مەن بىر قۇياش بولۇپ پاتىمەن
پەقەت سېنىڭ باغرىڭغا يارىم.
— ئەخەت ئابدۇرېھىمنىڭ «مەن پاتىمەن
باغرىڭغا گۈليار» ناملىق شېئىرىدىن

ئەقىدەمنى بۇزغۇم كېلەر ئۆزۈمنىڭ،
كەتكۈم كېلەر يىراقلارغا تۈيدۇرماي.
كىم كۆرسەتتى قېنى ماڭا ساداقەت،
ئۆتسەمۇ مەن قەلبىمگە چاك قوندۇرماي.
— مۇھەممەت تىياسىن ئوسماننىڭ «ئەسلەشنى
ئۆتۈنسەڭ باقارمەن ئويلاپ» ناملىق شېئىرىدىن

قەلبىڭگە تامچىغان يالقۇنلۇق بېشىم
كۆكلەيدۇ سەن تامان بىر غالىب روھقا.
— مۇھەممەت تۇرسۇن ھامۇتنىڭ «غالىب روھ»
ناملىق شېئىرىدىن

يورىتىمەن چاڭقاق روھىمنى
مەن ئازابتىن دەس تۇرغان چاغدا.
كۆكسۈمگە دەل تاشلانغان كەپەر
قانداق چىداپ كەلدىڭ ئازابقا؟...
— مۇھەممەت تۇرسۇن ھامۇتنىڭ «مەڭگۈلۈك
ئاشىق-مەشۇقلار» ناملىق شېئىرىدىن

پوكەيدىكى مەيۈرۈش كەبى
سېنىپ بەردىڭ ماڭا مۇھەببەت.
— ھاتەمجان سايىمنىڭ «غەلىتە كۆنۈش»
ناملىق شېئىرىدىن

قەيەرلەردە يۈرسەن لەيلەپ،
ئاھ تۈنجى قار سېغىندىم سېنى.
سەن ئىدىڭغۇ تۈنجى سۆيگۈنۈم،
قېنى كېلىپ سۆيمەمسەن مېنى.
سەن بىر جۇۋان لەۋلىرى سوغۇق...
— ھاتەمجان سايىمنىڭ «تۈنجى قارنى
سېغىنىش» ناملىق شېئىرىدىن

سەن كۆيلىمە بۇ تۇرقۇمنى شائىرىم،
كۈن ئەمەسمەن، نۇر چېچىشنى بىلمەيمەن.
بۇ ھاياتتا كۆڭلۈم تىخى بەك يېرىم،
گۈل ئەمەسمەن، ئېچىلىشنى بىلمەيمەن.
— ساداقەتجان ھاجىنىڭ «نادانمەن»
ناملىق شېئىرىدىن

چەكسىز سۆيدۈم تەنھا ئۆزۈمنى.
— ھايات نوپۇس مۇھەممەتنىڭ «يانۋارنىڭ
بىرىنچى كۈنى» ناملىق شېئىرىدىن

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «گۈلشەن» بېتىدە يېقىندا كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدا ئاپتور ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى يائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەدەبىي بەس-مۇنازىرىنىڭ «ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر خىل كۈرەش شەكلى ئەمەس، بەلكى ئۇ، بۇ پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىكى بىر خىل دىئالوگ شەكلى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ئالدىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئۆزىنى يېڭىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولغان ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىنى يېڭىلاش ھەققىدە كونكرېت توختالغان.

△ مىللەتلەر نەشرىياتى يېقىندا تۆۋەندىكى ئەدەبىي كىتابلارنى نەشر قىلىپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى:

① «بوستانلار ئارىلاپ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

بۇ كىتاب مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئەڭ يېڭى شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، شائىر ئۆتكۈر نەزەرى بىلەن تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزدە بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى، كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىكى يېڭىلىقلارنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ تىلى جانلىق، ئوخشىتىشلىرى گۈزەل، پىكرى يېڭىچە، تەسەۋۋۇرى مول، ھېسسىياتى جۇشقۇن، ئۇسلۇبى ھەر خىل، ئالاھىدىلىكى روشەن بولۇپ، ھەر بىر شېئىردا شائىرنىڭ ۋەتەن-خەلقنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ھەر ۋاقىت خەلق غېمىنى يەيدىغان قايناق قەلبى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ جۇشقۇن شېئىرلار كىتابخانلارغا كۈچلۈك بەدىئىي زوق ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

② «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرى» (1-قىسىم).

بۇ كىتابقا دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، بەدىئىي جەھەتتىكى ئۈزلۈكى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىن شۇ يازغۇچىلارنىڭ مول بىلىمى، ئىجادىي تەجرىبىسى يازغۇچىلىرىمىز ئۈچۈن تەتقىق قىلىش ۋە ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇ كىتابقا يەتتە يازغۇچىنىڭ توققۇز پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى چەت ئەل تەرجىمە پروزىسى كەم بولۇشتەك زور بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بېسىلغان دەسلەپكى بىر قەدەم.

③ «خەسىس ئىلھام» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

بۇ كىتاب تالانتلىق ياش شائىر يۈسۈپجان ئەخمىدىنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان ئەڭ يېڭى شېئىرلىرى بولۇپ، بۇ شېئىرلار پەلسەپىۋى پىكىر ۋە لىرىك ھېسسىياتقا باي، تىلى ئىخچام، ئوبرازلىق، جانلىق، ھەر بىر شېئىردا بىر يېڭى پىكىر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. كىتاب يۇقىرقى ئالاھىدىلىكى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالايدۇ شۇنداقلا ئاجايىپ گۈزەل، رەڭدار شېئىرىيەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ.

④ «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلەردە ھارارەتلىك ماكان تۇرپاندا يېتىشىپ چىققان ئەزىمەتلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى يەنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت دەۋر روھىغا ماسلىشىپ، كونا كۆزقاراش، ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇپ، بېيىش يولىدا دادىل قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئىسلاھاتچىلارنىڭ يارقىن ئوبرازى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

تىلى ئاممىباب ۋە يۇمۇرىستىك. كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە بەدىئىي ۋە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالايدۇ.

⑤ «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «شورلۇق دالا» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى.

بۇ توپلام ساتتار توختى، جېلىل مۇھەممەتنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، ئەسەرلەر سىزنى ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىق ۋە بۇ ئاجىزلىقلارنى يېڭىشنىڭ زۆرۈرلىكى، نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، تۇرمۇشتىكى ئادالەتسىزلىكلەر، ھاياتنىڭ گۈزەللىكى قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماي بەلكى، ۋۇجۇدىڭىزنى لەرزىگە سالغان تۈگىمەس سوئاللار قايىنمىدىن بىراقلا ھەققانىيەتنىڭ ھامان ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن غەلبە قىلىدىغانلىقىدەك يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرىدۇ. ئەسەرنى ئوقۇسىڭىز ئەسەردىكى چۈچۈك تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىك، يۇمۇرىستىك توقۇنۇشلار ئۇزۇن يىللار يەلكىڭىزنى بېسىپ تۇرغان تاشنى بىردىنلا ئىرغىتىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالىسىز. ئەسەر يەنە سىزنىڭ ھاياتقا، گۈزەل تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

△ يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بىر قىسىم ئەدەبىي كىتابلىرىنى نەشر قىلىپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى:

① «غېرىب-سەنەم» داستانى.

بۇ داستاننى مەتقاسىم ئابدۇراخمان نەشرگە تەييارلىغان بولۇپ، بۇ ئەسلى داستاننىڭ يېڭىدىن تېپىلغان، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئەڭ يېڭى مۇكەممەل ۋارىيانتى. داستان قۇرۇلما جەھەتتىن ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، تەسىرلىك ئىشقى-مۇھەببەت ۋەقەلىكى راۋان تىل ئارقىلىق بايان شەكلىدە، پېرسونازلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمە، ھېس-تۇيغۇلىرى بولسا گۈزەل نەزمىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. داستاننىڭ تىلى ئاممىباب بولۇپ قەدىمىيلىكى بىلەن مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

② «بۆشۈك ۋە قەبرە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

بۇ توپلام كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشلۇق بولغان شائىر ۋە ژۇرنالىست تۇرسۇن نىيازنىڭ 3-شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، شېئىرلار سىزگە گۈزەللىك بەخش ئېتىپلا قالماي، سىزنىڭ ئىچكى دۇنيایىڭىز بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. قىسقىسى بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ سالماق-ۋەزنى، بەلگىلىك بەدىئىي سەۋىيىسى سىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىڭىزنى بېيىتىدۇ.

③ «ئويناق كۆزلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

بۇ توپلامغا شائىر ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر بىلەن ئەركىن داۋۇتنىڭ بىر قىسىم تاللانغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شېئىرلاردا يېڭى پىكىر جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇسلۇبى يېڭى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، كۆز ئالدىڭىزدا ساددا ۋە تەبىئىي ئوبرازلارنىڭ يارقىن سۈرىتى گەۋدىلىنىدۇ. سىزنى گۈزەل ئەسلىمىلەر قوينىغا باشلاپ، پەلسەپىۋى پىكىرلەر، تەپەككۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، ۋۇجۇدىڭىزغا بىر خىل ئىللىق سېزىم ئاتا قىلىدۇ.

△ جۇڭگو-روسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. 18-ئەسىردىلا روسىيەدىكى تۇنجى خەنزۇشۇناس روسسوشى جۇڭگونىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

1917-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى تەرجىمە خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولغان. خەنزۇشۇناسلار شۇ دەۋرلەردە «شېئىرنامە»، «غەربكە ساياھەت»، «AQ نىڭ تەرجىمىھالى»، «يۈرتۈم» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى، 30-يىللاردا ماۋدۇننىڭ «تۈن يانغاندا» رومانىنى تەرجىمە قىلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا جۇڭگو ئەدەبىياتى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. 50-يىللاردا «بەي جۈيى شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «لى بەي شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «دۇ فۇ شېئىرلىرىدىن تاللانما» ۋە جۇڭگونىڭ كلاسسىك مەشھۇر ئەسىرى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق ئەسەرلەر، بۈگۈنكى دەۋر يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدىن

«لۇشۇن توپلاملىرى»، «گومورو توپلاملىرى»، «ماۋدۇن توپلاملىرى»، «لاۋشې توپلاملىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغان.

80-يىللارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە سوۋېت نەشرىياتچىلىقى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە جۇڭگو ئەدەبىياتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، «جۇڭگو ئەدەبىي كىتابلىرى» دىن 40 نەچچىنى نەشر پىلانىغا كىرگۈزگەنىدى.

△ داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئەيۋىن ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەيۋىن ئەدەبىياتى مۇكاپاتى خەلق تەسىس قىلغان بىر خىل مۇكاپات تۈرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى يولغا قويغاندىن بويان ئەدەبىيات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى. يۈەن يىڭ، لى گوۋېن قاتارلىق يازغۇچى، ئوبزورچى، تەھرىردىن تەشكىللەنگەن 2-نۆۋەتلىك ئەيۋىن ئەدەبىياتى مۇكاپاتى باھالاش ھەيئىتى، بۇ قېتىمقى مۇكاپات ۋاڭ مېڭنىڭ 40 يىلدىن بېرى ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي تەتقىقات، نەزەرىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن بېرىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

△ مىسىر «ئەدەبىيات ئۇچۇرلىرى گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، مىسىر يېقىندا ئۈچ يۈرۈش كىتابنى تارقىتىشنى قارار قىلغان. ئۇلار «ئىنسانىيەت مىراسلىرى مەجمۇئەسى»، «ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى جەۋھەرلەر مەجمۇئەسى»، «ئەرەب ئىدىيىسى مەجمۇئەسى» قاتارلىق تېمىلاردىكى يۈرۈشلەشكەن كىتابلار بولۇپ، «ئىنسانىيەت مىراسلىرى مەجمۇئەسى» گە «ئىلىيادا»، «ئىدىپۇس شاھ»، «شېئىرىيەت سەنئىتى»، «سوقرات ۋە كوڭزىنىڭ سۆھبەتلىرى» قاتارلىق 50 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ «ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى جەۋھەرلەر مەجمۇئەسى» گە مىسىر ۋە ئەرەب ئەللىرىدىكى 20 نەچچە داڭلىق يازغۇچىلار، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ «ئەرەب ئىدىيىسى مەجمۇئەسى» گە ئاكادې، ساراۋەن مۇسا، رافېي قاتارلىق ئىجادىي ئىدىيىگە ئىگە زاتلارنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

△ ئەنگلىيە دراماتورگى ۋە شائىرى ھارود پىنتىر 1995-يىلى يەنە بىر قېتىم دەۋىي كېيىن ئەنگلىيە ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ مۇكاپات ئەنگلىيىدە ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇكاپات سوممىسى ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات بولۇپ، پىنتىر 30 مىڭ فونت ستېرلىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن سىرت ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ياش سەنئەتكارلارنىڭ پائالىيىتىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن يەنە 10 مىڭ فونت ستېرلىڭغا ئېرىشكەن.

پىنتىر كىچىكىدىلا جامىس جويىس، د. ھ. لاۋرېنىس، دوستويېۋسكىي، ۋېرگىنىيە ۋۇلف، ئارتۇر رامبو، يېتىز قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان ھەمدە كېيىنچە بېككېتنىڭ زور تەسىرىنى قوبۇل قىلغان.

△ يېقىندا ئەنگلىيە يازغۇچىسى سالمان راشدىنىڭ يەنە بىر رومانى «ماۋىرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەسرىتى» نەشر قىلىندى. بۇ راشدىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، يەر ئاستىدا ئۆيدە تۇرۇپ نەشر قىلدۇرغان ئىككىنچى رومانى. (بىرىنچى ئەسىرى «ھارۇن بىلەن چۆچەك» ناملىق كىتاب ئىدى).

كىشىلەر ئەسلىدە راشدىنىڭ يېڭى ئەسىرىنى ئۆزىنىڭ ھالىتىگە ئېچىنىپ، غەزەپلىنىپ يازغان ئەسەر بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقانىدى. بىراق، كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرگىنى بۇ ئەسەردە دەپسەندە قىلىنغان مۇھەببەت ۋەقەسىنىڭ تەسۋىرلىنىشى بولدى.

بۇ 400 بەتتىن ئارتۇق كىتابنىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، جەلپ قىلارلىقى يۇقىرى بولۇپ، بىرنەچچە ئېغىز ئاددىي جۈملە ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مول مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئوبزورچىلار بۇ ئەسەر راشدى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىتىدۇ ۋە ئېستېتىك لەززەت بەخش ئېتىدۇ، دەپ قارىدى.

www.uyghurkitap.com

△ نانشى تەيلېر روسېنبېرگ 40 نەچچە يىلدىن كېيىن بىردىنلا بازىرى ئىتتىك [illegible] يازغۇچىسغا ئايلاندى. ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «تەڭرى كەچۈرۈم قىلغان ئايال» [illegible] ئىككىنچى ئەسىرى «كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەت» نى جىنپ نەشرىيات گۇرۇھىنىڭ دەندۈن شىركىتى ئۇنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ئەڭ يۇقىرى باھادا، يەنى 787 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالدى. ئامېرىكا ئۇچ يۇلتۇز كىنو تىجارەت شىركىتى 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا «تەڭرى كەچۈرۈم قىلغان ئايال» نىڭ كىنو نەشر ھوقۇقىنى سېتىۋالدى. ھازىر ئاللقاچان بەش پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان نانشى ئەنگلىيە ئەدەبىياتى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇدا بەش يىل فوتو سۈرەت مودېلى بولغان. كېيىن ئۇ يەنە داشۆگە كىرىپ قاتىللىق ئىلمى كەسپىنى ئۆگەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ داراس شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى، يېڭى مېكسىكا باش ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن.

نانشى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن ئىلمىنى تەتقىق قىلىپ، شۇ جەرياندا تۇنجى ئەسىرى «تەڭرى كەچۈرۈم قىلغان ئايال» نى يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا بىر ئايال ساقچىنىڭ 13 ياشلىق بىر قىزنىڭ زورلاۋانلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن قىساس ئېلىش جەريانىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قانۇننىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئېچىپ بەرگەن. رومان تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، كىتابخانلارنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ.



«تەڭرىتاغ»
1996-يىل 4-سان

Tangritag TwoMonthly Literature
journal In Uygur Language

《天尔塔格》文学双月刊
1996 年 第 4 期

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2819490، 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83-58

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路 16 号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
(782信箱)
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

پارچە سېتىلىشى: 2.20يۈەن
零售价：2.20 元

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۆسمۈر باللارنىڭ سىزما رەسىم كۆرگەزمىسىدىن تاللانما

新和县青少年画展选













ISSN 1004-1745
9 771004 174004 07>



